جۇڭگو - چەت ئەل مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىش

چارلس خانايىر [ئامېرىكا]

# دۇنيادىكى ئاجايىپ 24 سائەت

## (2)

ھەرقانداق مەسىلىنىڭ جاۋابى بۇ يەردە:

ھەرقاندا ئادەم ئۈچۈن بىر ئىلھام:

مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكۈچىلەر ئۈچۈن بىر ئەندىزە.



MENTAL CHEMISTRY

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

جۇڭگو - چەت ئەل مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىش

دۇنيادىكى ئاجايىپ 24 سائەت (2)

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى



بۇ كىتاب ھەممىلا ئادەم ئۈچۈن يېزىلغان ئەمەس، ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتى مال تونۇيدىغانلارغا ۋە كىتابنى تۈگىتىپ ئوقۇيالايدىغانلارغا مەنسۇپ.

- ھەربىر ئادەمدە بىباھا ئىقتىدار بولىدۇ، بۇ ئىقتىدار قەلبىڭىزنىڭ چوڭقۇر قېتىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ ھەمدە سىزنىڭ ئېچىشىڭىزنى، تەتبىقلىشىڭىزنى، ئەمەلگە ئاشۇرۇشىڭىزنى كۈتىدۇ، ھالبۇكى، «دۇنيادىكى ئاجايىپ پىسخىكىلىق سائەت» دېگەن بۇ كىتاب سىزنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىڭىزنى ئويغىتىشىڭىزدىكى ئەڭ ياخشى ئوقۇشلۇقتۇر.

- سىز باشقىلاردىن نەچچە ھەسسە كۆپ پۇل تاپالمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئىقتىدارىڭىز باشقىلارغا يەتمەيدىغان ئادەم ئەمەسسىز، بەلكى شېرىن خىياللىرىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ۋاستىسىنى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئىگىلىمىگەنسىز.

- سىز مېڭىڭىزنى مەشغۇلەندۈرۈشىڭىز، زېھنىڭىزنى يىغىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز، تۇرمۇشىڭىزدىكى گۇمان، تەشۋىش ۋە قورقۇنچلارنى يوقىتىشىڭىز، ئارزۇيىڭىز بىلەن نىشانىڭىزنىڭ چەك - چېگراسىنى ئېنىق بېكىتىشىڭىز كېرەك. شۇندىلا سىز ئىچىڭىزدىكى مىسلىسىز كۈچ - قۇدرەتنى تاپالايسىز ھەمدە مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇتۇق ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلەيسىز.

يەككە باھاسى
16 يۈەن

ISBN 978-7-80744-966-9
9 787807 449669
定价：56.00元（全三册）

# دۇنيادىكى ئاجايىپ 24 ساۋاق

THE MASTER KEY SYSTEM

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

دۇنيادا ھەممىلا ئادەم موھتاج بولىدىغان ۋە تەلەپ قىلىدىغان ئۈچ خىل نەرسە بار: ئۇ بولسىمۇ بايلىق، ساغلاملىق ۋە مۇھەببەتتۇر.

ھەممە نەرسە مۇشۇ ئۈچىدىن ئايىنىپ چىققان، شۇ تاپتا سىز بايلىق، ساغلاملىق ۋە مۇھەببەتكە نائىل بولۇۋاتىسىز. مەن ئاغزىمغا كەلگىنىچە ماختايدىغانلاردىن ئەمەس... شۇڭا دېمەكچى بولغانلىرىمنىڭ ھەممىسى ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە:

ئىنسانىيەتنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئىستىكىدىكى يوللىرىمدا مەن ئۇچراتقان ئەڭ قالتىس ئەسەر. ئەجەبا ئۇ سىز ئۈچۈن مۇھىم ئەمەسمۇ؟

جۇڭگو - چەت ئەل مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىش

چارلس خانايىر [ئامېرىكا]

# دۇنيادىكى ئاجايىپ 24 ساۋاق

# (2)

تەرجىمە قىلغۇچى: مېھرىبان مەتىمىن



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

www.ughurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

世界上最神奇的 24 堂课：维吾尔文/(美)哈奈尔著，福源汉译；伊得力斯·奴如拉维译. —乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社；新疆电子音像出版社，2010. 3
(中外名作欣赏)
ISBN 978-7-80744-966-9

I. ①世… II. ①哈… ②福… ③伊… III. ①成功心理学—通俗读物—维吾尔语(中国少数民族语言) IV. ①B848. 4-49

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2010)第 041857 号

丛 书 名　中外名作欣赏
书　　名　世界上最神奇的 24 堂课（中）
作　　者　查尔斯·哈奈尔[美国]
译　　者　美合丽班·买买提明
策　　划　艾尔肯·伊布拉音·湃达
责任编辑　迪丽努尔·阿布都热合曼
特约编辑　艾尔肯·伊布拉音·湃达
责任校对　买哈巴·买买提
特约编辑　阿布都热依木·阿不力米提
封面设计　祖里喀尔设计
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路 36 号
邮　　编　830000
电　　话　0991-8888763
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　乌鲁木齐昊坤彩印有限公司
开　　本　880mm×1230mm　1/32
印　　张　6.5
版　　次　2010 年 3 月第 1 版
印　　次　2011 年 5 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-80744-966-9
总 定 价　56.00 元（全三册）

# ئەڭ زور بايلىق

سىز بەلكىم نۇرغۇن داڭلىق شەخسلەرنىڭ پۇل تېپىشقا ئالاقىدار ھېكايىلىرىنى بىلىشىڭىز مۇمكىن . كارنىگدىن تارتىپ روكفېللىر ، تېرانپو ، بىل . گايتسقىچە ھەممىسىنىڭ نۇرغۇن ئوخشاشلىق تەرەپلىرى بار .

بىرىنچى ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك قۇرۇق قول ئىش باشلىغان .

ئىككىنچى ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇر ـ تەپەككۇرىغا تايىنىپ تىجارىتىنى ئىنچىكە چۈشەنگەن .

ئۈچىنچى ، ئۇلار بايلىق قانۇنىيىتى ۋە تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىنى ئېتىراپ قىلغان . بۇلار (قائىدىلەر ) ئۇ كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ ئىدىيەسىنى كونكرېتلاشتۇرىدىغان (كونكرېت ئېلىپ بارىدىغان ) ئۇسۇل ۋە ۋاقىت بىلەن تەمىنلىگەن .

تۆتىنچى ، ئۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇلار پىلانىنىڭ پۈتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆز ھەرىكىتىنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولغان (ھەرىكەت قوللانغان ) .

ئۇلارنىڭ قايسىبىرى بولسۇن ، ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىدىن پايدىلانمىغان ، ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان كۈچنى تونۇپ يەتمىگەن بولسا چوقۇم مەغلۇپ بولغان بولاتتى ، بۇ خۇددى قۇياشنىڭ ھەر كۈنى شەرقتىن كۆتۈرۈلگىنىگە ئوخشاش مۇقەررەر ئىش .

سىز بەلكىم نۇرغۇن ئۇتۇق قازانغۇچىلارنىڭ ئىنتايىن ئەقىللىق ياكى تۇغما تالانتلىق ئەمەسلىكىگە دىققەت قىلغان بولۇشىڭىز مۇمكىن .

ئۇتۇق قازانغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ ئۆز غايىسىنى (ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ) ئەمەلگە ئاشۇرالىشى ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ پارا-

www.uyghurkitap.com

سەتلىك ۋە ياكى تالانتلىق بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزروھىيىتىدىكى يوشۇرۇن كۈچتىن پايدىلىنىپ ئىگىز چوققىغا يامىشىشقا ئىنتىلگەنلىكىدە.

ئېمىنى تاللاش ئېنىق بولدى: ئۆزىڭىزنىڭ ساغلاملىق، بايلىق، بەختتىن ئىبارەت ئارزۇ - ئارمانلىرىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرالماقچى بولسىڭىز چوقوم ئۆزىڭىزدە بار بولغان، ئۆزىڭىز مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلالايدىغان يوشۇرۇن كۈچىڭىزدىن پايدىلىنىشنى بىلىشىڭىز كېرەك. ... سىز «دۇنيادىكى ئاجايىپ 24 ساۋاق» (ئۆزىنى قېزىش) قا موھتاج.

تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئۈچ خىل تاللاش

سىز بۇ كىتابنى ئوقۇغاندا ئۆزىڭىز دۇچ كېلىدىغان بارلىق پۇرسەتلەردىن قانداق پايدىلىنىسىز؟

بىرىنچى خىل ئۇسۇل: دەرەخ تۈۋىدە توشقان كۈتۈش — مەلۇم بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى ئۈمىد قىلىش ۋە ئارزۇلاش ئۆزى ئارزۇ قىلغان نەرسىگە ئېرىشىش. كۆپلىگەن كىشىلەر مۇشۇنداق قىلغان، سىز ئۇلارنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈپ بېقىڭ. ئۇلار ۋاقىت ئۆتكەنسېرى تېخىمۇ ياخشى نەرسىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، لېكىن بۇ نەرسە ئەزەلدىن پەيدا بولۇپ باقمىغان. ئۇلار مۇشۇنداق قىلىپ بىر ئۆمۈر تىركەشسىمۇ ئېرىشىدىغىنى كۆپىنچە ھاللاردا ناھايىتى ئاز بولىدۇ.

بەلكىم سىز ئۇنداق ئادەم بولماسلىقىڭىز مۇمكىن، ئۇنداق بولسا، بۇ خىل ئۇسۇلنى روھىيىتىمىزدىن چىقىرىپ تاشلايلى.

ئىككىنچى خىلى ئۆزىنى بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان ئۇسۇل، يەنى قېتىرقىنىپ (تىرىشىپ) خىزمەت قىلىش — ئىنتايىن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش. ئەلۋەتتە، قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش ئالىيجانابلىق، شۇنداقلا مۇۋەپپەقىيەت ۋە بەختنىڭ تۈپ سەۋەبى لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ بارلىق مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ھەممىسى ۋە مەقستى ئەمەس. سىز بەلكىم ئايلاپ - يىللاپ خىزمەت قىلىدىغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك

ئىسمىنا قوشۇپ نورمىدىن ئارتۇق خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى ، ھەتتا
ئىككىنچى خىل خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى بىلىشىڭىز
مۇمكىن . لېكىن ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتىن ئېرىشىدىغىنى ھەتتا بىد-
كار تەلەپ ، خىيالپەرەس ئادەملەرنىڭكىگىمۇ يەتمەيدۇ . بۇ ھەقىقە-
تەن ئېچىنارلىق ئىش ، لېكىن بۇ ھەقىقەت .

سىز ھەر كۈنى مۇنداق ھېكايە ياكى خەۋەرلەرنى ئاڭلايسىز :
بىر ئادەم ئۆمۈر بويى بىر شىركەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ ، دەم
ئېلىشقا چىقىشقا بىرنەچچە يىل قالغاندا «خىزمەتچى قىسقارتىش»
دېگەن نەتىجىگە ئېرىشىدۇ ؛ ياكى ئىنتايىن بېرىلىپ ئىشلەپ ئۆزد-
نى بالدۇرلا تۇپراققا مەھكۇم قىلىدۇ . شۇنىڭغا قارىغاندا ، ئىككىن-
چى خىل ئۇسۇل بىرىنچى خىل ئۇسۇلدىن ئانچە چوڭ پەرقلىنىپ
كەتمەيدىكەن .

سىزنىڭ ئۆزىڭىز ئارزۇ قىلغان نەرسىگە ئېرىشەلەيدىغان ،
ئۆز نىشانىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان ئۈچىنچى خىل ئۇسۇل
ئۆزىڭىزنىڭ ئەقىل - ئىدراكىڭىزنى ئىشلىتىپ دەل جايىدا تەپەك-
كۇر قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشتىن ئىبارەت . بۇ ئارقىلىق سىز ئۆز
ئالدىڭىزغا بىر تەرەپ قىلالايدىغان «ئەڭ زور بايلىق» تىن پايدىلى-
نىشنى ئۆگىنىۋالالايسىز .

سىز ئىدىيەڭىزنى مەركەزلەشتۈرگەن ۋە ئۇنى رېئاللىققا ئاي-
لاندۇرغان ۋاقىتتا ، ئۆزىڭىز ئارزۇ قىلغان نەرسىنىڭ سىزدىن بەك
يىراقتا ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتەلەيسىز .

بۇ ساۋاقلارنى ئۆگەنگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ قىممىتى-
نىڭ مۆلچەرلىگۈسىز ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ . ئۇلار : باياشاتچىلىق
كائىناتنىڭ تەبئىي قانۇنىيىتى — بۇ قانۇنىيەتتىن پايدىلىنىشنى
بىلىۋېلىش ، ئۇلارنى مەغلۇبىيەتتىن مۇۋەپپەقىيەتكە باشلاشقا ئېھ-
تىياجلىق بولغان ھەممە نەرسىنى بىلىۋالغانلىق بولۇپ ھېسابلىنى-
دۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## مۇندەرىجە

1 ـ ساۋاق : پىكىر يۈرگۈزۈشنى بىلگەندە يېڭىلىق يارىتىشنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ ............ 1
2 ـ ساۋاق : ئىدىيە بولغانلىقى ئۈچۈنلا ھەممە نەرسە ئوخشىمايدۇ .............................. 12
3 ـ ساۋاق : مۇكەممەل كىشىلىك ھاياتنىڭ ئۇلۇغ قانۇنىيىتى — تارتىش كۈچى قائىدىسى... 27
4 ـ ساۋاق : مەقسەت بارلىق ھەرىكەتنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان مەركەز ........................ 38
5 ـ ساۋاق : ئىچكى جەھەتتىكى باياشاتچىلىق سىرتقى جەھەتتىكى بايلىقنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.... 56
6 ـ ساۋاق : مۇۋەپپەقىيەت مۇۋەپپەقىيەتكە ئىنتىلىدىغان قوزغاتقۇچ ئامىلغا موھتاج ................ 74
7 ـ ساۋاق : ئۆزئارا مەنپەئەتلىنىش بايلىقنى كۆپەيتىدۇ ... 85
8 ـ ساۋاق : سىز راستتىنلا پىكىر قىلىشنى بىلەمسىز ؟ ... 99
9 ـ ساۋاق : ئىچكى ئېتىقاد ساغلاملىقنىڭ ئاساسى ... 114
10 ـ ساۋاق : سالامەتلىك نورمال كەيپىياتقا موھتاج ...... 127
11 ـ ساۋاق : سىز چوقۇم پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ ........................ 137
12 ـ ساۋاق : ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ پىسخىك دوختۇرى ... 152
13 ـ ساۋاق : گۈزەل مەنىۋى مەنزىرىنى خىيال قىلىڭ ... 166

14 ـ ساۋاق : سىزنىڭ ئۈمىد قىلىدىغىنىڭىز دەل
سىزنىڭ ئېرىشمەكچى بولغىنىڭىزدۇر...... 175
15 ـ ساۋاق : قەلبىڭىز پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىقلا
بېيىپ بارىدۇ ........................... 185
16 ـ ساۋاق : تىلەش ئارقىلىق ئۈمىدنى يېتىلدۈرۈڭ... 191



www.uyghurkitap.com

# 1 ـ ساۋاق : پىكىر يۈرگۈزۈشنى بىلگەندە ، يېڭىلىق يارىتىشنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ

1 . مۇرەككەپلىك ئاددىيلىقتىن تەركىب تاپىدۇ . تەسەۋۋۇرغا سىغمىدىغانلىكى سان ـ سىپىر ئەرەب رەقىمى 1 ، 2 ، 3 ، 4 ، 5 ، 6 ، 7 ، 8 ، 9 ، 0 دىن تەركىب تاپىدۇ . تەسەۋۋۇرغا سىغمىدىغان ھەرقانداق ئىدىيە ئالغاۋىد جەدۋىلىدىكى ھەرپلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . تەسەۋۋۇرغا سىغمىدىغان ھەرقانداق ئىش بىرقانچە ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ .

2 . بۇ ھەرگىز بىزنىڭ دۇنيايىمىزنىڭ ئاددىيلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ . 0 بىلەن 1 ئاددىي ، لېكىن ئۇلار رەڭگارەڭ ئېچىۋېتىلگەن ئىنتېرنېت بوشلۇقىنى ھاسىل قىلىدۇ .

3 . ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق ئېلېمېنت بىرىككەندە يېڭى بىر خىل ماددا ھاسىل بولىدۇ . بۇ يېڭى پەيدا بولغان ماددىنىڭ ئالاھىدىلىكى بۇنى تەشكىل قىلغان ئېلېمېنتلاردا بولمايدۇ . شۇڭلاشقا بىر ناترىي ئاتومى بىلەن بىر خىلور ئاتومى تۇزنى ھاسىل قىلىدۇ . بۇ ناترىي ياكى خىلورغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان بىر خىل ماددا . شۇنداقلا مۇشۇ خىل بىرىكىشلا تۇزنى ھاسىل قىلالايدۇ . باشقا ھەرقانداق ئېلېمېنتنىڭ خىمىيەلىك بىرىكىشى تۇزنى ھاسىل قىلالمايدۇ .

4 . ئانئورگانىك دۇنيادىكى توغرا بولغان نەرسە ئورگانىك ساھەگە ئوخشاشلا ماس كېلىدۇ . مەلۇم مەقسەتلىك جەريان مەلۇم خىل نەتىجىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ . يەنە كېلىپ بۇ خىل نەتىجە داۋاملىق ئوخشاش بولىدۇ . مەلۇم خىل ئوي ـ پىكىر ئالاھىدە نەتىجىگە ئىزچىل يانداشقان بولىدۇ . باشقا ھەرقانداق ئوي ـ پىكىر بۇ خىل نەتىجىنى بارلىققا كەلتۈرەلمەيدۇ . باشقا نەتىجىنى بارلىققا

كەلتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلالمايدۇ .

5 . بۇ يەردە بىز مۇھىم بىر ئۇقۇمنى قىستۇرۇپ ئۆتىمىز . ئۇ بولسىمۇ مەنىۋى خىمىيە . خىمىيە ماددىلارنىڭ ھەرخىل تەسىرى ئاستىدا يۈز بەرگەن ئاتوم ياكى مولېكۇلالارنىڭ ئىچكى ئۆزگىرىشىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان پەن . مەنىۋىيەتكە مۇنداق دەپ ئېنىقلىما بېرىلگەن : مەنىۋىيەت ياكى ئەقلىي قابىلىيەت ، ھېس - تۇيغۇ ۋە ئىرادىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، ياكى ئۇ پۈتۈنلەي ئەقىل-ئىدراكقىلا مەنسۇپ بولىدۇ .

6 . ئىلىم - پەن ئىنچىكە كۆزىتىش ۋە توغرا مۇلاھىزە ئارقىلىق ئېرىشىلگەن ۋە تەكشۈرۈلۈپ سىناقتىن ئۆتكەن بىلىم . شۇڭلاشقا ، مەنىۋى خىمىيە ماددىي مۇھىتتىكى ئوي - پىكىرنىڭ رولى ئارقىلىق پەيدا بولغان ئۆزگىرىشنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ، شۇنداقلا ئىنچىكە كۆزىتىش ۋە توغرا مۇلاھىزە ئارقىلىق ، تەكشۈرۈلۈپ سىناقتىن ئۆتۈشكە تېگىشلىك پەن .

7 . قوللىنىشچان خىمىيەدە يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىشلەر ماددىنىڭ تەرتىپلىك بىرىكىشىنىڭ نەتىجىسى بولغانغا ئوخشاش ، مەنىۋى خىمىيەدە يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىشلەرمۇ مۇشۇ خىل ئۇسۇل بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ . بۇنىڭدىن شۇبھىلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق . چۈنكى ، پىرىنسىپنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان شەرتلەرگە بېقىنمايدۇ . ئۇلار مۇستەقىل ، يەنە كېلىپ تۇراقلىق . يورۇقلۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ، بولمىسا كۆزنىڭ كېرىكى قالمايتتى . ئاۋازمۇ مۇقەررەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ، بولمىسا قۇلاقنىڭ كېرىكى قالمايتتى . ئوي - پىكىرمۇ مۇقەررەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ، بولمىسا مېڭىنىڭمۇ لازىمى قالمىغان بولاتتى . لېكىن ، يەككە تەركىبىنىڭ خورىماسلىقىدا كۈچ روشەن ئىپادىلىنىدۇ ، خۇددى ئىدىيەنىڭ بىرىكىشى چەكسىز كۆپ خىل ئېھتىماللىق بار بولغاندەك نەتىجىمۇ چەكسىز كۆپ خىل شارائىت ۋە كەچۈرمىش ئىچىدە ئايان بولىدۇ .

8 . شۇڭلاشقا ، مەنىۋى رول شەخس بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ماس

كېلىدىغان ئىدىيەنىڭ ئۆزئارا تەسىرىدىن بولىدۇ . بۇ هال ئومۇم-
يۈزلۈك ئۈيغۇن كېلىدىغان ئىدىيە ھەممە بوشلۇقتا تارقىلىپ ،
بارلىق مەۋجۇداتقا ئەقىل - ئىدراك ئاتا قىلغانغا ئوخشاپ كېتىدۇ .
بۇ خىل «ئۇنىۋېرسال خىمىك» دەپ ئاتىلىدىغان روھنىڭ رول ۋە
ئەكس تەسىرى سەۋەب - نەتىجە قائىدىسىدىن ئىبارەت . سەۋەب -
نەتىجە قانۇنىيىتى شەخسىنىڭ ئوي - پىكرىدىن بولماستىن ، ئومۇم-
يۈزلۈك ماس كېلىدىغان پىرىنسىپ ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ . ئۇنى
بىر خىل ئوبيېكتىپ ئىقتىدار دېگەندىن كۆرە ، بىر خىل سۇبيېك-
تىپ جەريان دېگەن تۈزۈك . بۇ پىرىنسىپ ھەممە يەرگە ماس
كېلىدۇ .

9 . مەنىۋى خىمىيەدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق هايۋانات ۋە
ئادەم بەدىنىدىكى ئورگانىك قۇرۇلمىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ .
پىروتوپلازما هۈجەيرىسى يورۇقلۇقتا ئىنتىلىدۇ . شۇنداقلا ئۇنىڭ
ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى تارقىتىدۇ . بۇ خىل ھەرىكەتلەندۈر-
گۈچ كۈچ تەدرىجىي هالدا كۆزنى هاسىل قىلىدۇ . بىر خىل بۇغا
بار بولۇپ ، ئۇنىڭغا ئوزۇق بولىدىغان دەرەخ شاخلىرى ناھايىتى
ئېگىز ئىدى ، شۇڭلاشقا ، ئۇ بويىنىنى توختىماستىن ئۆزى ياخشى
كۆرىدىغان دەرەخ شاخلىرىغا سوزغان - دە ، بىر هۈجەيرىنىڭ
كەينىدىن بىر هۈجەيرە توپلىنىپ ، زىراپىنىڭ بوينى هاسىل بول-
غان . قوش ماكانلىق يەر بېغىرلىغۇچى هايۋانلار سۇ يۈزىدە ئەر-
كىن پەرۋاز قىلىشقا ئىنتىلگەن . شۇ سەۋەبلىك قانات هاسىل
بولۇپ ، ئۇلار قۇشقا ئايلانغان .

10 . ئۆسۈملۈك تېنىدە ياشايدىغان پارازىت قۇرت ئۈستىدە
ئېلىپ بېرىلغان تەجرىبىدىن مەلۇم بولۇشىچە ، ئەڭ تۆۋەن دەرىجى-
لىك هاياتلىقمۇ مەنىۋى خىمىيەدىن پايدىلىنىدىكەن . دوكفېللىرياك
لوب دوكتوردىن مۇنداق بىر تەجرىبىنى ئۆگىنىۋالغان . ئۇ ماتېرى-
يالغا ئېرىشىش ئۈچۈن تەشتەككە تېرىلغان ئەتىرگۈلنى بىر قانىتى
يېپىشقلىق دېرىزىنىڭ ئالدىغا قويغان . ئۆسۈملۈك قۇرۇپ كەتكەندىن
كېيىن ئەسلىدە قانىتى بولمىغان كۆكپىت قاناتلىق هاشاراتقا ئۆز-

گەرگەن . ئاندىن ئۆسمۈلۈكتىن ئايرىلىپ دىرىزە تەرەپكە قاراپ
ئۈچقان ھەمدە ئەينەكنى بويلاپ يۇقىرىغا ئۆرلىگەن . ناھايىتى ئىپ-
تىقكى ، بۇ كىچىك قۇرتلار ئوزۇقلۇق ئىلىپ كۆپىيىدىغان ئۆسۈما-
لۈك ئۇلارنى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلىيەلمىگەن ، ئۇلارنىڭ
ئۆز - ئۆزىنى قۇتقۇزۇشتىكى بىردىنبىر ئامالى ۋاقىتلىق قانات
چىقىرىپ يىراقلارغا ئۇچۇپ كىتىش ئىدى ، نەتىجىدە ، ئۇلار مەق-
سىتىگە يىتىدىكەن .
11 . يالغۇز يۈرىدىغان ، ۋەھشىي ياۋايى قەدىمكى زامان ئا-
دەملىرى قاراڭغۇ ئورمانلىقتىكى ئۆڭكۈرلەردە زوڭزىيىپ ئولتۇ-
رۇپ ، سۆڭەك غاجىلاپ ياشايدۇ ، دۈشمەنلىككە تولغان دۇنيادا
تۇغۇلىدۇ ، ئۆلىدۇ . نادانلىق — ئۇلارنىڭ ئۆچمەنلىكى ۋە بەخت-
سىزلىكىنى پەيدا قىلىدۇ . يىرگىنىش ۋە قورقۇش ئۇلارغا ھەم-
راھ . ئۇلار پەقەت قولىدىكى كاكىلاغىلا ئىشىنىدۇ ئۇ ياۋايى
ھايۋانلار ، ئورمانلىق ، شىددەتلىك ئىقىن ، دىڭىز - ئوكيان ،
قارابۇلۇت ، ھەتتا ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرىغا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراي-
دۇ . ئۇنىڭ كۆرىدىغىنى پەقەتلا دۈشمەن ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى
ياكى ئۇلار بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى ھەرقانداق باغلىنىشلىق
مۇناسىۋەتنى كۆرەلمەيدۇ .
12 . ھازىرقى زامان ئادەملىرى ئىنتايىن راھەتپەرەس ، مۇ-
ھەببەت ئۇلارنىڭ بۆشۈكىنى تەۋرىتىپ ، ياشلىقىنى مۇھەببەتكە
چۈمۈلدۈرىدۇ . ئۇلار غەيرەتكە كىلىپ كۈرەشكە ئاتلانغاندا ، قولى-
دىكى قورال كالتەك بولماستىن ، بەلكى قەلەم بولغان بولىدۇ .
ئۇ مىڭىسىگە تايىنىدۇ ، مىڭىسىدىن باشقا يەنە مۇسكۇلىمۇ بار .
ئۇ بەدىنىنىڭ پەقەت (خىزمەتكار رولىنى ئۆتەيدىغانلىقىنى) ئۆزىگە
يا خوجايىن ، يا ئۆزى بىلەن تەڭتۇش بولالمايدىغانلىقىنى ، ھەمراھ-
لىرى ۋە تەبىئەت كۈچىنىڭ ھەرگىز ئۇنىڭ دۈشمىنى ئەمەسلىكى-
نى ، بەلكى ئۇنىڭغا كۈچ ئاتا قىلىدىغان دوست ئىكەنلىكىنى چوڭ-
قۇر چۈشىنىدۇ .
13 . دۈشمەنلىشىشتىن ياخشى كۆرۈشكە ، قورقۇشتىن ئۆزىگە

ئىشىنىشكە ، ماددىي جەھەتتىكى كۆرەشتىن مەنىۋى كونتروللۇققا
ئۆزگىرىش قاتارلىق بىر قاتار غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممى-
سى «چۈشىنىش»نىڭ تەدرىجىي شەكىللەنگەنلىكىنىڭ ، ئادەمنىڭ
ئالەم قانۇنىيىتى كىشىلەرنىڭ زوقلىنىشىغا ئەرزىيدىغان ياكى ئەر-
زىمەيدىغانلىقى ھەققىدىكى مەسىلىگە بولغان چۈشەنچىسىنىڭ تەدرى-
جىي چوڭقۇرلاشقانلىقىنىڭ مەھسۇلى .

14 . مەنىۋى كارتىنا مېڭە ھۈجەيرىسىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆر-
سىتىدۇ . يەنە كېلىپ مېڭە ھۈجەيرىلىرى پۈتكۈل ھاياتقا تەسىر
كۆرسىتىدۇ ، ھاياتلىقتا مۇھىم رول ئوينايدۇ . بۇنى ۋاشىنگتوندى-
كى شىمىس ئىلمىي جەمئىيىتىدىكى پىروفېسسور ئېرمو . گايتس
ئالليبۇرۇن ئىسپاتلاپ چىققان . تەجرىبە بىرنەچچە خىل رەڭلەر
ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان ھايۋانات ئېغىلىدا ئېلىپ بېرىلغان بو-
لۇپ ، ئېغىلدا بىر توپ گېۋىنىيە چوشقىسى بېقىلغان . ئاناتومىيە-
لىك تەكشۈرۈش شۇنى ئىسپاتلىدىكى ، گېۋىنىيە چوشقىسىنىڭ مې-
ڭىسىدىكى رەڭ رايونى باشقا ئېغىلدا بېقىلغان ئوخشاش تۈردىكى
گېۋىنىيە چوشقىسىنىڭ رەڭ رايونىدىن چوڭ بولغان . بىر كىشى
ئادەمنىڭ ئوخشىمىغان كەيپىيات ئاستىدا ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان
تەرنىڭ تەركىبىدىكى تۇزنىڭ مىقدارىنى تەجرىبە ئارقىلىق تەھلىل
قىلغان . بىر غەزەپلىنىۋاتقان ھالەتتىكى كىشى ئاجرىتىپ چىقار-
غان تەرنىڭ رەڭگى ئادەتتىكى ۋاقىت بىلەن ھېچقانداق پەرقى بول-
مىسىمۇ ، لېكىن ئۇنى ئىتنىڭ تىلىغا تەگكۈزگەندە ، ئىتتا زەھەر-
لىنىش ئەھۋالى كۆرۈلگەن .

15 . ئوي ـ مەقسەت قاننىڭ ئايلىنىشىنى ئۆزگەرتىدۇ . بۇ
نۇقتىنى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى لىڭگىرتاقتاق ئۇستىدە ياتقان
ئوقۇغۇچى ئۇستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلى-
غان : ئوقۇغۇچى ئۆزىنى مېڭىش مۇسابىقىسىدە مېڭىۋاتىمەن ، دەپ
خىيال قىلغان ۋاقىتتا ، لىڭگىرتاقتاق بالىنىڭ پۇتىنىڭ ئۇچىغا
تېگىپ كەتكەن . ئۇنىڭغا بىر ماتېماتىكا مەسىلىسىنى ئىشلەتكۈز-
گەندە ، تەڭپۇڭلۇق تاختىسى باش تەرەپكە ئاغقان ، بۇ بىر قاتار

تەجرىبە شۇنى چۈشەندۈردۈكى ، ئوي ـ خىيال تۈك ئىقىمىدىنمۇ كۈچلۈك ۋە يۇقىرى سۈرئەت بىلەن كىشىنىڭ مېڭىسىدە توختى-ماستىن پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ . يەنە كېلىپ ، ئۇ يەنە رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان تەن قۇرۇلۇشىنى تەشكىل قىلىدۇ .

16 . ئاشكارا ئاڭنىڭ ئوي پائالىيىتى ، بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ يەككە ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىمىزنى ھەمدە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئەتراپىمىزدىكى دۇنيانى تونۇيدىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈ-رۈپ بېرىدۇ . يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ئوي پائالىيىتى بولسا ئىلگىرىكى ئوي ـ پىكىرلەرنى ساقلايدىغان ئامبار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

17 . بالىلارنىڭ پىيانىنو چېلىشنى ئۆگىنىۋاتقان جەريانىنى دىققەت قىلىپ كۆزەتكەندە ، بىز ئاشكارا ئاڭ بىلەن يوشۇرۇن ئاڭنىڭ رولىنى چۈشىنىۋالالايمىز . مۇئەللىم بالىلارغا قولىنى قان-داق كونترول قىلىش ، پىيانىنونىڭ تىللىرىنى قانداق بېسىش قاتارلىقلارنى ئۆگىتىدۇ . لېكىن ، مەشىقنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى-دا ، قول بارماقلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كونترول قىلىشى خېلى تەسكە توختايدۇ . ئۇ چوقۇم كۈنلۈكى تەكرار مەشىق قىلىشى ، پۈتۈن دىققىتىنى قولىغا مەركەزلەشتۈرۈشى ، تەدرىجىي ھالدا قائى-دىگە ئۇيغۇن بولغان ھەرىكەتنى چىقىرىشى كېرەك . ئەڭ ئاخىرىدا ، مەركەزلەشتۈرۈلگەن بارلىق نېرۋىلار ئىختىيارسىز ئاڭغا ئايلىنى-دۇ . قول بارماقلىرى يوشۇرۇن ئاڭ تەرىپىدىن كونترول قىلىنى-دۇ . ئۇ مەشىق قىلغان بىرىنچى ئايدا ، بەلكىم بىرىنچى يىلى بولۇشى مۇمكىن ، پەقەت ئۆزىدىكى ئاشكارا ئاڭنى قولىغا مەركەز-لەشتۈرگەندىلا ئاندىن پىيانىنونى چالالايدۇ . پىشقاندىن كېيىن بىر تەرەپتىن كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپمۇ بىمالال چالالايدۇ . چۈنكى ، توغرا ھەرىكەت توغرىسىدىكى ئىدىيە ، كۆزقاراش يوشۇ-رۇن ئاڭغا سىڭىپ كەتكەنلىكتىن ، يوشۇرۇن ئاڭ پۈتۈنلەي دېگۈ-دەك ئۇلارغا قوماندانلىق قىلىدۇ . ئاشكارا ئاڭنىڭ رولىنىڭ ئېنىق ئىپادىلىنىشى بىلەن مۇناسىۋىتى ئانچە چوڭ بولماي قالىدۇ .

18 . يوشۇرۇن ئاڭ ئۆزى ئاكتىپ ئەمەس ، پەقەت ئاشكارا

ئالغ ئىپادىلىگەن نەرسىنى ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىجرا قىلىدۇ. بۇ خىل يېقىن مۇناسىۋەتنىڭ تەسىرىدە، ئاشكارا ئاڭنىڭ ئوي - پىكىر يۈرگۈزۈشى ئىنتايىن مۇھىم بىلىنىدۇ.

19. ئادەمنىڭ قان ئايلىنىش، نەپەسلىنىش، ھەزىم قىلىش مېتابولىزم قاتارلىق تەرەپلىرىنىڭ ھەممىسى يوشۇرۇن ئاڭنىڭ كونتروللۇقىغا ئۇچرايدۇ. يوشۇرۇن ئاڭ پەقەت ئاشكارا ئاڭدىن ئىنكاسقا (قوزغىتىشقا) ئېرىشىدۇ. شۇڭلاشقا، بىز پەقەت ئۆزىمىزنىڭ ئاشكارا ئېڭىنى ئۆزگەرتسەكلا، يوشۇرۇن ئېڭىمىزدا ماس ھالدا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالايمىز.

20. بىزنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىمىز خۇددى تېگى يوق، ئەۋرىشىم مەنىۋى، ماددىي دۇنيا، بۇ خىل مەنىۋى، ماددىي دۇنيا مەڭگۈ ھەرىكەتچان، ئاكتىپ ۋە سېزىمچانلىقى كۈچلۈك. ئۇ مەنىۋى ئېھتىياجغا ئاساسەن ماددىغا ئەگىشىپ شەكىللىنىدۇ. (ئىدىيە) بۇ خىل ماددا ئىپادە قىلىنىدىغان تۇپراق ياكى ئانىلىق تەن.

21. ئالەم ئىزچىل ھەرىكەتچان ھالەتتە. مەنىۋىيەت چوقۇم بولۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا، ھاياتلىقنى گەۋدىلەندۇرگىلى بولىدۇ. مەنىۋىيەت (روھ) بولمايدىكەن، بارلىق نەرسە قايتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ھەربىر شەيئىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، بۇ ئاساسلىق ماددىنىڭ ئېنىق ئىپادە قىلىنغانلىقىنىڭ ئىسپاتى. ئۇ بارلىق مەۋجۇداتنى يارىتىدۇ ھەمدە ئۈزلۈكسىز توختىماستىن تەكرار يارىتىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئادەمنىڭ ئىقتىدارى ئۇنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن يارىتىلغۇچى ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى ياراتقۇچى قىلالايدىغانلىقىدا.

22. ئويلىنىشنىڭ نەتىجىسى بارلىق مەۋجۇداتنى يارىتىدۇ. كىشىلەرنىڭ قارىماققا مۇمكىن بولمايدىغان ۋەزىپىنى ئورۇندىيالايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭ چىن كۆڭلىدىن بۇ ئىشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقىدا. كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئەستايىدىللىقىغا، مۇستەھكەم ئىرادىسىگە تايىنىپ، چەكلىك ۋە چەكسىز، ھەقىقىي ۋە مەۋھۇم، ئۆزىنىڭ ۋە ئۆزگىنىڭ زامان ۋە

ماكانىدا سەيلە قىلىدۇ ھەمدە ئۇلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئايلىنىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ.

23 . ئۇلۇغ مۇزىكانت پۈتۈن دۇنيانى لەرزىگە سالىدىغان مۇقەددەس دەبدەبىلىك مۇزىكىنى ئىجاد قىلالايدۇ. ئۇلۇغ كەشپىياتچى ئوخشاشلا دۇنيانى لەرزىگە سالىدىغان ئۇلۇغ كەشپىياتى ئارقىلىق دۇنيانى باغلايدۇ. ئۇلۇغ يازغۇچى، پەيلاسوپ، ئۇلۇغ ئالىم قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق گارمونىيەلىك ماسلىققا ئىگە بولىدۇ ھەمدە مۇنداق ماسلىقنى كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىپ پۈتۈن دۇنيانى ھاياجانغا سالىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىكى كەشپىياتىغا يوشۇرۇنغان ھەقىقەتنى ئەمدى چۈشىنىۋاتىمىز. مۇزىكىنى، كەسىپنى، كەشپىياتنى قىزغىن سۆيۈش ئۇلارنىڭ پۈتكۈل كۈچىنى ئىشقا سېلىشىغا، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى كونكرېت ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان يول ۋە ئۇسۇلنى تېپىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

24 . سەۋەب ـ نەتىجە قائىدىسى ھەممىلا يەردە مەۋجۇت، ئۇ پۈتۈن كائىناتقا تارقالغان بولۇپ، توختىماستىن رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ، شۇنداقلا ھەممىدىن ئۈستۈن، تەڭداشسىز ئورۇنغا ئىگە بولىدۇ. ئۇنداق سەۋەبتىن، مۇنداق نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ، ئۇلار ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ، ھەرگىز ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلمايدۇ. تەبىئەت ئىنچىل بىر مۇكەممەل تەڭپۇڭلۇقنى قوغداش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدۇ. مانا بۇ مەڭگۈ ھەرىكەتچان ئالەم قانۇنىيىتىدۇر. بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى ئالەمدىكى ماسلىققا ئېرىشىشتىن ئىبارەت. بۇ قانۇنىيەت ئالەم ھەرىكىتىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭگەن. قۇياش، ئاي، يۇلتۇز قاتارلىقلار ئىنتايىن ماس ھالدا ئۆزلىرىگە تەئەللۇق بوشلۇقتا، ئۆزىنىڭ ئوربىتىسىدا ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ. مەلۇم جايدا پەيدا بولىدۇ. ئاسترونوملار دەل بۇ خىل توغرا قانۇنىيەتتىن پايدىلىنىپ بىزگە مىڭ يىلدىن بۇيانقى ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار داۋامىدا يۇلتۇزلارنىڭ قايسى ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلاردا پەيدا بولغانلىقىنى

ئېيتىپ بېرىدۇ . سەۋەب ـ نەتىجە قانۇنىيىتى ئالىملارنىڭ ئالدىن مۆلچەرلەش ۋە تەكشۈرۈپ ئانالىز قىلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى . بۇ قائىدە ئىنسانلارغىمۇ ماس كېلىدۇ . كىشىلەر بەخت ، پۇرسەت ، تاسادىپىيلىق ۋە بالايىئاپەت قاتارلىقلارنى تىلغا ئالغاندا ئويلىنىپ بېقىڭ ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مەلۇم بىر خىل ئەھۋال مۇمكىن بولماي قالامدۇ ؟ ئالەم بىر ئورۇنمۇ ؟ ئىلمىي يەكۈن : ناۋادا ئاشۇنداق بولسا ، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمىدا قانۇنىيەت ۋە تەرتىپ بولسا ، ئۇنداقتا ئۇ باشقا ھەممە قىسىملىرىغا كېڭىيىپ بارىدۇ .

25 . ئوخشاشلىق ھەربىر قاتلامدىكى ئوخشاشلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . كىشىلەر شۇبھىلەنگەن ھالدا بۇنىڭغا ئىشەنگەندە ، ئۇلار مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەردە ئۇنىڭغا ھەرقانداق ئېنىقلىما بېرىشنى رەت قىلىدۇ . تېگى ـ تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، مۇنداق بىر ھەقىقەتكە يىغىنچاقلىنىدۇ . بۇگۇنگە قەدەر ، كىشىلەر ئوخشاش بولمىغان سەرگۈزەشتىسى بىلەن ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇم سەۋەب ئۈچۈن ھەرىكەتلىنىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتمىدى .

26 . بۇ خىل خىزمەت ناۋادا نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ئادەمگە تەتبىقلانغان بولسا بىز مۇنداق خۇلاسىگە كېلەتتۇق . دۇنيانىڭ نىشانى ماسلىشىشچانلىق . بولۇپمۇ بارلىق مەۋجۇداتلار ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق يەتمەكچى بولغان مۇكەممەل گۈزەل ھالەتكە يەتكىلى بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ .

27 . بىزدە بىر ئىدىيە قاتلىمى بار . ئۇ بولسىمۇ ھايۋانلارغا مۇناسىپ تەسىر ۋە ئەكس تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاتالمىش ھايۋانلار قاتلىمى . لېكىن ، كىشىلەر بۇنىڭغا ئالاقىدار ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ . ئىنسانلاردا چەكسىز ئاشكارا ئاڭ ـ ئىدىيە قاتلىمى بار . ئىنسانلار بۇنىڭغا قارىتا ئىنكاس قايتۇرىدۇ . بۇ قاتلامدا ئىنسانلار نادانلىق ، ئەقىللىقلىق ، نامراتلىق ، بايلىق ، كېسەللىك ، ئاجىزلىق ، ساغلاملىق قاتارلىق كۆپلىگەن مول ئوي ـ خىياللىرىمىز بولىدۇ . ئوي ـ پىكىر قاتلىمىنىڭ سانىنى تۈگەتكىلى بولمايدۇ . ھالقىلىق يېرى ، بىز مەلۇم ئېنىق قاتلامدا پىكىر قىلغاندا مۇشۇ

www.uyghurkitap.com

قاتلامنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ ئوي ـ پىكىرگە قارىتا ئىنكاس قايتۇرىمىز . ئەكس تەسىرنىڭ ئۇنۇمى بىزنىڭ مۇھىتىمىزدا ئىنتايىن ئاسانلا كۆرۈلىدۇ .

28 . بايلىقنىڭ ئىدىيە قاتلىمىدا پىكىر يۈرگۈزۈۋاتقان بىر ئادەمنى مىسالغا ئالايلى . ئۇ بىر خىل ئىدىيەنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ . باشقا نەتىجىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس . ئۇ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئىدىيە قاتلىمىدا پىكىر يۈرگۈزگەندە ، ئۇنىڭ قوبۇل قىلىدىغىنى پەقەت مۇۋەپپەقىيەتكە ماس كېلىدىغان ئىدىيە بولىدۇ ، باشقا ھەرقانداق ئۇچۇر ئۇنىڭ كۆز قارىشىغا تەسىر قىلالمايدۇ . شۇڭلاشقا ، ئۇ بۇ ئۇچۇرلارنىڭ ھېچقايسىسىنى بىلمەيدۇ . ئەمەلىيەتتە ، ئۇنىڭ تېگىش قىلغان نۇقتىسى ئالەم روھىغا بۆسۈپ كىرگەن ھەمدە ئۇنىڭ پىلانى ۋە يۈكسەك ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئىدىيە بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان بولىدۇ .

29 . ئاتومنىڭ دىيامېتىرىغا نىسبەتەن ، مەسىلەن ئالايلۇق ، يەر شارىنىڭ دىيامېتىرى يەر شارىنىڭ قۇياشنى چۆرىدەپ ئايلانغاندىكى ئوربىتىسىنىڭ دىيامېتىرى بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ بولمايدۇ . ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا ، پەن ـ تېخنىكىلىق ئۆلچەش ئارقىلىق بىر ئېلېكترون بىر ھىدروگېن ئاتومى ماسسىسىنىڭ 18000 دىن بىرىگە توغرا كېلىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى . بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ماددىنىڭ ئىنچىكىلىك دەرىجىسى ئادەمنىڭ مېڭىسى ئۆلچىيەلەيدىغان دائىرىدىن كۆپ يىراقلاپ كەتكەن . ئېلېكترون قاتارلىق مىكرو ئېلېمېنتلارنىڭ ماددىنى تەشكىل قىلىش جەريانى ، كونكرېتلاشقان ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ ئىستىخىيەلىك ئاڭ جەريانىدىن ئىبارەت .

30 . ھەممىگە مەلۇم ، يېمەكلىك ، سۇ ۋە ھاۋادىن ئىبارەت بۇ بىرنەچچە ئاساسلىق ئېلېمېنت ھاياتلىقنى قامداشتا زۆرۈر بولغان ماددىلاردۇر . لېكىن ، بۇلاردىنمۇ ئاساسلىق بولغان نەرسە ھەقىقەتەنمۇ مەۋجۇت . بىز ھەربىر قېتىم نەپەس ئالغاندا ئۆپكىمىزگە ھاۋا تولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، بەدىنىمىزنى كۈچ مەيدان

ئېنېرگىيەسى بىلەن تولدۇرىمىز . مەيلى ئەڭ ئاددىي بولغان ھايات-
لىقتىكى نەپەسلىنىش بولسۇن ئوي ۋە روھ ھەر خىل لازىملىق
نەرسىگە ئېھتىياجلىق . بۇ خىل روھقا بېرىلگەن ھاياتلىق ، ھاۋا-
دىن ، يېمەكلىكتىن ۋە سۇدىنمۇ بەكرەك كەم بولسا بولمايدۇ .
يېمەكلىك بولمىسا ئادەم 40 كۈن ياشىيالايدۇ . سۇ بولمىسا ئۈچ
كۈن ياشىيالايدۇ . ھاۋا بولمىغان تەقدىردىمۇ نەچچە مىنۇت بەرداش-
لىق بېرەلەيدۇ . قەدىمكى شەرقشۇناسلىق ئىلمىدىكى ئادەم بەدىنى
ھەرىكەت قىلىشقا تايىنىدىغان «كۈچ»تىن ئايرىلىپ قالغاندا ، بىر
سېكۇنتمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ . «كۈچ»ھاياتلىقنىڭ ماھىيەتلىك
تەرىپى بولۇپ ، بارلىق ھاياتلىقنىڭ ماھىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالى-
دۇ . نەپەسلىنىش جەريانى بەدەننىڭ قۇرۇلمىسىنى يېمەكلىك بى-
لەن تەمىنلەش بولۇپلا قالماستىن ، يەنە ئوي ۋە روھىنى ئوزۇقلۇق
بىلەن تەمىنلەشتۇر .

سەۋەب ۋە نەتىجە ئىدىيە ساھەسىدە خۇددى كۆز بىلەن كۆرگى-
لى بولىدىغان ماددىي دۇنياغا ئوخشاش ، مۇقىم مۇناسىۋەتتە بو-
لۇپ ، ھەرگىز ئايرىلمايدۇ . ئاڭ خۇددى چېۋەر توقۇمىچى قىزغا
ئوخشاش ، بىرلا ۋاقىتتا ئىچكى مىجەز ۋە تاشقى مۇقىم مۇناسىۋەتتە
بولۇپ مۇھىتنىڭ كىيىمىنى توقۇيدۇ .

www.uyghurkitap.com

## 2 - ساۋاق : پەقەت ئىدىيە سەۋەبىدىنلا بارلىق نەرسىلەر ئوخشاش بولمايدۇ

1 . مەنبە بولىدىكەن ئېقىن بولىدۇ ، تارىخى ئۇزۇن بولىدىكەن ، مەڭگۈ ئۈزۈلمەي داۋاملىشىدۇ . ئومۇمىي ئىدىيە باش مەنبەدىن ئايرىلسىلا ، ماددا ھالىتىدە گەۋدىلىنىپ تېخىمۇ كونكرېتلىشىدۇ . ئۇ ئايلىنىپ كېلىپ يەنە ماددا ھالىتىدە ئۇنىڭ باش مەنبە نۇقتىسىغا قايتىدۇ . ئېلېكتىر ماگنىت تەرىپىدىن ئاكتىپلاشتۇرۇلغان ئانورگانىك جانلىق بولسا ، ئىقتىدارنىڭ تۆۋەندىن - يۇقىرىغا ، ئۇنىڭ ئاساسلىق باش مەنبەسىگە قايتقان بىرىنچى قەدىمى . ئومۇمىي ئېنېرگىيە ئىقتىدارغا ئىگە ، ماددا دەل مۇشۇ ئىستىخىيەلىك جەرياندا تەدرىجىي ھاسىل بولىدۇ ، ئۇ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئىقتىدارغا ئىگە بولۇش جەريانى ، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئالاھىدە مەقسىتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى تارقاقلاشتۇرۇشىنىڭ نەتىجىسى .

2 . ھاياتلىق بىلەن ئاڭنىڭ ئاساسىنى ، ئاتومنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان ، ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ھاۋادىن تاپقىلى بولىدۇ . ھاۋادىكى كۈچنىڭ مەقسىتى ، قان بىلەن گۆشتىن قۇرۇلغان تەندىكى ئوي - پىسخىكىغا ئوخشاشلا تەبىئىي بولىدۇ . ئۇنى بىر خىل ماددىدىن ھالقىغان ، ئەمما ماددا ھالىتىدە بولمىغان ، پۈتكۈل بوشلۇققا تولغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ توپلىغان ، «دۇنيا»دىن ئىبارەت مىكرو زەررىچە ئۇنى ئۆزىنىڭ تىنىمسىز دۈپۈلدەپ تۇرىدىغان يۈرىكىگە باشلاپ بارىدىغان ھالەتتە دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ . ئۇ ئاخىرقى ئاڭ پىرىنسىپىغا شەكلى تەن ، بىرلەشمە كۈچ ۋە ئېنېرگىيە ئاتا قىلىدۇ . باش مەنبە بولۇش سۈپىتى بىلەن ، ئىنسانلار ھېس قىلالايدىغان بارلىق ھادىسىلەر - ماددا ،

ئالڭ ۋە روھمۇ مۇشۇ كۈچ ۋە ئېنېرگىيەنى مەنبە قىلىدۇ. ئېنېر-
گىيە چىقىرىش ۋە ھەرىكەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىقتىداردىن باش-
قا، «كۈچ» نىڭ ئۆزىدىمۇ ئەسلىدىن خاسلىق بار، مۇۋاپىق مۇ-
ھىت بولغاندا باشقا ھادىسىلەرمۇ، يەنە ھاياتلىق، ئوي - پىسخىكا
ياكى ئەمەلىي گەۋدە ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان باشقا ھەر-
قانداق نەرسىنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ.

3. ئادەمگە ئايلىنالايدىغان ئىنتايىن كىچىك ماددىي مىكرو
زەررىچە - ھۇجەيرىدە ئوي - پىكىرنىڭ ئالامىتى ۋە بىخى بولىدۇ.
بىز شۇنى يەكۈنلىيەلەيمىزكى: ئوي - مەقسەتنىڭ ئېلېمېنتلىرى
ھۇجەيرىدىن تايقىلىپ بولىدىغان خىمىيەلىك ئېلېمېنتلاردا بولۇشى
مۇمكىن.

4. مىنېرال ماددا ئاتوملىرى ئۆزئارا تارتىشىپ توپلانما ياكى
مونەكچە شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ خىل ئۆزئارا تارتىشىدىغان كۈچ
«خىمىيەلىك بىرىكىشچانلىق» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇسبەت ئاتوم دا-
ۋاملىق مەنپىي ئاتومنى ئۆزىگە تارتىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ماگ-
نىت (تارتىشىش كۈچى مۇناسىۋىتى) ئاتومنىڭ خىمىيەلىك بىرى-
كىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. پەقەت تېخىمۇ چوڭ بولغان مۇس-
بەت قۇتۇپ كۈچى ئۇلارنى پارچىلىمىسىلا خىمىيەلىك بىرىكىش
ھەرگىز توختاپ قالمايدۇ. ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئاتوم-
نىڭ خىمىيەلىك بىرىكىشى ئېلېكترونىنى ھاسىل قىلىدۇ، شۇڭ-
لاشقا، ئاتوم «ئۆز ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالالايدىغان ماددىنىڭ
ئەڭ كىچىك زەررىچىسى»دۇر. بىر سۇ ئېلېكترونى بىر ھىدرو-
گېن ئاتومى بىلەن ئىككى ئوكسىگېن ئاتومىنىڭ خىمىيەلىك بىرى-
كىشىدىن تەركىب تاپقان.

5. تەبىئەت دۇنياسى بىر توپ ئۆسۈملۈكنى بارلىققا كەلتۈر-
گەن ۋاقىتتا، ھەمكارلىشىدىغىنى ئاتوم بولماستىن بەلكى يىلىم-
سىمان ھۇجەيرە بولىدۇ. چۈنكى، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سۇبشانىيە
ھۇجەيرىنى ھاسىل قىلىشى، ئۇنىڭ تۈزۈلۈشىگە بولىدىغان مىنې-
رال ماددا، سۇبىسانىيە ئاتوم ۋە ئېلېكترو كېرەك بولغانغا ئوخ-

www.uyghurkitap.com

شايدۇ . ئۆسۈملۈك ھۈجەيرىسىنىڭ ھاياتى كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۇنىڭ تۇپراق ، ھاۋا ۋە سۇدىن ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان ئېنېرگىيەنى سۈمۈرگەنلىكىدە . شۇڭلاشقا ، ئۇ مىنېرال ھاياتلىقنى ھۈمۈرىدۇ ۋە ئۇنى كونترول قىلىدۇ .

6 . ئۆسۈملۈك تېخىمۇ كۆپ ئەقلى ئېنېرگىيەنى قوبۇل قىلالايدىغان ھالغا كەلگەندە ھايۋانات بارلىققا كېلىدۇ . بۈگۈنكى كۈندە ، ئۆسۈملۈك ھۈجەيرىسى ئىنتايىن ئېلاستىكىلىققا ئىگە بولۇپ ، ھەتتا ئۇلار مۇستەقىل ئاڭدىن ئىبارەت ئىقتىدارغا ئىگە بولغاندىن سىرت يەنە ئاجايىپ قالتىس ماگنىت كۈچگە ئىگە بولدى . ئۇ مىنېرال ماددا ۋە ئۆسۈملۈكتىن ھاياتىي كۈچ قوبۇل قىلىدۇ ھەمدە ئۇنى كونترول قىلىدۇ .

7 . تەن ھۈجەيرىلەرنىڭ توپلانمىسى . بۇ ھۈجەيرىلەرنى يىغىپ تەشكىللەپ ھۈجەيرە توپى ھاسىل قىلىدىغان مەنىۋى جەھەتتىكى ماگنىت كۈچى ئۇنىڭغا ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىدۇ ، ھەمكارلىشىپ بەدەننى تەشكىل قىلىدىغان ھۈجەيرىلەر توپى بەدەندىن ئىبارەت بۇ ئاڭلىق سۇبىستانىيەسى كونترول قىلىدۇ ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى بىر جايدىن يەنە بىر جايغا يۆتكەيدۇ .

8 . ئاتوم بىلەن ئېلېكترون شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئېنېرگىيەسى ، نۆۋەتتە ھۈجەيرىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ . ھەر بىر ھۈجەيرە جانلىق ، ئاڭلىق ئەمەلىي گەۋدە بولۇپ ، ئوزۇقلۇقنى ئۆزى تاللايدۇ ، ھۈجۈمغا تاقابىل تۇرىدۇ ، ئۆز - ئۆزىنى كۆپەيتىدۇ .

9 . بىر نورمال ئادەمنىڭ تېنىدە تەخمىنەن 26 تىرىليون دانە ھۈجەيرە بولىدۇ . چوڭ مېڭە بىلەن يۇلۇننى تەشكىل قىلىدىغان (ھاسىل قىلىدىغان ) ھۈجەيرىدىن تەخمىنەن 2 مىليارد دانە بار . ھەر بىر ھۈجەيرىنىڭ ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل ئاڭ ، سېزىم ۋە ئارزۇ - مەقسىتى بولىدۇ . ھەر بىر بىرلەشكەن ھۈجەيرە توپىدىمۇ كوللېكتىپ ئاڭ ، سېزىم ۋە ئىرادە بولىدۇ ، ئومۇملاشتۇرغاندا ھەر بىر گۇرۇپپىدىكى ھەمكارلىشىپ ئىشلەيدىغان ھۈ-

جەيرە توپىدىمۇ شۇنداق ھالەت بولىدۇ، تاكى پۈتۈن بەدەندىكى بىر مەركىزىي مېڭىگە قەدەر بارلىق ھۈجەيرە توپى ئارىسىدىكى كەڭ ھەمكارلىق مۇشۇنىڭدىن پەيدا بولىدۇ.

10. جانلىقلارنىڭ پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى: ھەر بىر خىل ئومۇرتقىلىق ھايۋان باشقا ھايۋانلارغا ئوخشاش بىر تاق ھۈجەيرىدىن تەرەققىي قىلىپ پەيدا بولغان. ئادەمدىن ئىبارەت ئۇ جانلىق ئەڭ دەسلەپتە بىر ئۇرۇقلانغان تۇخۇمدىن پەيدا بولغان. ئانا بىلەن دادا ئۆزلىرى ئۇرۇق ۋە تۇخۇملىرى ئارقىلىق ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەۋلادىغا ئىرسىيەت قالدۇرىدۇ. خۇددى بەدەن ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئىرسىيەت قالغىنىغا ئوخشاش بۇ خىل ئىرسىي ئالاھىدىلىك ئەڭ نازۇك روھىي خاراكتېرغىچە سىڭگەن بولىدۇ. ئىرسىي ماددا زادى نېمە؟ بىز ھەممىلا جايدا ئۇچرىتالايدىغان بۇ خىل ھاياتلىق مۆجىزىسىنىڭ ماددىي ئاساسى بولغان سىرلىق ماددا زادى نېمە؟ بىئولوگلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئورگانىك ھاياتلىقنىڭ ماددىي ئاساسى دەل ئىرسىي ماددا. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ بىر خىل خىمىيەلىك بىرىكمە ماددا بولۇپ، ھەر خىل ھاياتلىق جەريانلىرىنى مۇستەقىل ئورۇنلىيالايدۇ. ئەڭ ئاددىي شەكىل بويىچە ئېيتقاندا، تىرىك ھۇجەيرە پەقەت بىر ئېلاستىكىلىققا ئىگە ئىرسىي ماددا شارچىسى بولۇپ، ئىچىدە تۇراقلىق يادروسى بولىدۇ. ئۇرۇقلانغاندىن كېيىنلا پارچىلىنىپ كۆپىيىدۇ ھەمدە كۆپلىگەن ئالاھىدە ھۈجەيرىسى بار ھۈجەيرە توپىنى ياكى ھۈجەيرە تۈركۈمىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

11. بۇ ھۈجەيرە توپلىرى توختىماستىن پارچىلىنىپ، ئالاھىدە جەريانلار ئارقىلىق، تۈرلۈك ئەزالارنى تەشكىل قىلىدىغان جانلىقلار توقۇلمىسىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئۇ تەرەققىي قىلغان كۆپ ھۈجەيرىلەردىن تەركىب تاپقان ئورگانىزملار، ئادەم ۋە بارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋاناتلارنىڭ، جۈملىدىن بىر جەمئىيەت ياكى خەلق توپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۆپلىگەن شەخسنىڭ تەرەققىيات نىشانى ئوخشاش بولمايدۇ، لېكىن ئەڭ دەسلەپتە ھەممى

سى دېگۈدەك ئورتاق تۈزۈلۈشكە ئىگە ئاددىي ھۆجەيرىدىن ئىبارەت .

12 . دوكتور باتلىي «روھىي جەھەتتىن داۋالاشنى قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەك» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دېگەن : ھۆجەيرە ھالىتىدىن باشلىنىپ ، يەر شارىدىكى بارلىق ھاياتلىق بارلىققا كەلگەن . ھۆجەيرە تەننى ھاسىل قىلغان ، ئاڭ ئۇنىڭغا ھاياتلىق ئاتا قىلغان . باشلانغاندىن تارتىپ كېيىنكى خېلى ئۇزاق ۋاقىتقا قەدەر بۇ خىل ھاياتلىق ئاتا قىلغان ئاڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن «يوشۇرۇن ئاڭ» دەپ ئاتالدى . لېكىن ھالەتنىڭ بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىشىگە ئەگىشىپ سەزگۈ ئەزالار پەيدا بولدى . ئاڭ پارچىلىنىپ بىر قوشۇمچە نەرسە بارلىققا كېلىپ ، باشقا بىر قىسىم بولۇپ شەكىللەندى . كىشىلەر بۇنى «ئاشكارا ئاڭ»دەپ ئاتىدى . بارلىق جانلىقتا ئەڭ دەسلەپ پەقەت بىرلا باشلامچى بولىدۇ . بارلىق ئىشلاردا ئۇلار مۇشۇ باشلامچىغا بويسۇنىدۇ . لېكىن ، كېيىن ئاڭنىڭ قوشۇمچە نەرسىسى بولغان ئۇ نەرسە جانلىقلارنى يېڭى تاللاش بىلەن تەمىنلىدى . بۇنىڭ بىلەن ئاتالمىش «ئەركىن غايە» شەكىللەندى .

13 . ھەر بىر ھۆجەيرە ئېھتىدارغا ئىگە قىلىنغاندىن كېيىن خۇددى بىر مۆجىزىدەك ھۆجەيرىگە ياردەملىشىپ مۇرەككەپ ئەمگەكنى تاماملايدۇ . روھىي خىمىيەنىڭ مۆجىزىسى تىلىغا ئېلىنسا ، بىز چوقۇم مۇنداق ھەقىقەتنى قەلبىمىزدە ئەستە تۇتۇشىمىز كېرەك : ھۆجەيرە ئادەمنىڭ ئاساسى .

14 . نۇرغۇنلىغان تىرىك ئادەملەر بىر مىللەتنى تەشكىل قىلىدۇ . نۇرغۇنلىغان ھۆجەيرىلەر بىزنىڭ تېنىمىزنى تەشكىل قىلىدۇ . ئوخشاشلا بىر دۆلەتتە ، پۇقرالار تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . يەنى ، ئېتىزدا ، ئورمانلىقتا ، كانلاردا ۋە زاۋۇتلاردا ئىشلەيدۇ ؛ ئوخشاشلا ئوبوروت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . بەزىلەر ترانسپورت لىنىيەسىدە ، بەزىلەر ئامبارلاردا ، يەنە بەزىلەر ماگىزىندا ياكى بانكىدا ئىشلەيدۇ ؛ قانۇن - سوت ئورگانلىرىدا بەزىلەر سوتچى ئورنىدا ياكى مەمۇرىي ئەمەلدارلىق

ئورنىدا باشقۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ؛ بەزىلەر قوغداش خىزمە-تى بىلەن ، يەنى ، ئەسكەر ، ماتروس ، دوختۇر ، مۇئەللىم ياكى دىن تارقاتقۇچى قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . بەدەن تۈزۈلۈشىدىمۇ ھەم شۇنداق : بەزى ھۇجەيرىلەر ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . مەسىلەن ، ئىغىز ، ئاشقازان ، ئۈچەي ، ئۆپكە بەدەننى ئوزۇقلۇق ، سۇ ، ھاۋا بىلەن تەمىنلەيدۇ ؛ بەزى ھۇجەيرى-لەر ئوزۇقلۇقنى تەقسىملەش ۋە كېرەكسىز نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلاش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ، مەسىلەن ، يۈرەك ، قان ، لىمفا ، ئۆپ-كە ، جىگەر ، بۆرەك ، تېرە قاتارلىقلار ؛ بەزى ھۇجەيرىلەر ئاممىۋى باشقۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ، يەنى مېڭە ، يۇلۇن ، نېرۋا قاتار-لىقلار ؛ يەنە بەزى ھۇجەيرىلەر قوغداش خىزمىتى بىلەن ئالدىراش ، مەسىلەن ، ئاق قان ھۇجەيرىسى ، تېرە ، (سۆڭەك) ، مۇسكۇل قاتارلىقلار . يەنە بەزى ھۇجەيرىلەر جانلىقنىڭ كۆپىيىش ۋەزىپىسى-نى ئۆز زىممىسىگە ئالغان بولىدۇ .

15 . بىر دۆلەتنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە بەخت ـ سائادىتى ، تېگى ـ تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، پۇقرالارنىڭ ھاياتىي كۈچى ، ئۇنۇم ۋە ھەمكارلىق ، تەن سالامەتلىكى ۋە ھاياتىي كۈچىنى شەرت قىلىپلا قالماستىن ، يەنە سانسىزلىغان ھۇجەيرىلەرنىڭ ھاياتىي كۈچى ، ئۇنۇم ۋە ھەمكارلىقنى شەرت قىلىدۇ .

16 . بىز ھۇجەيرىلەرنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارىنى ئەمەلگە ئاشۇ-رۇش ئۈچۈن سىستېما ياكى تۈركۈم بولۇپ توپلىنىدىغانلىقىنى ، بەدەننىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىشتا بۇ ئىقتىدارلارنىڭ كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى ، بۇنىڭ خۇددى ئەزا ۋە توقۇلمىلارنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرغىنىغا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلدۇق . پەقەت ، ھەر قايسى قىسىملار ئورگانىزمنىڭ تۈپ مەقسىتى ئۈچۈن ئۆزئارا ماسلىشىپ ، ئۆزئارا ھۆرمەتلىشىپ ، بىرلىكتە ھەرىكەت قىلغاندىلا ئاندىن ساغلاملىق ۋە ئۈنۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولى-دۇ . ھەر قانداق سەۋەب تۈپەيلىدىن ئىناقسىزلىق كۆرۈلگەندە ، كېسەللىك ئارقا ـ ئارقىدىن پەيدا بولىدۇ ، شۇنداقلا تىنچ ۋە

خاتىرجەملىكىنىڭ سايىسىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ .

17 . چوڭ مېڭە بىلەن نېرۋا سىستېمىسىدا ، ھۆجەيرىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ، توپلىنىپ بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىدۇ . بىزنىڭ كۆرۈش ، ئېتىش ، پۇراش ، تېگىش ۋە ئاڭلاش قاتارلىق ئىقتىدارلىرىمىز دەل مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ . يەنە دەل مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ، بىز ئۆتمۈشنى ئەسلىيەلەيمىز ، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىغا ۋە باشقا تۈرلۈك ئىقتىدارغا ئىگە بولىمىز .

18 . ناۋادا بەدەن ۋە روھىي ھالەت ناھايىتى ياخشى بولسا ، بۇ ئوخشىمىغان نېرۋا ھۆجەيرىلىرى بىر - بىرى بىلەن ناھايىتى ياخشى ماسلىشىپ ، ئورتاق كۈچ چىقارغان بولىدۇ ، ھالىتى (ئەھۋالى ) كېسەل ۋاقىتتىكى ھالىتى بىلەن تامامەن ئوخشىمايدۇ . نورمال شارائىتتا ، بىز ھۆجەيرە سىستېمىسىغا ئوخشاش ، بۇ يەككە ھۆجەيرىلەر ۋە ھۆجەيرە توپىنى ئۆزىمىز كونترول قىلىپ ، ماسلىشىپ ، ھەمكارلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىمىز .

19 . كېسەللىك ئەزالارنىڭ تارقاق ھەرىكىتىدىن بېشارەت بېرىدۇ . مەلۇم سىستېما تۈركۈم سانى ئىنتايىن كۆپ مىكرو ھۆجەيرىدىن تەركىب تاپىدۇ . ئۇلار شۇنداقلا ئۆز ئالدىغا ئايرىم ھەرىكەت قىلىدۇ ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىششچانلىق بۇزۇلىدۇ . بۇ ئارقىلىق پۈتكۈل ئورگانىزمنىڭ ھەرىكىتىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ . يەككە ئەزا ياكى سىستېما شۇ سەۋەبتىن بەدەننىڭ باشقا قىسىملىرى بىلەن بولغان يېقىنلىق مۇناسىۋىتىدىن ۋاز كېچىدۇ - دە ، بەدەنگە ئېغىر زىيان يەتكۈزىدۇ . كېسەللىك مۇشۇنىڭ بىلەن پەيدا بولىدۇ .

20 . ھەر قانداق بىرلەشمىدە ، ھەرىكەتنىڭ ئۈنۈمى ۋە ماسلىششچانلىقى مەركىزىي باشقۇرۇش ئورگىنى ھازىرلىغان كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ئىشەنچ تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ . بۇ خىل ھالەتنى ساقلايدىغان شارائىت يوقىلىدىكەن ، ئۇنداقتا ، توقۇنۇش ۋە قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ .

21 . «ھۆجەيرىنىڭ ئىقتىدارى» دېگەن ماقالىدە، ئىرىس. كۆيلى مۇنداق بىر كۆز قاراشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان: «ئادەم-نىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ئۇنىڭ چوڭ مېڭە ھۆجەيرىلىرى ئىگە بولغان ئىقتىدارىدىن ئىبارەت. ناۋادا ئادەمنى ئەقلىي ئىقتىدارغا ئىگە دەپ قارىساق، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراستى، قابىلىيىتىگە تايىنىپ، ماددا بىلەن كۈچ - قۇۋۋىتىنى بىرلەشتۈرۈپ ۋە ئورۇنلا-شتۇرۇپ، ئۆزي بىلەن تۆمۈريولدەك بۇنداق قورۇلۇشنى تاماملايدۇ. ئۇنداقتا، ھۆجەيرە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە قوماندانلىق قىلىپ، بىز ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋاناتلاردا چېلىقتۇرغان ئاشۇ ئۆزگىرىشلەرنى تاماملىغان چاغدا نېمە ئۈچۈن ھـۆجەيرىنـىـڭ ئەقلىي - ئىقتىدارغا ئىگە دېمەيمىز؟ ھۆجەيرە ھېچقانداق خىمىيە-لىك ياكى ماشىنىدىن ئىبارەت سىرتقى كۈچنىڭ مەجبۇرلىشى ئاس-تىدا ھەرىكەت قىلمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىرادىسى ۋە ھۆكۈمىگە ئاساسەن ھەرىكەت قوللىنىدۇ. خۇددى مۇستەقىل، تىرىك جانلىق-تۇر.» بوگىسىن ئۆزىنىڭ «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزىرىيەسىنى يارىتىش» دېگەن ماقالىسىدە، ماددا ۋە ھاياتلىقتىن بىر خىل ئىجادىي خاراكتېردىكى ئېنېرگىيىنى كۆرگەنلىكىنى بايان قىلغان. ناۋادا، بىز يىراقتىن بىر بىنانىڭ ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەندە، بۇ بىنانىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە چوقۇم مەلۇم بىر خىل يېڭى ئېنېرگىيە تۈرتكە بولدى، دەيمىز. يەنە كېلىپ، ئىش قىلىۋاتقان قورۇلۇش ئىشچىلىرىنى، يىراقتىن غۇۋا كۆرگەندىمۇ يېڭى ئېنېر-گىيە بۇ ئېگىز بىنانى بارلىققا كەلتۈرگەن دەپ قارايمىز، بۇنىڭدىن باشقا ئويدا بولمايمىز.

22 . ھۆجەيرە ئەمەلىيەتتە يۇكسەك دەرىجىدە تەشكىللەنگەن ۋە مەخسۇسلاشقان جانلىقتىن ئىبارەت. «ئامىيوبا»دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل تاق ھۆجەيرىلىك ھايۋاننى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭ كى-راخمال ياسايدىغان توقۇلما ئەزالىرى يوق. جىددىي ئەھۋالغا يو-لۇققاندا، داۋاملىق بىر خىل قورۇلۇش ماتېرىيالى بىلەن ئۆزىنى ئوراپ ھاياتىنى ساقلايدۇ. يەنە بەزى ھۆجەيرىلەردە «پىگمېنتلىق

ھۆجەيرە »دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل توقۇلما بولۇپ ، قۇياش نۇرى-
دىن پايدىلىنىپ تۇپراق ، ھاۋا ۋە سۇدىكى تەبىئىي ماددىلاردىن
ئوزۇقلۇق ياسايدۇ . بۇ پاكىتتىن شۇنى بىلەلەيمىزكى ، ھۆجەيرە
بىر خىل يۇكسەك دەرىجىدە تەشكىللەنگەندە مەخسۇسلاشقان
يەككە تۇرگە تەۋە بولۇپ ، ھاياتلىقنىڭ نۇقتىسىدىن قارىغاندا ھايات-
لىق ماددىسى بىلەن كۈچنىڭ پىرىنسىپى ئوخشاش ، بىر تال تاش-
نىڭ تاغدىن دوملاپ چۈشۈشى بىلەن بىر ماشىنىنىڭ تۈپتۈز
ئاسفالىت يولدا ئىلگىرىلىشى ئوخشاش . بىرى يەر مەركىزىنىڭ
تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرىدە مەجبۇرىي ھەرىكەت قىلىدۇ ، يەنە بىرى
ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئىقتىدارغا تايىنىپ ھەرىكەت قىلى-
دۇ . ھاياتلىق قۇرۇلۇشى (ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈككە ئوخشاش ) نى
بارلىققا كەلتۈرىدىغان ماددا تۇپراق ، ھاۋا ۋە سۇدىن ئىبارەت .
ئىنسانلار بىنا قىلغان قۇرۇلۇشلارمۇ مۇشۇنىڭغا (تۆمۈريول ۋە
ئاسمان ـ پەلەك بىنالارغا ئوخشاش ) ئوخشاش ، بۇ پاكىتتىن بىز
ھۆجەيرىنىڭمۇ بىر خىل ئەقلىي ئىقتىدارغا ئىگە ھاياتلىق ئىكەنلى-
كىنى كۆرۈۋالالايمىز .

23 . ناۋادا ھۆجەيرىلەرمۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش تەشكىللىنىش
ۋە تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ ئۆتىدۇ دېسەك ، ئۇنداق-
تا ، ئۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش ئەقلىي ئىقتىدارغا ئىگە ھاياتلىقتۇر .
سىز بەدەنىڭ سىرتقى يۈزى زەخىملەنسە ياكى سۈرۈلۈپ كەتسە
قانداق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باققانمۇ ؟ئاق قان ھۆجەيرىسى ياكى
ئاتالمىش نەچچە ئون مىڭ ، نەچچە يۈز مىڭلىغان «ئاق قان دانچى-
سى » ئۆزىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق ھاياتلىقنى قوغدايدۇ ، بۇ
ئىنتايىن زۆرۈر . ئۇلار بەدەندە پۈتۈنلەي ئەركىن ھالدا ياشايدۇ .
قان سۇيۇقلۇقىغا ئەگەشمەيدۇ (قالايمىقانچىلىقتا باشقا جايغا ئېلىپ
بېرىلغاندىن باشقا ) ، بەلكى مۇستەقىل ھاياتلىق بولۇش سۈپىتى
بىلەن تەرەپ ـ تەرەپكە قاراپ ھەرىكەت قىلىدۇ ، ئىنتايىن دىققەت
قىلىدۇ ، خاتالىق سادىر قىلمايدۇ . پەقەت بەدەنىڭ سىرتقى يۈزى
سۈرۈلۈپ كېتىدىغان ياكى كېسىلىپ كېتىدىغان ئەھۋال يۈز بەر-

گەندە ، ئۇلار دەرھال ئۇچۇرغا ئىگە بولىدۇ ـ دە ئارقا ـ ئارقىدىن نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىدۇ ، ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىگە قوماندانلىق قىلىدۇ ، زۆرۈر تېپىلغاندا ، ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئۆزگەرتىپ ، ئوخشاش بولمىغان خىزمەتلەرنى زىممىسىگە ئالىدۇ ، توقۇلمىلارنى قاتۇرۇش ئۇچۇن ئىپىتىلىيە توقۇلمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ . ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنغان (مەيلى سۈرۈلۈپ كەتـ-كەن ياكى كېسىلىپ كەتكەن بولسۇن) ، سان ـ ساناقسىز ئاق قان ھۈجەيرىلىرى يارا ئېغىزىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ساقايتىش داۋامىدا باتۇرلارچە ئۆزىنى قۇربان قىلىدۇ . بىر بىيولوگىيە دەرسـ-لىك كىتابىدا بۇ خىل ئەھۋالنى ئىخچام تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن : «سىرتقى پەردە زەخىملەنگەندە ، ئاق قان ھۈجەيرىلىرى سىرتقى تېرە يۈزىدە يېڭىدىن توقۇلما ھاسىل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئىپىتىلىيە ھۈجەيرىلىرى يارا ئېغىزى ئەتراپىغا يېيىلىپ ، يارا ئېـ-غىزى ساقايغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆسۈشتىن توختايدۇ .

24 . ئەسلىدە بەدەندە ئەقىل ـ ئىدراك پائالىيىتى ئېلىپ بارىدىغان ھېچقانداق ئالاھىدە مەركەز يوق ، ھەر بىر ھۈجەيرە بىر ئەقلىي ئىقتىدار مەركىزىگە باراۋەر . مەيلى ئۇ قايسى جايدا بولۇشىـ-دىن ، ياكى بىزنىڭ قايسى جايدا ئۇنى تېپىۋېلىشىمىزدىن قەتئىينەـ-زەر ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدۇ . ھۈجەيرىلەر دۆلىتىدىكى ھەر بىر پۇقرا مۇستەقىل ئەقىل ـ ئىدـ-راكلىق مەۋجۇتلۇق . بارلىق ھۈجەيرىلەر ئومۇمنىڭ بەخت ـ سائاـ-دىتى ئۇچۇن ئورتاق ئەمگەك قىلىدۇ . شەخس كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق بەخت ـ سائادىتى ئۇچۇن ھاياتىنى قۇربان قىلىدۇ . بۇنداق ئەھۋالـ-نى بىز باشقا ھېچقانداق يەردە تاپالمايمىز ۋە باشقا ھېچقانداق ئۇسۇل ئارقىلىق ئېرىشەلمەيمىز . ھەتتا بۇنىڭغا شەخسنىڭ ئازراق مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىقمۇ ئېرىشەلمەيمىز . ئۇ ئىجتىـ-مائىي مەۋجۇتلۇق ئۇچۇن كەم بولسا بولمايدۇ . شەخس ئورتاق مەنپەئەت ئۇچۇن ئۆزىنى قۇربان قىلىدۇ . بۇنداق پىرىنسىپ كۆپـ-چىلىك تەرىپىدىن ئورتاق قوبۇل قىلىنىدۇ ، ئۇ پىرىنسىپ ، بۇنىڭـ-

-دىن تەۋرىنىشكە بولمايدۇ ، بۇ پىرىنسىپنى ھەر بىر يەككە تەركىب ئىچىدە ئېتىراپ قىلغان ئاساستا ئۆزىنىڭ راھەت - پاراغىتىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ .

ئېدىسون ئەپەندى مۇنداق دېگەن : ئىشىنىمەنكى ، بىزنىڭ بەدىنىمىز سان - ساناقسىز ھاياتلىق بىرلىكىدىن تەشكىل تاپقان . بىزنىڭ بەدىنىمىز ئەسلىدە ھاياتلىق بىرلىكى ياكى مەلۇم خىل ھاياتلىق بىرلىكى ئەمەس . بىز «ماۋرىتانىيە» ناملىق پاراخوتنى مىسالغا ئالايلى .

ماۋرىتانىيە ناملىق پاراخوت ئەسلىدە جانسىز نەرسە . پاراخوتنىكى ئادەملەر تىرىك جانلىقتىن ئىبارەت . مەسىلەن ، ناۋادا پاراخوت قىرغاققا يېقىن جايدا چۆكۈپ كېتىپ ، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قۇتۇلۇپ كەتسە ، كىشىلەر پاراخوتتىن ئايرىلغان ۋاقىتتا ، پەقەت « ھاياتلىق بىرلىكى »نىڭ پاراخوتتىن ئايرىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ . ئوخشاشلا ، بىر ئادەم تېنى كۆمۈلگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۆلۈپ كەتمەيدۇ . پەقەت ھاياتلىقنىڭ توپ مەنبەسى ، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ، «ھاياتلىق بىرلىكى» — ئۇنىڭ تېنىدىن ئايرىلغان بولىدۇ .

ھاياتلىققا تەۋە بولغان ھەر قانداق نەرسە تىرىك پېتى تۇرۇۋېرىدۇ ، ھەرگىز يوقىتىلىشقا ئۇچرىمايدۇ . ھاياتلىققا تەۋە بولغان ھەر قانداق نەرسە جانلىقلارنىڭ ھاياتلىق قانۇنىيىتىگە بويسۇنۇۋېرىدۇ . بىزدە سان - ساناقسىز ھۈجەيرىلەر بار . دەل مۇشۇ ھۈجەيرىلەر ئىچىدىكى ماكانلانغۇچىلار ، يەنى مىكروسكوپتا كۆرگىلى بولىدىغان دائىرىدىن ھالقىپ كەتكەن ماكانلانغۇچىلار بىزنىڭ بەدىنىمىزگە ھاياتلىق ئاتا قىلغان .

باشقا بىر خىل ئۇسۇلنى قوللانساق ، ئىشىنىمەنكى ، مەن تىلغا ئالغان بۇ ھاياتلىق بىرلىكلىرى بىر ئادەمنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ، ئۆزلىرى نەچچە مىليون دانىدىن تەشكىللىنىپ بارىدۇ . بىز ناھايىتى يەڭگىلتەكلىك پەرەز قىلساق ، ھەر بىرىمىز بىر



www.uyghurkitap.com

بىرلىك . شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن (مەن بۇنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنىمەن) ، بىز مۇنداق پەرەز قىلىمىز : بۇ بىرلىك ئادەمدىن ئىبارەت (بۇ بىز كۆرەلەيدىغان) ، لېكىن بىز ھەقىقىي ھاياتلىق بىرلىكىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا سەل قارايمىز ، ھەقىقىي ھاياتلىق بىرلىكىنى كۆرەلمەيمىز ، ھەتتا يۇقىرى ھەسسىلىك مىكروسكوپتىمۇ كۆرەلمەيمىز .

بۈگۈنكى كۈندە ، ھېچقانداق ئادەم ھاياتلىقنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش ئۇقتىسىنىڭ چەك ـ چېگراسىنى بېكىتەلمەيدۇ . مەيلى كىرىستال قۇرۇلمىدا بولسۇن ، بىز ئېنىق ، تەرتىپلىك بولغان ئىش تەرتىپىنى ئۈچۈق كۆرۈۋالالايمىز . بەزى ئاجرالمىلار بىر خىل ئېنىق پەرقلەنمەيدىغان ئالاھىدە كىرىستالنى پەيدا قىلىدۇ . مىنېرال ماددىلار ۋە ئۆسۈملۈكلەردە رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان بۇ ھاياتلىق سۇبىستانسىيەنى ، بىز ئېيتىپ كېلىۋاتقان ئاتالمىش «ھايۋاناتلار» دۇنياسىدىمۇ رولىنى جارى قىلدۇرماي قالمايدۇ .

25 . بۇ ئارقىلىق بىز خىمىكلار ، ئۇلارنىڭ تەجرىبىخانىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاقىلىشىدىغان سىستېمىلىرىغا قارىتا ئازدۇر ـ كۆپتۇر تونۇشقا ئىگە بولدۇق .

26 . ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتى زادى قانداق بولىدۇ؟ بۇ ناھايىتى رېئال جەمئىيەت ، بۇ جەمئىيەتنى ھەتتا سودا دەۋرى دېيىشكىمۇ بولىدۇ . خىمىكلار ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنىڭ ھېچقانداق قىممىتى بولمايدىكەن ، ئىقتىسادىي ئۇنۇم يارىتالمايدۇ ، بىزگە نىسبەتەن تىلغا ئېلىشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ . خوشاللىنارلىق يېرى شۇكى ، بۇ مىسالدا تىلغا ئېلىنغان خىمىكلار ئىشلەپچىقارغان تاۋارلارنىڭ بۈگۈنگە قەدەر بارلىققا كەلگەن بارلىق تاۋارلار ئىچىدە ئىقتىسادىي قىممىتى ھەممىدىن يۇقىرى .

27 . بۇ پۈتۈن دۇنيا ئارزۇ قىلغان نەرسە ، ھەرقانداق زامان ، ماكاندا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ؛ ئۇ ھەرگىز تۈرۈپ قالغان بايلىق ئەمەس ، ئۇنىڭ قىممىتىنى پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلىدۇ .

28 . ئۇ بولسىمۇ ئىدىيە . بۇ ئىدىيە پۈتكۈل دۇنياغا ، يەنى
ھەر بىر ھۆكۈمەت ، بانكا ، ھەر خىل كەسىپ ، ھەر خىل ئادەم ،
ئىشقىلىپ ھەممە نەرسىگە قوماندانلىق قىلىدۇ . بارلىق نەرسە
پەقەت ئىدىيە بولغانلىقى ئۈچۈنلا پەرقلىق بولىدۇ . ئادەم مەسىلى-
لەرنى مۇلاھىزە قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەنلا
بۇگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەن . ئادەم بىلەن ئادەم ، مىللەت
بىلەن مىللەت ئوتتۇرىسىدا پەرق بولۇشىنىڭ سەۋەبى تېگى ـ تەكتى-
دىن ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ مەسىلىلەرنى مۇلاھىزە قىلىش ئۇسۇلىنىڭ
ئوخشىماسلىقىدۇر .

29 . ئۇنداقتا ئىدىيە زادى نېمە ؟ ئۇ ھەر يەككە ئىدىيەگە تەۋە
بولغان خىمىيە تەجرىبىخانىسىدا ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلات . ئۇ
پورەكلەپ ئېچىلغان گۈل ، بىرىككەن ئەقلىي ـ ئىقتىدار . بۇنىڭ-
دىن ئىلگىرىكى بارلىق تەپەككۇر جەريانىنىڭ نەتىجىسى . ئۇ ئوخ-
شىغان مېۋە ، ھەر بىر شەخس تەقدىم قىلغان مېۋىلەرنىڭ ئارىسى-
دىكى ئەڭ سەرخىل مېۋە .

30 . ھېچقانداق ئادەم مەلۇم بىر ماددىنى ھەتتا دۇنيادىكى
ئەڭ قىممەتلىك ئالتۇننى دەپ ئۆزىنىڭ ئىدىيەسىدىن ۋاز كەچمەي-
دۇ . چۈنكى ، ئىدىيەنىڭ باھاسىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ . ئۇ
ماددا ئەمەس بەلكى ئالىي كاتېگورىيەسىگە تەۋە .

31 . بۇ ئىدىيەنىڭ ھەقىقەتەن ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك
قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ . ئىدىيە بولسا ئاڭنىڭ بىر-
دىنبىر پائالىيىتى . ئاڭ ئالەمنىڭ ئىجادچان قانۇنىيىتى . چۈنكى
ئايرىملىق بىلەن ئومومىيلىق پەرقى پەقەت دەرىجە بىلەن پەرقلىنىد-
دۇ . سان بىلەن سۈپەتمۇ شۇنداق . شۇڭلاشقا ، ئىدىيە مۇقەررەر
ئىجادىي خاراكتېرلىك بولىدۇ .

32 . خۇددى باشقا تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ئوخشاش ، تەۋرىنىش
ئىدىيەنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئورتاق پىرىنسىپ . ھەر
بىر ئوي ـ پىكىر تەۋرىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . بۇ خىل
(تەۋرىنىش ) خۇددى بىر تال تاشنى سۇغا ئاتقاندا سۇ يۈزىدە پەيدا

بولغان دولقۇن چەمبىرىكىگە ئوخشاش بارا ـ بارا كېڭىيىدۇ ھەم بارا ـ بارا تارىيىدۇ. ئوي ـ پىكىر پەيدا قىلىدىغان تەۋرىنىش دولقۇنى بەزىدە ئۇنى توسۇيدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۇ تەدرىجىي ئاجىزلىشىپ يوقىلىدۇ.

33. نېرۋا سىستېمىسى ئادەم تېنىدىكى ئىدىيەنىڭ ئالاقىلىشىش ئەزاسى. مېڭە ـ ئومۇرتقا نېرۋا سىستېمىسى ئاشكارا ئوي ـ پىكىرنىڭ تېلېفون سىستېمىسى. چوڭ مېڭىدىن بەدەننىڭ باشقا ھەر بىر ئەزاسىغا بولۇپمۇ ئاخىرقى ئۇچىغا تۇتىشىدىغان ناھايىتى مۇكەممەل لىنىيە سىستېمىسى خۇددى بىر ئاخبارات ئىدارىسىگە ئوخشاش.

34. سىمپاتىك نېرۋا سىستېمىسى يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ئوي ـ پىكىر سىستېمىسى. ئۇنىڭ ئىقتىدارى تەۋرەنمە چاق رولىنى ئۆتەپ، بەدەننىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ، مېڭە ـ يۇلۇن نېرۋا سىستېمىسىنىڭ چېكىدىن ئاشقان ياكى خاتا ھەرىكىتىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇ كەيپىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. قورقۇش، ئاچچىقلىنىش، ھەسەت قىلىش ياكى ئۆچمەنلىككە ئوخشاش كەيپىياتلار بەدەننىڭ ئاپتوماتىك تەڭشەش ئىقتىدارىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدۇ. بەدەننىڭ بىر قىسىم ئىقتىدارى، يەنى ھەزىم قىلىش، قان ئايلىنىش، ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق ئىقتىدارىدا كاشىلا كۆرۈلىدۇ.

35. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن قورقۇش، ئاچچىقلىنىش، ئۆچمەنلىك قاتارلىق ناچار كەيپىياتلار كىشىنى «سەپرا» قىلىپ قويىدۇ، كىشى ئۆزىنىڭ ئارامسىزلىنىۋاتقانلىقىنى، سالامەتلىكىنىڭ ياخشى بولمايۋاتقانلىقىنى سېزىدۇ.

36. شۇڭلاشقا، سىمپاتىك نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بۇنىڭ بىلەن بەدەننىڭ نورمال، ساغلام ھەرىكەت ھالىتىنى قوغداش ئارقىلىق تەبىئىي خوراش (كەيپىيات ۋە سالامەتلىك) كەلتۈرۈپ چىقارغان زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش لازىم. شۇڭلاشقا، بىزنىڭ كەيپىيات ھالىتىمىز ئىنتا-

يىن مۇھىم ، ئاكتىپ كەيپىيات ئىجادىي خاراكتېرلىك بولۇپ ، پاسسىپ كەيپىيات بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ . ئۇنداقتا سىز يەنە كىچىككىنە ئىشلارنى يىپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە زىغىرلاپ غەمگە پېتىشنى خالامسىز ؟ ئۇنداق كەيپىيات بىزنىڭ تەن سالامەتلىكىمىز ، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز ، خىزمىتىمىزگە پايدىسىز بولۇپلا قالماي يەنە پاسسىپ رول ئوينايدۇ .

www.uyghurkitap.com

# 3 ـ ساۋاق : مۇكەممەل كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئۇلۇغ قانۇنىيىتى — تارتىش كۈچى قانۇنىيىتى

1 . ئالەم ئىنتايىن چەكسىز ۋە بىپايان ، ئۇنىڭدىكى ماددىلار ئاجايىپ ـ غارايىپ ھەم خىلمۇخىل . بۇنىڭ ئىچىدە بىر خىل كۈچ بار . ئۇ چەكسىز زامان ۋە ماكاندا ، بۈگۈن ۋە كەلگۈسىنى بۆسۈپ ئۆتىدۇ . بۇ (سىرلىق كۈچ ) مەنىۋى خىمىيەدىن ئىبارەت . ئۇ بىز كۆرەلمەيدىغان ئەمما ھېس قىلالايدىغان ئالىي ، روھ قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان . ئۇ ئۇزۇلمەي داۋاملىشىپ تۇرىدۇ . ئۇ ئۆتمۈشنى قوچاقلايدۇ ھەمدە چەكسىز داۋاملاشقان كەلگۈسىنى ئۆتمۈش بىلەن باغلايدۇ ؛ ئۇ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان تەسىر ، سەۋەب ۋە نەتىجە بولغاچقا بىر گەۋدىلەشكەن ھالدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەرىكەتتۇر . بۇ يەردە قانۇنىيەت بىلەن قانۇنىيەت ئۆزئارا گىرەلەشكەن . بارلىق قانۇنىيەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئۇلۇغ ئىجادىيەتنى يارىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مەڭگۈ ئىتائەتمەن دىدەك .

2 . بۇ خىل كۈچ مەڭگۈلۈك ، باشلىنىش ۋاقتىسى يوق ، ئاخىرلىشىش ۋاقتىسىمۇ يوق ، ئۆتمۈشكە ، كەلگۈسىگە نەزەر سالغاندا ، ئۇنىڭ تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئەڭ يىراقتىكى پىلانىتنىڭ تارىخىدىنمۇ ئۇزۇن ؛ كەلگۈسىگە نەزەر سالغاندا ، يەنە نەچچە ئەسىرنى بېشىدىن كەچۈرسىمۇ ئۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . ئۇ تۇرلۇك ـ تۈمەن خىل شەيئىنىڭ پەيدا بولۇش ، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىش تارىخىنىڭ گۇۋاھچىسى ، شۇنداقلا ئۇ ئۆزىنىڭ خاتىرىسىنى بىزگە ئېيتىپ بېرىدۇ . ئۇ خىلمۇخىل گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇپ مېۋىگە كىرگۈزىدۇ ، ھەسەلگە شېرىن تەم ئاتا قىلىدۇ . ئۇنىڭ قوينى ئاسمان جىسىملىرىدىنمۇ چەكسىز ؛ ئۇ ئوت ئۇچقۇنى-

دا ، ئالماستا ، بىنەپشە خىرۇستالدا ، ئۇ ئۇزۇمگە يوشۇرۇنغان ؛
ئۇنى ھىچيەردىن تاپقىلى بولمايدۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئىزناسى (ئىد-
زى ) ھەر بىر بۇلۇڭ - پۇشقاقلارغىچە تارالغان .

3 . ئۇ مۇكەممەل ئادىللىق ، مۇكەممەل بىرلەشمە ، مۇكەممەل
ئىناقلىق ، مۇكەممەل چىنلىقنىڭ مەنبەسى ؛ ئۇنىڭ قەتئىي بوشاش-
ماي ئىرىشىشى نەتىجىسىدە ، مۇكەممەل تەڭپۇڭلۇق ، مۇكەممەل
ئۆسۈپ يېتىلىش ھەمدە مۇكەممەل چۈشىنىش بارلىققا كېلىدۇ .
بۇنىڭغا مۇكەممەل ئادىللىق بولغاچقا ، ئۇ باراۋەر ئادىل بولغان
جاۋابنى بېرىدۇ . مۇكەممەل بىرلەشمە بولغاچقا ، ئۇنىڭ نىشانى
باشتىن - ئاخىر بىر دەك بولىدۇ . مۇكەممەل ئىناقلىق بولغاچقا ،
ئۇنىڭ تەسىرىدە ، بارلىق قانۇنىيەتلەر بىر - بىرى بىلەن ئىناق
ھالەتنى ساقلايدۇ . مۇكەممەل چىنلىق بولغاچقا ، ئۇ كائىناتتىكى
بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ھەقىقەت ئانىسى . مۇكەممەل تەڭپۇڭلۇقنىڭ
ئۆلچىمى ناھايىتى توغرا . مۇكەممەل ئۆسۈپ يېتىلىش بولغاچقا ،
ئۇنىڭ ئۆزى بىر خىل تەبىئىي ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى . تولۇق
چۈشىنىش ، دېگەندە ئۇ تۇرمۇشتىكى بارلىق قىيىن مەسىلىلەرگە
جاۋاب بېرەلەيدۇ .

4 . دۇنيا ھەرىكەتتىكى دۇنيا ، بۇ مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت .
ھەرىكەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسى بۇ قانۇنىيەت ئىچىگە يوشۇرۇنغان .
چۈنكى پەقەت ھەرىكەت ئارقىلىقلا ، شۇنداقلا ئۇزلۇكسىز ئۆزگىرى-
شى ئارقىلىقلا بۇ قانۇنىيەت ئەمەلىيلىشىدۇ . ئۇ پەقەت ھەرىكەت
قىلمىغان ۋاقىتتىلا قانۇنىيەت بولماي قالىدۇ . لېكىن ھەرىكەت
مۇتلەق ، تۇرغۇنلۇق نىسپىي بولىدۇ . مۇتلەق تۇرغۇنلۇق بولماي-
دۇ ، شۇڭلاشقا ، بۇ قانۇنىيەت ھەرگىز توختاپ قالمايدۇ .

5 . مەيلى قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى جىمجىتلىق ياكى پارلاق
شان - شەرەپ ئىچىدىكى تېز تۇپەيلى يۈز بەرگەن قالايمىقانچى-
لىق ياكى ئەكس تەسىر كەلتۈرگەن ئازاب - ئوقۇبەت بولسۇن ،
بۇ قانۇنىيەتنىڭ بىردىنبىر نىشانى — ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ . ئۇ
كۆز يەتكۈسىز ، ھەرگىز توختاپ قالمايدۇ ، بەلكى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ

نىشانى مۇكەممەل ماسلىشىشچانلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.
6 . بىز جىلغىلاردا بوي تارتىپ ئۆسۈۋاتقان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، قۇياشقا تەلپۈنگەنلىكىنى كۆرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ كۈچلۈك ئىنتىلىشىنى ھېس قىلىمىز. گەرچە بارلىق جانلىقلار يامغۇر سۈيىگە چۆمۈلۈپ، ھاۋادىن نەپەس ئالسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ خاسلىقىنى ساقلايدۇ. ئەتىرگۈل مەڭگۈ ئەتىرگۈل، مەڭگۈ رۇخسارگۈل بولالمايدۇ. رۇخسارگۈلمۇ مەڭگۈ ئەتىرگۈلگە ئايلانمايدۇ. دوب ياڭىقىنىڭ ئۇرۇقىنى تۇپراققا تىرىساق، باھار ئىللىپ گۈللەر ئېچىلغان ۋاقىتتا، دوب ياڭىقىنىڭ مايسىلىرى تۇپراقنى يېرىپ چىقىدۇ، ھەرگىز سۆگەت ياكى باشقا دەرەخ ئۈنۈپ چىقمايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ خاسلىقىنىڭ نامايان بولۇشى. ئۆسۈملۈكلەر ئوخشاش تۇپراقتا يىلتىز تارتسا، بەزىلىرى ئاچىز، بەزىلىرى مەززەت ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. گۈللەرنىڭ غۇنچىلىرى ئوخشاش قۇياش نۇرى ئاستىدا، پورەكلەپ مېۋە بېرىدۇ. بەزىسىنىڭ مېۋىسى ئاچچىق، قىرتاق، بەزىلىرى تاتلىق بولىدۇ؛ بەزى ئۆسۈملۈكلەر ھەرەڭ ـ سەرەڭ ئۆسۈپ كىشىنىڭ ئۆچلۈكىنى كەلتۈرسە، بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مەززىلىك پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلۇپ، كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بارلىق ئۆسۈملۈكلەر ئۆزىنىڭ يىلتىزى ئارقىلىق ئوخشاش تۇپراقتىن ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى ساقلاپ قالىدىغان ئېلېمېنتلارنى سۈمۈرىدۇ. ئۆسۈملۈكلەردىكى بۇ بۈيۈك ھاياتلىق قانۇنىيىتى، بۇ خىل ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ كۈچىيىپ بارىدىغان كۈچلۈك ئىنتىلىش، ئۇلارنى ھېچنېمىگە قارىماستىن نامايان قىلىشقا، ئۆسۈپ يېتىلىشكە، ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى ساقلاشقا دەۋەت قىلىدىغان بۇنداق كۈچ دەل يۈكسەكلىك ئىچىگە يوشۇرۇنغان «تارتىش كۈچى قانۇنىدۇر». ئۇ ھېچقانداق پەرمان ئېلان قىلمايدۇ، لېكىن ھەر بىر مۇستەقىل گەۋدىنى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە خاسلىقىغا سادىق بولۇشقا ئۈندەيدۇ. بەزى مۇستەقىل گەۋدىلەر بۇ قانۇننى ئۆزگەرتىشكە

ئۇرۇنىدۇ ، لېكىن بۇنداق ئارزۇسىز بۇ قانۇنىنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ . چۈنكى ئۇنىڭدا ئەمىنى يا ئاچچىق ، يا تاتلىق قىلىۋېتەلەيدىغان ئىقتىدار بار .

7 . مىنېرال ماددىلار دۇنياسىدا ، ئۇ تاغ جىنىسى ، قۇم دانچىسى ، يېپىشقاق توپا تەركىبىدىكى ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچىدۇر . ئۇ گىرانىت تاشتىكى كۈچ ، مەرمەر تاشتىكى گۈزەللىك ، كۆك ياقۇتتىكى ئوت ئۇچقۇنى ، قىزىل ياقۇتتىكى قان . ئۇ بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىكى شەيئىلەرگە تەسىر كۆرسەتكەندە ، بىز ئۇنى ئاسانلا بايقىيالايمىز . ئۇ بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزدا رول ئوينىغان ۋاقىتتا ، ئۇنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان كۈچ - قۇدرىتى تېخىمۇ زور بولىدۇ .

8 . «تارتىش كۈچى قانۇنى» ياخشىمۇ ئەمەس ، يامانمۇ ئەمەس ، ئەخلاق كاتېگورىيىسىدىن ھالقىغان بولۇپ ، ئۇنى ئەخلاق ئۆلچىمى ئارقىلىق ئۆلچەش مۇمكىن ئەمەس . ئۇ بىتەرەپ قانۇن . ئۇنىڭ نەتىجىسى دائىم شەخسنىڭ ئارزۇسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك . تارتىش كۈچى قانۇنىنىڭ بىتەرەپلىكلىكى ۋە ئۇنىڭ رولىنى بىز ئۆسۈملۈكنى ئۆلاش داۋامىدا دەلىللىيەلەيمىز . ئالما دەرىخىنىڭ بىخ نوتىسىنى ئۆزمە دەرىخىگە ئۇلاپ دەرەخ مېۋە بەرگەندە بىر ئوخشاش دەرەختىن يېگىلى بولىدىغان ۋە يېگىلى بولمايدىغان مېۋە چۈشكەنلىكىنى بايقايمىز (ماكىلۇرا پومفېرا دەرىخىنىڭ مېۋىسى يېگىلى بولمايدىغان بىر خىل مېۋە) ؛ باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، نورمال ۋە بىنورمال مېۋە ئوخشاشلا دەرەخ سۈيىدىن ئوزۇق ئالىدۇ ۋە پىشىپ يېتىلىدۇ .

9 . ناۋادا بۇ دەلىلنى ئۆزىمىزگە تەتبىقلىساق ، بىز شۇنى بايقايمىزكى ، ئالما بىلەن ماكىلۇرا پومفېرا بىزنىڭ ئوخشىمىغان ئارزۇيىمىزغا ۋەكىللىك قىلىدۇ . دەرەخ سۈيى «ئۆسۈپ يېتىلىش قانۇنىيىتى»گە ۋەكىللىك قىلىدۇ . دەرەخ سۈيىنىڭ ئوخشىمىغان تۈردىكى (مېۋىنىڭ پىششىنى ئىلگىرى سۈرگىنىگە ئوخشاش) بۇ قانۇنىيەتمۇ بىزنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئارزۇيىمىزنى ئەمەلگە

ئاشۇرىدۇ . مەيلى ئۇ ساغلام بولسۇن ياكى ساغلام بولمىسۇن ، بۇ قانۇنىيەتكە نىسبەتەن ھەممىسى بەرىبىر . چۈنكى ئۇنىڭ ھاياتلىقتىكى ئورنى بىزنىڭ ئارزۇيىمىزغا ھەمدە بۇ ئارزۇلىرىمىزنىڭ خاراكتېر : ئالاھىدىلىكى ، مەقسىتى ۋە رولىغا ئەمەل قىلىپ ، شۇ بويىچە ئىش كۆرۈپ ، بىزنىڭ ئوي - مەقسەتلىرىمىزدە ئاشكارا ئاڭنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان نەتىجىدىن ئىبارەت . بىز ھەر بىرىمىز ئۆزىمىزگە ماس كېلىدىغان ئۆسۈپ يېتىلىش يولىنى تاللايمىز . يەككە تور قانچىلىك كۆپ بولسا ، ئۆسۈپ يېتىلىش يولىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ . يەنە كېلىپ ، ھېچقانداق ئوخشاشلىقى بولمىغان ئىككى ئۆسۈپ يېتىلىش يولى بولمىسىمۇ ، لېكىن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئوخشىشىپ كېتىدىغان يولنى بويلاپ ھەرىكەت قىلىدۇ . بۇ ئۆسۈپ يېتىلىش يوللىرى ئۆتمۈشتىكى ، ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى ئۈمىد - ئارزۇلار بىلەن باغلىنىش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن ھەمدە توختىماي شەكىللىنىۋاتقان «ھازىرنىڭ» ئۆزىدە كۆرۈنىدۇ ، نامايان بولىدۇ . ئۇ بىزنىڭ ھايات يولىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ ، بىز شۇ يولنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەيمىز .

10 . بۇ قانۇنىيەتنى ئۆزىمىزگە تەتبىقلىغان ۋاقىتتا ، ئۇنىڭ تېخىمۇ مۇرەككەپ ، تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك تەرىپىنى كۆرىمىز . ئاددىي تەپەككۇر ئارقىلىق ئۇنى پۈتۈنلەي چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس . ئۇ تېخىمۇ كەڭ ساھەدە بىزنىڭ پۈتۈنلەي يېڭى بىر خىل ئىقتىدارىمىزنى ، يە باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا تېخىمۇ كۆپ سەمىمىيىتىمىزنى ، تېخىمۇ كۈچلۈك چۈشىنىش ئىقتىدارىمىزنى شۇنداقلا تېخىمۇ چوڭقۇر كۆزىتىش ئىقتىدارىمىزنى ئۇرغۇتىدۇ .

11 . تېخىمۇ چىن ھەقىقىي بولغان بىر ھەقىقەت بىزگە قاراپ يېقىنلاشماقتا ، شۇڭلاشقا بىز ھەقىقەتنىڭ ھەرگىز ھەرىكەت سىرتىغا ئەمەس ، بەلكى ھەرىكەت ئارىسىغا يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك . مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ، بۇ قائىدىلەرنىڭ بەدىنىمىزدە ئوينايدىغان رولىنى ھېس قىلىپ يېتىشىمىز كېرەك . خۇددى ، ئۆسۈملۈكنىڭ چىنلىقى ، بىز كۆرگەن سىرتقى ھالىتىدە

ئەمەس ، بەلكى ئىچىگە يوشۇرۇنغان كۈچلۈك ئىنتىلىشىدە ئىپادىلىنىدۇ .

12 . بىز ئۆزىمىزدىكى بىلىمنى ئۆزىمىزنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق جانلىق ئىشلىتىمىز ؛ سىرتتىن قوبۇل قىلغان بىلىمگە باشقىلارنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئېرىشىمىز ؛ ئىككىسى بىرلىشىش ئارقىلىق ئەقلىي ئىقتىدارىمىز تەرەققىي قىلىدۇ . بىز ئاستا ـ ئاستا خاسلىقىقا ئىگە بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ ، بىزدە تەڭداشسىز ئۆزلۈك شەكىللىنىدۇ .

13 . بىز نادانلىقتىن قۇتۇلۇپ ، ئۆسۈپ يېتىلىشىمىزنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئەقلىي ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ ، توختىماستىن ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئاڭلىق ئويلىنىشقا قەدەم قويغاندا ، بىز شەيئىلەرنىڭ باش ـ ئاخىرى ، سەۋەب ـ نەتىجىسىنى ئىزدەشنى ئۆگىنىشكە باشلايمىز . ئىزدەش داۋامىدا ، بىز ئۆزىمىزگە خاس كۆز قارىشىمىز بار دەپ قارايمىز . ئەمەلىيەتتە ، بۇ ۋاقىتتىكى بىز پەقەت ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى قەبىلە تۇرمۇشى ۋە دۆلەت تۇرمۇشىدىن توپلانغان ئېتىقاد ، ئىدىيە ۋە ئەمەلىي رېئاللىقتا تۇرغان ئوقۇغۇچىدىن ئىبارەت .

14 . بىزنى دائىم بىر خىل قورقۇنچلۇق ۋە بىنورمال ھالەت چۇلغىۋالىدۇ ، بۇنى يېڭىشتىكى بىردىنبىر قورال ، بارلىق قانۇنىيەتلەرگە سىڭگەن ئۆزگەرمەس بىردەكلىك . بۇ بىزنىڭ بىلىۋېلىشىمىزغا تېگىشلىك يادرولۇق ھەقىقەت . بىز ئۆزىمىزگە خوجايىن بولۇشتىن ئاۋۋال چوقۇم بۇنىڭدىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك . ئۆسۈش قانۇنىيىتى كوللېكتىپ پىشىپ يېتىلگەن بولىدۇ . چۈنكى ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق بىر تۇرلۇك ئىقتىدارى : «ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان نەرسىگە تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇندەش» تۇر .

15 . سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىنىڭ بىر ـ بىرىگە بويسۇنۇشىغا ، ئالدى بىلەن سەۋەب ، كېيىن نەتىجە بولغىنىغا ئوخشاش ، ئىدىيەمۇ ھەرىكەتتىن بۇرۇن بولىدۇ ، شۇنداقلا ئالدىنئالا ھەرىكەتنى بەلگىلىگەن بولىدۇ . ھەر بىر ئادەم چوقۇم ئاڭلىق ھالدا بۇ

www.uyghurkitap.com

قانۇنىيەتتىن پايدىلىنىشى كېرەك . بىزنىڭ ئۇنىڭدىن پايدىلانماس-
لىقىمىزنىڭ ئاساسىمىز يوق . چوقۇم پايدىلىنىشىمىز . قانداق پايدىلىنىش-
نى تاللىشىمىز كېرەك .

16 . ئىنسانلار قەدىمكى ئادەمدىن ئاڭلىق ئادەمگە تەرەققىي قىلىش داۋامىدا ، سىرتقى قىسىمدىن قارىغاندا مۇنداق ئۈچ باسقۇچ-نى بېشىدىن كەچۈرگەن . ئالدى بىلەن ئىنسانلار ئۆسۈپ يېتىلىش داۋامىدا ياۋايىلىق ياكى ئاڭسىز ھالەتنى باشتىن كەچۈرگەن . ئاندىن ئاڭ تەرەققىياتىنىڭ ئەقىل ـ ئىدراك ھالىتىنى باشتىن كەچۈرگەن . ئەڭ ئاخىرىدا ئىنسانلار ئۆسۈپ يېتىلىش داۋامىدا ، ئاڭنى تونۇشنىڭ ئاڭلىق ھالىتى باسقۇچىغا كىرگەن .

17 . ھەممىگە مەلۇمكى ، ئۆسمۈرلۈكنىڭ تۇگۇنەك غولىدا يېڭى بىخ ئۆسۈپ چىقىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ يىلتىزى ئۆسۈپ چىقىدۇ . ئۇ قوياش نۇرىدا پورەكلەپ غۇنچىلاشتىن ئىلگىرى چوقۇم ئۇنىڭ يېڭى بىخى ئۆسۈپ چىقىشى زۆرۈر . بۇ قانۇنىيەت ئىنسانلار-دىمۇ ئوخشاشلا رول ئوينىيالايدۇ . بىز ئىپتىدائىي ھالەتتىن (تۇگۇنەك غولغا ئوخشاش جانلىق ھـالەتتىن ) ئىككـى تەرەققىي قىلغان ئەقىل ـ ئىدراك ھالىتىگە تەرەققىي قىلىشتىن ئىلگىرى ، بىزنىڭ ئالدى بىلەن يىلتىزىمىز ئۆسۈپ چىقىشى (بىزنىڭ يىلتىزىمىز بىزنىڭ ئىدىيىمىزدىن ئىبارەت ) زۆرۈر ؛ ئوخشاشلا بىر ئاڭنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ساپ بىلىش ھالىتىدىن ئاڭنى چۈشىنىدىغان ئاڭلىق ھالەتكە تەرەققىي قىلىشتىن ئىلگىرى ، بىزنىڭ چوقۇم يىلتىزىمىز ئۆسۈپ چىقىشى زۆرۈر (بۇ ۋاقىتتىكى يىلتىزىمىز ئەقلىي ئامىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدىيەدىن ئىبارەت ) . ناۋادا بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلساق ، بىز مەڭگۈ قانۇنىيەت تەرىپىدىن يارىتىلغۇچى بولىمىز . ھەرگىز قانۇنىيەتنىڭ خوجايىنى بولالماي-مىز .

18 . ئۆسمۈرلۈكنىڭ چوقۇم پورەكلەپ ئېچىلىشى زۆرۈر بول-غىنىدەك ، بىزمۇ چوقۇم ئىندىۋىدۇئاللىقىغا ئىگە بولۇشىمىز كې-رەك . باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، بىز چوقۇم بىر مۇكەممەل ھاياتـ-

لىق ھازىرلاشقا تېگىشلىك ، ئەتراپقا ئۈزلۈكسىز نۇر چاچىدىغان
گۈزەللىكنى نامايان قىلىشىمىز كېرەك . بىز بىر كۈچ بىرلىكى ،
مۇستەقىل گەۋدە . بىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىمىزنى كونترول قىلى-
دىغان قانۇنىيەتنىڭ خوجايىنى . ھەر بىر ئادەمنىڭ تېنىدە بۇ خىل
قانۇنىيەت تەسىر كۆرسىتىدىغان كۈچ بولىدۇ . بۇ كۈچ ئۆزىمىز-
ئارقىلىق ھەرىكەتنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىدۇ . مۇشۇ خىل ئۇ-
سۇل ئارقىلىق ، بىز قانۇنىيەتنى ئىگىللەيمىز ، شۇنداقلا ئۇنىڭ
تەسىرىنى ئاڭلىق تونۇش ئارقىلىق نەتىجە ھاسىل قىلىمىز .

19 . ھاياتلىق قانۇنىيەتكە قەتئىي بويسۇنىدۇ . بىز ئۆز ھاياتى-
مىزنىڭ ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز خىمىدىكى . بىز ھاياتلىقنىڭ ھەقى-
قىي ماھىيىتىنى ھېس قىلغان ۋاقتىمىزدا ، ئۇنىڭ بىر قاتار خىمىيە-
لىك تەسىرلەردىن تەركىب تاپقانلىقىنى بايقايمىز . بىز ئوكسىگېن
بىلەن نەپەسلەنگەندە ، قېنىمىزدا خىمىيەلىك پەيدا بولىدۇ ؛ بىز
يېمەكلىك ۋە ئوزۇقلۇق سۈمۈرگەندە ، خىمىيەلىك رېياكسىيە ھە-
زىم قىلىش ئەزالىرىمىزدا يۈز بېرىدۇ . بىز تەپەككۇر قىلغان
ۋاقتىمىزدا خىمىيەلىك قەلبىمىزدە ، شۇنداقلا بەدىنىمىزنىڭ ئىچ-
كى قىسمىدا يۈز بېرىدۇ . ھەتتا ئۆلگەنلىكى جاكارلانغان تەقدىردى-
مۇ خىمىيەلىك تەسىر ئوخشاشلا يۈز بېرىدۇ ھەمدە ئادەمنىڭ مۇس-
كۇلىنى پارچىلايدۇ ؛ شۇڭلاشقا ، بىز تۇغۇلۇش ، قېرىش ، كېسەل
بولۇش ، ئۆلۈپ كېتىش ، ھەرىكەت قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممى-
سى خىمىيەلىك رېياكسىيە ئىكەنلىكىنى بايقايمىز . ھاياتلىق قانۇ-
نىيەتكە ئۇيغۇن ، بىزنىڭ بارلىق پائالىيىتىمىز چوقۇم قانۇنىيەتكە
بويسۇنۇشى كېرەك .

20 . ھاياتلىق ماس قەدەمدە ئالغا ئىلگىرلەش جەريانى بولۇپ ،
«تارتىش كۈچى قانۇنى»نىڭ كونترول قىلىشىغا ئۇچرايدۇ . بىز-
نىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىمىزمۇ قارىماققا ئوخشاش بولمىغان ئۈچ باس-
قۇچنى باشتىن كەچۈرىدۇ . بىرىنچى باسقۇچتا ، بىز قانۇنىيەت
تەرىپىدىن يارالغۇچى ؛ ئىككىنچى باسقۇچتا ، بىز قانۇنىيەتتىن ئاڭ-
سىز پايدىلانغۇچى ؛ ئۈچىنچى باسقۇچتا ، بىز يوشۇرۇن ئاڭدىكى

ئاڭىنىڭ كۈچىدىن پايدىلانغۇچى . ناۋادا ، بىز پەقەت بىرىنچى باسقۇچتىكى قانۇنىيەتتىنلا پايدىلانساق ، قانۇنىيەتنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قالىمىز ؛ ئىككىنچى باسقۇچتىكى قانۇنىيەت ۋە ئۆسۈشتىن قانائەتلەنسەك ، بىز تېخىمۇ زور ئىلگىرىلەشنى ھەرگىز ھېس قىلالماي كېتەلمەيمىز . ئۈچىنچى باسقۇچتا ، بىزدە بىرىنچى ۋە ئىككىنچى باسقۇچتىكى قانۇنىيەتكە بولغان تونۇش ئىقتىدارى ئويغىنىدۇ ھەمدە ئۈچىنچى باسقۇچتىكى قانۇنىيەتنى پۈتۈنلەي ھېس قىلالايمىز .

21 . ئىدىيەمىز پاسسىپ بولغاندا بۇزغۇنچىلىق خاراكتېردىكى زىيانلىق خىمىيەلىك رېياكسىيە . بۇ ئارقىلىق ھېس قىلىش ئىقتىدارىمىز ئاستىلاپ بارىدۇ . نېرۋا ئىقتىدارىمىز ئاجىزلىشىدۇ . ئەقىل ـ ئىدراكىمىز ۋە بەدىنىمىزمۇ پاسسىپلىشىپ بارىدۇ ، كۆپ خىل كېسەللىكنىڭ ھۇجۇمىغا ئاسانلا ئۇچرايمىز . يەنە بىر تەرەپتىن ، ئاكتىپ ئىدىيەدە بولغان ۋاقتىمىزدا ، ئىجادىي خاراكتېردىكى ساغلام خىمىيەلىك رېئاكسىيە ، تەپەككۇر ۋە بەدىنىمىزدە ناچار ئىدىيە ئېلىپ كەلگەن كۆپ خىل كېسەلگە قارشى ئىقتىدار ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ . ئازابنى ئويلىساق ، ئازابقا ئېرىشىمىز ، مۇۋەپپەقىيەتنى ئويلىساق ، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىمىز . بۇزغۇنچىلىق خاراكتېردىكى ئىدىيەدە بولغان ۋاقتىمىزدا ، تېنىمىزدە ھەزىم قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان خىمىيەلىك تەسىر يۈز بېرىدۇ . ئۇ ئەكسىچە بەدەننىڭ باشقا ئورگانىزملىرىنى غىدىقلايدۇ ، شۇنداقلا تەپەككۇرىمىزغا تەسىر كۆرسىتىپ كېسەل ۋە بىئاراملىقنى پەيدا قىلىدۇ . بىز ئازابلانغان ، بىئارام بولغان ۋاقتىمىزدا ئازابلىق خىمىيەلىك تەسىرنىڭ كېرەكسىز سۇ كۆلچىكىنى ئېلىشتۇرگەن بولىمىز . بۇ تەپەككۇرىمىزغا ۋە بەدىنىمىزگە قورقۇنچلۇق بۇزغۇنچىلىقلارنى سالىدۇ . ئەكسىچە ئىجادىي ئاكتىپ ئىدىيە بىزگە ساغلاملىق ئېلىپ كېلىدۇ .

22 . بۇ ئانالىزلار بىزگە شۇنى ئىسپاتلاپ بېرىلىدۇكى : ھاياتلىق ئاساسلىقى خىمىيەلىك تەسىر ، تەپەككۇر بولسا ئىدىيەنىڭ خىمىيە تەجرىبىخانىسى . بىز ھەممىمىز ئاڭ تەجرىبىخانىسىدىكى

خىمىيە ئالىملىرى . ئۇ يەردىكى بارلىق نەرسىلەر بىز ئۈچۈن تەييارلانغان بولۇپ ھاسىلات بىزنىڭ ئىشلەتكەن نەرسىلىرىمىزگە باغلىق . باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، بىزنىڭ ئىدىيەمىزنىڭ خاراك-تېرى بىزنىڭ باشتىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىمىز ۋە قىسمەتلىرى-مىزنى بەلگىلەيدۇ . بىز ھاياتىمىزدا قانداق ئۇرۇق تېرىساق ، بىز-مۇ ھاياتلىقتىن شۇنىڭغا ئېرىشىمىز — بۇ ھەرگىز كۆپمۇ بولماي-دۇ ، ئازمۇ بولمايدۇ .

23 . بىز ھاياتىي قابىلىيەتنى چۈشەنگەن چېغىمىزدا ئۇنىڭ پۇرسەت مەسىلىسى ، ئېتىقاد مەسىلىسى ، دۆلەت تەۋەلىكى مەسى-لىسى ، بايلىق مەسىلىسى ، ھوقۇق مەسىلىسى ئەمەسلىكىنى بايقاي-مىز . شەخسنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى داۋامىدا بارلىق مەسىلەر ئۆز ئالدىغا بىر ئورۇن ئىگىلەيدۇ . لېكىن ھەل قىلغۇچ رول ئوينىيال-مايدۇ . بىز ئاخىرىدا مۇقەررەر ھالدا : تەبىئەت قانۇنىيىتىگە بوي-سۇنۇشنىڭ نەتىجىسىدە بىردەكلىك ۋە ماسلىقنى مۇقەررەر ھېس قىلالايمىز .

24 . قانۇنىيەتنىڭ بۇ خىل ئېنىقلىقى ۋە مۇقىملىقى بىزنىڭ ئەڭ چوڭ بايلىقىمىز . بىز بۇ ئۇنۇملۇك كۈچنى تونۇپ يەتكىنى-مىزدە ، شۇنداقلا ئاقىلانىلىك بىلەن پايدىلانغىنىمىزدا ، دەل بىز-نىڭ بىزنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرىدىغان ھەقىقەتنى بايقىغان ۋاقى-تىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

25 . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، پەن - تېخنىكىدا غايەت زور تەرەققىياتلار بارلىققا كېلىپ ، غايەت زور بايلىق نامايان بولدى . شۇنداقلا غايەت زور ئىمكانىيەت ھەممە كىشىلەرگە مەلۇم بولمىغان كۈچ - قۇدرەت ئاشكارىلاندى . بۇنىڭ بىلەن ئالىملار بارغانسىرى بەزى ئاللىبۇرۇن بېكىتىلگەن نەزەرىيىلەرنى ھەرگىز يىمىرىلمەي-دۇ ، ئۆزگەرمەيدۇ ، مەڭگۈ توغرا دەپ مۇتلەقلەشتۈرەلمەيدىغان ، مەلۇم بىر نەزەرىيە ناھايىتى قاملاشمىغان ، ھەرگىز مۇمكىن بول-مايدۇ دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ ، بىر خىل يېڭى مەدەنىيەت بارلىققا كېلىشكە باشلىدى . كونا ۋە قالاق ئۆرپ - ئادەت ، قاتمال دوگمىچىلىق ، رەھىمسىز غالجىرلىق ئۆتمۈشكە

ئايلاندى ؛ ئۇنىڭ ئورنىنى ئىلغار كۆز قاراش ئىگىلىدى . ئىنسانلار جەمئىيىتى ئەنئەنىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ ، مىلىتارىزم ۋە ئىدىيالىزمنىڭ قالدۇق داشقاللىرى پەيدىنپەي تازىلىنىپ ئىدىيەدە ئازادلىققا ئېرىشتى . ھەقىقەت يېپيېڭى قىياپەت بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى .

26 . گەرچە ئىنسانىيەت تارىخىدا سانسىزلىغان مۆجىزىلەر يارىتىلغان بولسىمۇ ئەقلىي تەپەككۇر قانۇنىيىتى بارلىققا كەلتۈر-گەن مۇمكىنچىلىككە نىسبەتەن بىز پەقەت ھەيرانلا قالىمىز خالاس ، بۇ خىل يېڭى بايقاشنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى بىزگە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم ، بىز ئەمدىلەتىن ناھايىتى ئاز مىقداردا ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى-نى تونۇشقا باشلىدۇق . ئۇ ئۇنىڭغا بويسۇنغان كىشىگە مۇۋەپپەقى-يەت ئېلىپ كېلىدۇ . بۇ تەرىپىنى نۇرغۇنلىغان كىشىلەر چۈشى-نىشكە ۋە ئەمەل قىلىشقا باشلىدى . هازىر تېخىمۇ كۆپ مۆجىزىلەر يۈز بەرمەكتە .

27 . هازىر پۈتكۈل دۇنيا ئويغىنىش هارپىسىدا تۇرماقتا ، يېپيېڭى بىر كۈچ ۋە ئاڭ (تونۇش ) نى كۈتۈۋالماقتا . بۇ بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدىن چىققان پۈتۈنلەي يېڭى بىر خىل كۈچ ـ قۇدرەت . بىزنىڭ ئىچكى دۇنيايىمىزغا بولغان پۈتۈنلەي يېڭى تونۇش . ئال-دىنقى ئەسىر ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ پارلاق ماددىي تەرەققى-ياتنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان بولسا ، بۇ ئەسىر ئىنسانىيەتنىڭ روھى ۋە قەلبىگە تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارنى ئېلىپ كەلگۈسى .

ئىدىيە ھەر قانداق گەپ ـ سۆزدىن چوڭقۇر ،
تەسىرات ھەرقانداق ئىدىيەدىن چوڭقۇر .
ھەرقانداق بىر ئىشنى ئۆزى بىلمەي تۇرۇپ
باشقىلارغا ئۆگەتكىلى بولمايدۇ .

هاننىبل

www.uyghurkitap.com

## 4 ـ ساۋاق : تەپەككۇر بارلىق ھەرىكەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى يادرو

1 . تارىخ ، مۇھىت ، ماسلىق ، پۇرسەت ، مۇۋەپپەقىيەت شۇن- داقلا باشقا ھەرقانداق نەرسىنى ھەرىكەت يارىتىدۇ . مەيلى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھەرىكەت بولسۇن ، ھەممىسىنى ئىدىيە پەيدا قىلىدۇ . لېكىن ئىدىيە ھەرگىز بىكاردىن ـ بىكار پەيدا بولۇپ قالمايدۇ . ئىدىيە ئەقلىي تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى . شۇ سەۋەبتىن بىر تەرەپ ناھايىتى ئايدىڭلاشتى ، ئۇ بولسىمۇ : تەپەككۇر بارلىق ھەرىكەتلەر- نىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئىجادىي خاراكتېردىكى يادرو .

2 . ھازىرقى دۇنيا سودا دۇنياسى . بۇ سودا دۇنياسى يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن كۈندىن باشلاپلا نۇرغۇن ئىچكى قانۇنىيەتلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا ، كونتروللۇقىدا بولۇپ كەلگەن . بۇ قانۇنىيەتلەرنى ھەتتا ھەرگىز ئۇنىڭدىن مۇشۇ ئامىللارنى بېسىپ چۈشكۈدەك ھەر قانداق كۈچ ـ قۇدرەت توختىتىپ قويالمايدۇ ياكى ئەمەلدىن قالدۇ- رالمايدۇ . لېكىن بۇ تەرىپىنى ئىسپاتلاش ھاجەتسىز ؛ يۇقىرى دەرد- جىدىكى قانۇنىيەت تۆۋەن قاتلامدىكى قانۇنىيەتنى باسىدۇ . خۇددى دەرەخ سۈيىنىڭ يۇقىرىغا ئۆرلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارسا ، يەرنىڭ تارتىش كۈچى قانۇنىيىتى ئۇنى پەسكە چۈشۈرەلمەي ، ئۇ تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغانغا ئوخشاش بىر ئىش .

3 . تەبىئەت تارىخى ئالىملىرى نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ كۆرۈنمە ھادىسىنى كۆزەتكەن . ئۇنىڭ مېڭىسىدىكى كۆزىتىشكە مەسئۇل بولغان ئاشۇ بىر قىسمى توختىماستىن ئالاقىدار بىلىملەر- نى توپلىغان . نەتىجىدە ئۆزى كۆرگەن شەيئىنى تونۇشتا ئۇ باشتا بۇخىل ھادىسىنى كۆزەتمىگەن دوستىغا قارىغاندا ناھايىتى تەجرىبە- لىك ۋە پىشىپ كەتكەن . ئۇ پەقەت مۇنداقلا قاراپ چىقىپلا كۆپ

مىقداردىكى تەپسىلاتلارنى ئىگىلىگەن . ئۇ ئاڭلىق هالدا كۆزىتىش جەھەتتە ئۆزىنىڭ مېڭە ئىقتىدارىنى كېڭەيتكەن ، ئاشۇرغان . ئۆزىنىڭ مېڭىسىنى چېنىقتۇرۇپ ، مەشىق ئارقىلىق ئاشۇنداق دەرىجىگە يەتكەن . شۇڭا بىز مۇنداق يەكۈنگە كېلىمىز : بىر ئادەمنىڭ كۆزىتىش ئارقىلىق ئۆگەنگەن بىلىمى كۆزىتىش ئېلىپ بارمىغان ھەمراھىغا قارىغاندا ، خېلىلا يۇقىرى بولىدۇ . ئەكسىچە ، بىر ئادەم ناۋادا خىزمەت قىلمىسا ، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئىنچىكە نازۇك تەپەككۇرى بارغانسېرى گاللىشىپ ، بارغانسېرى ئۆلۈك ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ ، ھەتتا ئاخىرىدا ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتى ئۇنۇمسىز ، قۇرۇق بىر پارچە يەرگە ئوخشاپ قالىدۇ .

4 . بىزنىڭ ئارزۇيىمىز ئىدىيەنىڭ ئۇرۇقى ، بۇ ئۇرۇق مۇۋاپىق شارائىتتا بىخلىنىپ ئۆستۈرۈلىدۇ ، چېچەكلەپ مېۋە بېرىدۇ . بىز ھەر كۈنى مۇشۇنداق ئۇرۇق سېلىپ يەنە نېمىگە ئېرىشمەكچى ؟ بۇگۈنكى ھەر بىر كۈن ئىلگىرىكى تەپەككۇرنىڭ نەتىجىسى ، كەلگۈسى ھازىرقى تەپەككۇرنىڭ نەتىجىسى ، بىز ئۆزىمىز ياراتقان ھەم ساقلاپ كېلىۋاتقان ئىدىيە ئارقىلىق ئۆز پەزىلىتىمىزنى ، خاراكتېرىمىزنى ۋە مۇھىتىمىزنى يارىتىمىز ، تارتىشىش كۈچى قانۇنىيىتى مەنىۋى دۇنيادا ئوخشاشلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . ئۇ ئادەم تارتىش كۈچى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە ئەمەس ، بىزنىڭ ئىدىيەمىز ئۆزىگە ھەمراھ ئىزدەپ ، ئۆزىگە ماس كېلىدىغان مەنىۋى ئېقىمنى ئۆزىگە تارتىدۇ . ھەر بىر ئىدىيە ناھايىتى كونكرېتلىشالايدۇ ، مەنىۋى ئېقىم توك ئېقىمى ، ماگنىت ئېقىمى ۋە ئىسسىقلىق ئېقىمىغا ئوخشاش چىن .

5 . تەپەككۇرنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن كۈچى توختىماي ئۈزلۈكسىز مەشىق قىلىش ئارقىلىق قېزىپ چىقىلغان . ھەرىكەتنىڭ ھەر بىر خىل شەكلى ئەمەلىيەت ئارقىلىق تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ . تەپەككۇرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان مەشىقلەر تۈرلۈك مەقسەت ـ مۇددىئالارنى نامايان قىلىدۇ . ئۇلار : چۈشىنىش ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ، مىجەز ، خۇلقىنىڭ

يېتىلىشى ، تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ مولىشى ، بىۋاسىتە سېزىم ئىقتىدارىنىڭ كېڭىيىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، بىۋاسىتە سېزىم ئىقتىدارىغا نىسبەتەن ئىلھام بېرىش ياكى چەكلەش ھاجەتسىز ، پەقەت ئۇنى ئىختىيارىي جارى قىلدۇرۇش ، تەرەققىي قىلدۇرۇش زۆرۈر .

6 . بۇنىڭدىن باشقا ، تەپەككۇر ئىقتىدارىنى ئەخلاق - پەزىلەتنى يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش زۆرۈر . سېنكا : تەۋرەنمەس ئىرادە بىلەن توغرا تاللاش ئېلىپ بارالىغان كىشى ئۇلۇغ كىشىدۇر » دېگەن . تولۇق تەپەككۇر ئىقتىدارى ئۇنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ . شۇ سەۋەبتىن ھەر قېتىملىق ئاڭلىق مەنىۋى ئىرىشچانلىقنى شۇنىڭغا مۇناسىپ ئەخلاق نىشانىغا يەتكۈزۈش زۆرۈر . تەرەققىي قىلغان بىر خىل ئەخلاق كۆز قارىشى ھەرىكەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ۋە ئىزچىللىقىنى كۈچەيتىدۇ . شۇڭلاشقا ، ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان ئەخلاق - پەزىلەت تەن ساغلاملىقى ۋە ئەخلاق ساغلاملىقىنى ئاساس قىلىشى زۆرۈر . بۇ ئامىللار بىرلىشىپ كۈچلۈك ، قۇدرەتلىك كۈچنى ھاسىل قىلىدۇ ، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرىدا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ .

7 . بىز تەبىئەتنىڭ بارچە مەۋجۇدات ئارىسىدا تەڭپۇڭلۇق ئىزدەيدىغانلىقىنى ، ھەر خىل توقۇنۇش ، ھەر بىر خىل زەربە ، ھەر خىل قىيىنچىلىق ئىچىدىن ئۈزلۈكسىز ھالدا ئىناق مۇھىت يارىتىدىغانلىقىنى بايقىدۇق . ئىدىيەدىكى ماسلىق تەبىئەتنىڭ ماددىي شارائىت ۋە ئىناق مۇھىت يارىتىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان شەرتتىن ئىبارەت .

8 . ئاۋادا بىز تەپەككۇرنىڭ بۈيۈك ئىجادىي خاراكتېرىدىكى كۈچ - قۇدرەت ئىكەنلىكىنى چۈشەنگىنىمىزدە ، بارلىق نەرسىنىڭ مۇمكىنچىلىكى بولىدۇ . دەل ئارزۇ - ئىستەك بىر خىل كۈچلۈك ئىجادىي ئېنېرگىيە بولغانلىقتىن ، بىز تۇرمۇش ۋە تەقدىرىمىزدە ئۆزىمىزنىڭ ئارزۇ - ئىستىكىمىزنى يېتىلدۇرىشىمىز ، كونترول قىلىشىمىز ، يېتەكلىشىمىز ۋە ئۇنى ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت

قىلدۇرىشىمىز كېرەك. يۇكسەك مەنىۋى كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە كىشىلەر ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە هۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تەسىر كۈچىنى مەيلى يىراقتىن ياكى يېقىندىن بولسۇن، ھەممىسى دېگۈدەك ھېس قىلالايدۇ. ئۇلار ھەتتا ناھايىتى يىراقتا تۇرۇۋاتقان كىشىلەرنىمۇ كونترول قىلىدۇ. باشقىلارغا هۆكۈمرانلىق قىلىدىغان غالىبلار ھەممىسى كۈچلۈك تەپەككۇردىن ئىبارەت بۇ خىل غايەت زور كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە كىشىلەر. ئۇلار باشقىلارنى ئۆزىگە موھتاج قىلىدۇ ھەم ئۇلار بىلەن بىردەكلىكنى ساقلايدۇ. ئۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى مۇستەھكەملەيدۇ. شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. مۇشۇنداق قىلىپ، غالىبلارنىڭ ئارزۇسى باشقىلارنىڭ تەپەككۇرىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەمدە ئۇلارنى غالىبلار- نىڭ بېكىتكەن يولىدا مېڭىشقا شۇ بويىچە ھەرىكەت قىلىشقا يېتەك- لەيدۇ.

9. ھەر بىر ئادەم ناۋادا ئۆزىدىكى يوشۇرۇن كۈچنى قازمىسا ئاجىزلاردىن بولۇپ قالىدۇ. پەقەت ئۆزىدىكى ئەقىل ـ ئىدراك ۋە ئەخلاقنى بويسۇندۇرۇش كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرغاندىلا ئاندىن باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان نوپۇزىنى نامايان قىلالايدۇ. بۇ دەل بۈگۈنكى كۈندە ئىنتايىن كەمچىل بولۇۋاتقان ھەم پۈتۈن دۇنيا ئىنتىلىۋاتقان ھەقىقەت. ھەر بىر ئادەمدە ئىنتايىن يۇكسەك بىر خىل يوشۇرۇن كۈچ تۇغۇلۇشىدىنلا پەيدا بولىدۇ. ھەر بىر ئادەمدە ئەقلىي ـ ئىقتىدار، ئەخلاقىي پەزىلەت بولىدۇ. بەزىلەر بۇنى ھېس قىلسا، بەزىلەر بولسا غەپلەتتە ياتقان بولىدۇ.

10. بىز ھەر كۈنى كۈننىڭ «چىققان ۋە پاتقان»لىقىنى كۆرۈپ تۇرىمىز. بۇنىڭ ھەرىكەتنىڭ سىرتقى ئىپادىسى ئىكەنلىكى بىزگە ئايان، پۈتىمىز ئاستىدىكى يەر شارىنىڭ تىنىچ تۇرىدىغانلىقى- نى ھېس قىلىمىز، لېكىن ئۇنىڭ ئۇچقاندەك چۆرگىلەۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرىمىز، شۇڭا دۇنيادا تىنىچ ھالەت مەۋجۇت ئەمەس. تىنىچ ھالەت بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزدا مەۋجۇت دەيمىز. بىز دائىم

سائەتنى «ئاۋاز چىقىرىدىغان ئەسۋاب» دەيمىز. سائەتلەرنىڭ ھاۋادا پەيدا بولغان تەۋرىنىشتىن ئاۋاز چىقىرىدىغانلىقى بىزگە مەلۇم، سېكۇنتىغا 16 قېتىم تەۋرىنىشى بولغاندا، بۇنىڭدىن بىز ئاڭلاش سېزىمىمىز ھېس قىلالايدىغان ئاۋاز پەيدا بولىدۇ. سېكۇنتىغا 38000 قېتىم تەۋرىنىش بولغاندا بىز ئۇنى ئاڭلىيالمايمىز. تەۋرىنىش قېتىم سانى بۇ ساندىن ئېشىپ كەتكەندە بارلىق نەرسە ئۆزىنىڭ تىنچ ھالىتىگە قايتىدۇ. شۇڭلاشقا بىز بۇنداق يەكۈنگە ئېرىشىمىز. ئاۋاز چىقارغىنى بولسا سائەت بولماستىن بەلكى ئاۋاز بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزدۇر.

11. بىز قۇياش چاچقاندا كۆزىمىزنى چاقنىشىنى ھېس قىلىمىز. ئەمما، ئۇنىڭ ئېنېرگىيە قويۇپ بېرىدىغىنى بىزگە ئايان. بۇ خىل ئېنېرگىيە ئالەمدە چاستوتىسى سېكۇنتىغا 400 تىرىليون قېتىم تەۋرىنىشنى ھاسىل قىلىپ كىشىلەر ئېيتقان يورۇقلۇق دولقۇنىنى پەيدا قىلىدۇ. تەۋرىنىشنىڭ قېتىم سانى سېكۇنتىغا 400 تىرىليون قېتىمدىن تۆۋەن بولغاندا، بىز يورۇقلۇقنى ھېس قىلالمايمىز، بىز پەقەت ئىسسىقلىقنى ھېس قىلىمىز. شۇڭلاشقا بىز ئېيتىپ كېلىۋاتقان يورۇقلۇقنىڭ پەقەت بىر خىل ھەرىكەت شەكلى ئىكەنلىكى بىزگە مەلۇم. بىردىنبىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان «نۇر» پەقەت بۇ تەۋرىنىشنىڭ بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزدا قوزغىغان ھېس ـ تۇيغۇسى. تەۋرىنىشنىڭ قېتىم سانى ئۆزگەرگەندە، يورۇقلۇقنىڭ رەڭگىدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ. رەڭنىڭ ھەر قېتىملىق ئۆزگىرىشى تەۋرىنىشنىڭ قېتىم سانى ياكى سۈرئىتى ئۆزگەرگەنلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭلاشقا، بىز ئەتىرگۈلنى قىزىل، ئوت ـ چۆپنى يېشىل، ئاسماننى كۆك رەڭدە دەيمىز، لېكىن بۇ رەڭلەرنىڭ پەقەت بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزدا مەۋجۇت ئىكەنلىكى بىزگە چۈشىنىشلىك. يورۇقلۇق دولقۇنىنىڭ تەۋرىنىشى بىزنىڭ كۆرۈش سەزگۈمىزدىكى ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭلاشقا بىز قۇياش نۇرىنىڭ رەڭگى يوق ئىكەنلىكىنى، رەڭنىڭ پەقەت بىزنىڭ ئېڭىمىزدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. بىزگە

نىسبەتەن سىرتقى ھادىسە پەقەتلا بىزنىڭ ئېڭىمىزدا مەۋجۇت بولۇپ
تۇرىدۇ ، ھەتتا زامان ـ ماكانمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ . ۋاقىت پەقەت
ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ تۇرىدىغان پايدىلىنىش ئوبيېكتىپى بولۇپ
قالىدۇ . ھازىرقى مۇلاھىزە پايدىلانمىسى بولۇشتىن باشقا ، ئۆتمۈش
ۋە كەلگۈسى مەۋجۇت بولمايدۇ .

12 . ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسى بىزگە : يورۇقلۇق
بىلەن ئاۋازنىڭ كۈچلۈكلۈكى ئوخشاش بولمىغان ھەرىكەت ئىكەن-
لىكى ، بۇنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئىچكى كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى بايقىشىنى
كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى . بۇلارنى ئاشكارىلاشتىن ئىلگىرى كى-
شىلەر ئەزەلدىن بۇنداق كۈچ ـ قۇدرەتنى ھېس قىلىپ باقمىغانلى-
قىنى ئوقتۇرۇپ قويدى . «تەپەككۇر بىر خىل ئومۇمىيۈزلۈك مەۋ-
جۇت بولۇپ تۇرىدىغان ماددا ، بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ئاساسى» .
نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ھازىر كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان ھەقى-
قەتكە نىسبەتەن ئېنىق بىر نەرسە دېيىشكە پىكىر بېرىشكە تىرىشى-
ۋاتىدۇ ، بۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەمەلىيەت . بۇنىڭدىن ئىلگىرى كى-
شىلەرنىڭ ئورتاق ئېڭىغا بۇ ئۇقۇم ئەزەلدىن سىڭىپ كىرمىگەن .

13 . ھەر بىر ئاتوم مەيلى پارچىلانسۇن ياكى بىرىكسۇن ،
ھەممىسى دېگۈدەك مەلۇم تەرەپتىن قوبۇل قىلىنماي قالمايدۇ .
ئۇنى يوقاتقىلىمۇ بولمايدۇ . ئۇ پەقەت ئىشلىتىش زۆرۈرىيىتى
تۇپەيلىدىنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ھەمدە ئۆزى مەۋجۇت بولۇپ
تۇرۇشقا تېگىشلىك جايدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . تېگى ـ تەكتى-
دىن ئېيتقاندا ، بىر قانۇنىيەت بارلىق مەۋجۇتلۇقنى كونترول قى-
لىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ . تۇرمۇشىمىزنى
ئورۇنلاشتۇرىدىغان قانۇنىيەت ناۋادا جايىدا ئىشلىتىلسە بىزگە پايدا
ئېلىپ كېلىدۇ . بۇ قانۇنىيەتلەرنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ ، بىزمۇ
ئۇلاردىن ئايرىلالمايمىز . بۇ ئۇلۇغ مەڭگۈلۈك كۈچ ـ قۇدرەت
جىمجىتلىق ئىچىدە رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ . بىز گەرچە قانۇنى-
يەتنى يوقىتالمىساقمۇ ، ئۇلارنى ئۆزىمىز ئۈچۈن ئىشلىتەلەيمىز .
بىزنىڭ قىلالايدىغان ئىشىمىز بولسا ، قانۇنىيەت بىلەن ماس قەدەم-

دە بىللە تۇرۇپ بىر ئۆمۈر تىنچ ۋە بەختلىك ياشاشتىن ئىبارەت .
14 . مۇشكۇلات ، توقۇنۇش ، توسالغۇ قاتارلىقلارنىڭ ھەممە-
سى بىزگە شۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى : ئۆسۈپ يېتىلىش كۈنىسى-
نىڭ ئورنىنى يېڭىسى ئېلىش ، ناچىرىنىڭ ئورنىنى ياخشىسى
ئېلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ . بىز يا ئۆزىمىزگە ئېھتىياجلىق
بولمىغان نەرسىنى ياكى ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىنى قوبۇل قى-
لىشنى رەت قىلىمىز ، بىزمۇ پەقەت ئۆزىمىز قوبۇل قىلالايدىغان
نەرسىنى بېرىمىز ؛ ئۇنىڭ بىزگە مەنسۇپ بولۇشىدىكى سەۋەب ،
بىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىمىزنىڭ سۈرئىتى ۋە ماسلىشىشچانلىق
دەرىجىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈندۇر . بۇ بىر خىل شەرتلىك ، ئۆز ئارا
پايدا يەتكۈزىدىغان ھەرىكەت . چۈنكى ھەر بىرىمىزدە مۇكەممەل
بولغان بىر ئىدىيە ئەمەلىي گەۋدىسى بار . بۇ خىل مۇكەممەللىك
پەقەت ئۆزىمىز ئاتا قىلالىغان ۋاقىتتىلا قوبۇل قىلىنالىشى مۇم-
كىن . ناۋادا بىز ئۆزىمىزدە بار بولغاننى قاتتىق ساقلىيالىساق ،
ئۆزىمىزدە كەمچىل بولغان نەرسىگە ھەرگىز ئېرىشەلمەيمىز .
15 . تارتىش كۈچى قانۇنىنىڭ رولى پەقەت بىزگە پايدىلىق
بولغان نەرسىنى بېرىش بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۆزىمىزنىڭ نېمىگە
ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋالساقلا ، ئاڭلىق
ھالدا ئۆز مۇھىتىمىزنى كونترول قىلالايمىز . بىزنىڭ ھەر قىتىم-
لىق سەرگۈزەشتىمىزدىن ، ئۆسۈپ يېتىلىشتە زۆرۈر بولغان نەر-
سىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قوبۇل قىلىمىز . بىز يەتمەكچى
بولغان ئىناقلىق بىلەن بەختنىڭ دەرىجىسى بىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلى-
شىمىزگە زۆرۈر بولغان نەرسىگە ئېرىشىش ئىقتىدارىمىزنىڭ بار-
يوقلۇقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ .
16 . بىز تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچقا يېتىپ ، نەزەر دائىرىمىز
تېخىمۇ كېڭەيگەندە ، ئۆسۈپ يېتىلىشىمىزگە ئېھتىياجلىق بولغان
نەرسىگە ئېرىشىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىقتىدارىمىزمۇ شۇ-
نىڭغا ئەگىشىپ ئۆسۈپ بارىدۇ . ئۆزىمىزنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق
ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش ئىقتىدارىمىز قانچىكى كۈچلۈك بولسا ،

ئۇنى پەرق ئېتىش ، جەلپ قىلىش ، قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىمىز
تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ . بىز ئۆسۈپ يېتىلىشىمىزگە ئېھتىياجلىق
بولغان نەرسىدىن باشقا نەرسىگە ئېھتىياجلىق بولمايمىز . بىز يا-
راتقان بارلىق شەرت ـ شارائىتلار ۋە كۆرسەتكەن بارلىق تىرىشچان-
لىقلىرىمىز بىزنىڭ مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ . قىيىن-
چىلىق ۋە مۈشكۈلات توختىمايدۇ ، بىز قىيىنچىلىق ۋە مۈشكۈلات
ئىچىدىن ئەقىل ـ پاراسەتكە ئېرىشىمىز ، ئۆسۈپ يېتىلىشىمىزدە
كەم بولسا بولمايدىغان نەرسىنى توپلايمىز . تاۋۇز تېرىسا تاۋۇز ،
پۇرچاق تېرىسا پۇرچاق ، نېمە تېرىسا شۇنى ئېلىش ، ناھايىتى
ئېنىق قانۇنىيەت . بىزنىڭ ئېرىشكەن كۈچ ـ قۇۋۋىتىمىزنىڭ زور
ۋە ئاجىز بولۇشى قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىش ئۈچۈن
سەرپ قىلىدىغان تىرىشچانلىقىمىزنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى بىلەن مۇنا-
سىۋەتلىك .

17 . ھاياتلىقنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەس
ئېھتىياجى بىزدىن ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ، ئۆزىمىزگە
لازىملىق نەرسىگە ئېرىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ . بىز پەقەت تەبىئىي
قانۇنىيەتنى چۈشىنىش ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىش ئارقى-
لىقلا ئەڭ زور دەرىجىدىكى بەختكە ئېرىشەلەيمىز . باشقا بارلىق
قانۇنىيەتلەرگە ئوخشاش بۇ قانۇنىيەتلەرمۇ بارلىق كىشىلەرگە نىس-
بەتەن ئوخشاش رول ئوينايدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا توختىماي داۋاملى-
شىپ تۇرىدىغان ھەرىكەت داۋامىدا سىزنىڭ ھەرىكىتىڭىزنىڭ نەتى-
جىسىنى ئازراقمۇ قالدۇرماي سىزگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ . باشقىچە
قىلىپ ئېيتقاندا ، «ئادەم نېمىنى تېرىسا ، شۇنى ئالىدۇ» .

18 . تەپەككۇرنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ئادەمنى بىخۇدلاشتۇرىدى-
غان توسالغۇ بويۇنتۇرۇقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ . بۇ توسالغۇلارنى
ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائىي ئاددىي ئىدىيەسى كەلتۈرۈپ چىقارغان ،
بۇھال ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بىرى كىشىلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قى-
لىنغان ۋە ئىنسانلارغا نىسبەتەن ئۆز رولىنى كۆرسىتىپ كەلگەن .
قورقۇش ، ئازابلىنىش ، ماغدۇرسىزلىنىش ۋە ئۆزىنى كەمسىتىش

ئىپادىلىرى ھەر كۈنى دىگۈدەك بىزگە تەسىر قىلىپ كەلمەكتە .
بۇ ئامىللار دەل بىزنىڭ ئېرىشكەن نەرسىلىرىمىزنىڭ ناھايىتى
ئازلىقى ، ھاياتلىقىنىڭ شۇ قەدەر ئۇنۇمسىز ، ئەرزىمەس بولۇشىنىڭ
تۈپ يىلتىزى . ئەلۋەتتە ، تەپەككۇرنىڭ سەلبىي ۋەزىيەت پەيدا قى-
لىشى خوددى ئۇنىڭ پايدىلىق ۋەزىيەت پەيدا قىلالايدىغانلىقىغا ئوخ-
شاشلا ناھايىتى ئاسان ، بىز ئاغلىق ياكى ئاغسىز ھالدا نامراتلىق ،
گادايلىق ، چەكلىمىلىك ۋە توقۇنۇشنى تەسەۋۋۇر قىلغان ۋاقتى-
مىزدا پاسسىپ ۋەزىيەتنى پەيدا قىلغان بولىمىز ؛ بۇ دەل نۇرغۇنلى-
غان كىشىلەرنىڭ ئىختىيارسىز ئېلىپ بارىدىغان پائالىيىتى . لې-
كىن ھەر بىر كىشىنىڭ چەكسىز يوشۇرۇن ئىقتىدارى بولىدۇ .
سېزىمىمىز ئارقىلىق ساغلام ئارزۇ ــ ئىستەكلىرىمىزنى نامايان
قىلغاندا ھەمدە ئۇنى ھەقىقىي بۇيۇكلۇككە تەرەققىي قىلدۇرغاندا ،
بىز توسالغۇ بويۇنتۇرۇقتىن قۇتۇلۇپ ، پاسسىپ ئامىللارنىڭ ئاسا-
رىتىدىن خالىي بولغىلى بولىدۇ .

19 . ئاياللار ناھايىتى نازۇك بولغاچقا ، ئۇلار باشقىلارنىڭ
تەپەككۇرىدىكى ئىدىيە تەۋرىنىشنى تېخىمۇ ئاسان قوبۇل قىلىدۇ .
شۇڭلاشقا ئاياللارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئەرلەرگە قارىغاندا پاس-
سىپ ئامىللارنىڭ كونتروللىقىغا ئۇچرايدۇ . پاسسىپ ۋە ئاسارەت-
لىك ئىدىيە ئېقىمى ئاياللارغا بىرىلگەن كۈچلۈك زەربە بولىدۇ .

20 . لېكىن بۇ خىل چەكلىمىلىكنى يەڭگىلى بولىدۇ . نۇر-
غۇنلىغان ئايال ناخشىچى ، ساخاۋەتچى ، يازغۇچى ، ئارتىس قاتارلىق-
لار بۇ خىل چەكلىمىلىكنى بۇزۇپ تاشلاپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبى-
يات ، تىياتىر ، سەنئەت ، جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە ئەڭ يۇقى-
رى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە ئى-
كەنلىكىنى ئىسپاتلىدى . فولورىنىس . نەندىڭگىر قىرىم يېرىم ئارد-
لىدا ئىلگىرى ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان ھېسداشلىقنى بىلدۈر-
گەن ۋاقىتتا ، ئۇ بۇ خىل چەكلىمىلىك ئۈستىدىن غالىب كەلدى .
قىزىل كىرېست جەمئىيىتىنىڭ داھىيسى كىلارا بادون بىرلەشمە
ئارمىيەدە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانغاندا ،

ئۇمۇ بۇ خىل چەكلىمىلىك ئۈستىدىن غالىب كەلگەن، جىنىنى لىندىر مۇزىكا سەنئىتىدە ئۆزىنىڭ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقىغا تول-غان ئىنتىلىشىنى ئارزۇ ــ ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇ-چۇن، جاپا ــ مۇشەققەتلىك تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئاخىرىدا ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ ئالىي سەنئەت ئۇتۇقلىرىغا، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىت-تا، غايەت زور ئىقتىسادىي پايدىغا ئېرىشىپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ئىقتىدارىنى نامايان قىلغان ۋاقىتتا، ئۇمۇ بۇ خىل چەكلىمىلىك ئۈستىدىن غالىب كەلدى.

21. ئىدىيەنىڭ تەسىر كۈچى ۋە يوشۇرۇن كۈچى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ئەتىۋارلاندى ۋە ئەھمىيەت بېرىلدى. كىشىلەر بۇنىڭغا قارىتا باشقىچە ئەقىل ــ پاراسەت كۆزى بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى. ئەر ۋە ئايال ئۆزى مۇستەقىل پىكىر يۇرگۈزۈشكە باشلىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تېنىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بەزى ئىمكانىيەتلەرگە قارىتا بەزى تونۇشقا ئىگە بولدى. ئۇلار: ناۋادا هاياتلىقتا يەنە باشقا سىرلار مەۋجۇت بولغان بولسا، ئۇسىرلارنى تېزراق ئاشكارىلاشنى جىددىي تەلەپ قىلدى.

22. بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانىيەت يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويدى. يېڭى تاڭنىڭ نۇرىدا، كىشىلەر مەلۇم خىل غايەت زور سەلتەنەتلىك نەرسىنى كۆردى. بۇ دەل هاياتلىقنىڭ چەكسىز يوشۇ-رۇن كۈچىنىڭ مەنبەسى. بۇنداق پارلاق نۇر ئىچىدە، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ هاياتلىقنىڭ چەكسىز ئېنېرگىيەسى ئىچىدىن يېڭى كۈچ ــ قۇۋۋەتنى قوبۇل قىلالايدىغانلىقىنى بايقىدى (ئۇلارنىڭ ئۆز-لىرىمۇ بۇ چەكسىز كۈچ ــ قۇدرەت ئېنېرگىيەنىڭ بىر قىسمى). بۇ خىل كۈچ ــ قۇدرەت كىشىلەرنى ئىنسانلارنىڭ يەتمەكچى بولغان مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ مۆلچەرلىگۈسىز ئىكەنلىكىنى، ئىنسا-نىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش چېگرا سىزىقىنى بەلگىلەشنىڭ مۇم-كىن ئەمەسلىكىگە چوڭقۇر ئىشەندۈردى.

23. بەزى ئادەملەر بايلىق، هوقۇقنى ناهايىتى ئاسانلا قولغا كىرگۈزىۋالدۇ ھەمدە ئانچە كۈچىمەيلا ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى ئە-

مەلگە ئاشۇرۇپ نام چىقىرىدۇ . بەزى ئادەملەر مۇۋەپپەقىيەت قازانىسمۇ ، بۇنىڭغا غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ . مۇۋەپپەقىيەت ھەرگىز ئاسان قولغا كەلمەيدۇ ؛ يەنە بەزى ئادەملەرنىڭ بارلىق ئارزۇ - ئارمانلىرى ، غايىسى ۋە يۈكسەك ئىرادىسى بىكارغا كېتىدۇ ، ئۆزۈل - كېسىل مەغلۇپ بولىدۇ . نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ ؟ بۇنىڭ سەۋەبى ھەرگىزمۇ ئادەمنىڭ بەدىنىدە ، قەددى - قامىتىدە ئەمەس ، ئۇنداق بولمىغاندا ئاشۇ ئۇلۇغ كىشىلەر چوقۇم ناھايىتى قامەتلىك كىشىلەر بولغان بولاتتى . پەرق چوقۇم مەنىۋى جەھەتتە ، يەنى ئادەمنىڭ تەپەككۇرىدا . يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى پۈتۈنلەي ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا . ئادەمنىڭ تەپەككۇرى ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى بىردىنبىر پەرق . كىشىلىك ھاياتتا ، دەل تەپەككۇر بىزنىڭ مۇھىتتىن ھالقىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ .

24 . بىز ناۋادا ئىدىيەنىڭ ئىجادىي ئىقتىدارىنى چوڭقۇر چۈشەنسەك ، ئۇنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئۈنۈمىنى ھېس قىلالايمىز . ناۋادا مۇۋاپىق تىرىشچانلىق ۋە ئەستايىدىللىق بولمىغاندا ئىدىيە ئۆز ئالدىغا ھەرگىز بۇنداق ئۈنۈمنى ھاسىل قىلالمايدۇ . ئوقۇرمەنلەر : ھەر خىل قانۇنىيەتلەر ماددىي دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇدات ئېنىق قانۇنىيەت بويىچە ھەرىكەت قىلغانغا ئوخشاش ، بىزنىڭ ئەخلاق ۋە روھىي دۇنيايىمىزنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ . بۇنىڭدا قىلچە نۇقسان يوق . كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن چوقۇم قانۇنىيەتلەرنى چۈشىنىش ۋە شۇ بويىچە ئىش كۆرۈش ، بويسۇنۇش كېرەك . قانۇنىيەتكە قاتتىق ئەمەل قىلغاندىلا ئېنىق ، توغرا نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ .

25 . ئىدىيەنى قانۇنىيەت كونترول قىلىدۇ . ئىدىيەنىڭ قانۇنىيىتى ماتېماتىكا ، ئېلېكترون ، يەرنىڭ تارتىش قانۇنى قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئېنىق ۋە ئايدىڭ بولىدۇ . بىزنىڭ قەتئىي ئېتىقادىنى نامايان قىلالماسلىقىمىزدىكى سەۋەب قانۇنىيەتنى چۈشىنىشىمىزنىڭ كەمچىللىكىدە . ناۋادا بىز بەخت ، ساغلاملىق ، مۇۋەپپەقىيەت ،

قۇدرەت تېپىش ، شۇنداقلا باشقا ھەر بىر خىل ئەھۋال ياكى مۇھىت-
نىڭ ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ئىدىيەنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى چۈ-
شەنسەك ، بىز ئىدىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان قانۇنىيەتنى ئىگى-
لەشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتەلەيمىز .

26 . ئالىملار بىزگە ، بىزنىڭ ماددىي دۇنيادا ياشايدىغانلىقى-
مىزنى ئېيتىپ بېرىدۇ . بۇنىڭ ئىچىدە مۇتلەق كۆپ ساندىكى ماددا
شەكىلسىز ھالەتتە بولىدۇ . لېكىن ھەر ۋاقىت ، ھەر زامان بىزگە
تەسىرىنى ئۆتكۈزىدۇ . بىزنىڭ ئىدىيە ۋە سۆز - ھەرىكەتلىرىمىزگە
تەسىر قىلىپ تۇرىدۇ . ئەتراپىمىزدا چۆرگىلەپ دۇنيايىمىزنى تول-
دۇرىدۇ . بىز ئۆز ئىدىيىمىز ، ئىرادىمىز بويىچە ئاكتىپ ، ئاڭلىق
ھالدا ئۇلاردىن پايدىلانساق ، ئويلىغانلىرىمىز ۋە ئېيتقانلىرىمىز
ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت داۋامىدا ئەكس ئەتكەن نەتىجە بولۇپ ھېساب-
لىنىدۇ .

27 . ئاڭلىق رەۋىشتە ئىدىيەنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى ئەمەلگە
ئاشۇرىدىغان كىشىلەر دائىم ئەڭ ياخشى تۇرمۇشتىن بەھرىمەن
بولىدۇ . يۇقىرى دەرىجىلىك ماددىي بۇيۇملارنى ئۆزىنىڭ كۈندىلىك
تۇرمۇشىدىكى ئەمەلىي تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرىدۇ . بۇنىڭ
سەۋەبى ئۇلار تېخىمۇ يۇقىرى كۈچ - دۇنيانى بايقىغان ھەمدە بۇ
خىل كۈچ - قۇدرەتنىڭ ئۈزلۈكسىز ھەرىكىتىنى ساقلاپ كەلگەن .
بۇ خىل كۈچ - قۇدرەتتىن پايدىلىنىش ئارقىلىق قارىماققا يەڭگىلى
بولمايدىغان مۇشكۈلات ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىلى ، قىيىنچىلىقنى
يەڭگىلى ، قىيىن ھالەتنى ئۆزگەرتكىلى ، تەقدىرىنى بويسۇندۇرغى-
لى ، ھەتتا دۈشمەننى دوستقا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ .
بۇ خىل كۈچ - قۇدرەت پۈتمەس - تۈگىمەس چەكلىمىگە
ئۇچرىمايدۇ . شۇڭلاشقا ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىگىلى ، غەلىبى-
نى غەلىبىگە ئۇلاشتۇرغىلى بولىدۇ .

28 . تەمىنلەش پۈتمەس - تۈگىمەس بولىدۇ ، ئېھتىياج بىز
ئارزۇ قىلغان مەقسەتكە بويسۇنىدۇ . مانا بۇ ئېھتىياج بىلەن تەمىن-
لەشنىڭ مەنىۋى قانۇنىيىتىدۇر .

29 . شارائىتىمىز ۋە مۇھىتىمىزنىڭ بىرىمىدىن كۆپرەكىنى بىزنىڭ ئاڭسىز ئىدىيەمىز بارلىققا كەلتۈرگەن . شۇڭا شارائىت بىلەن مۇھىتىمىز كۆڭلىمىزدىكىدەك بولالمايدۇ . مۇھىتىمىزنى ياخشىلاش تەدبىرى بولسا ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىش . ئاڭلىق ھالدا روھىي قىياپىتىمىزنى ئۆزگەرتىپ ، ئۆزىمىزنى تىرىشىپ ياشاش مۇھىتىغا تېخىمۇ ماسلاشتۇرۇشتۇر . ئوي - پىكىر ، كۆز قارىشىمىز ۋە ئارزۇيىمىزنى ئالدى بىلەن ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك . بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك يېرى يوق . تەبىئەتتىن ھالقىغانمۇ ئەمەس . ئۇ پەقەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان قانۇنىيەت ، خالاس .

30 . تەپەككۇرنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلمەسلىك خۇددى خىمىيەلىك بۇيۇمنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە مۇناسىۋىتىنى بىلمەي ، چۇشەنمەي خىمىيەلىك بۇيۇمنى ئىشلەتكەنگە ئوخشاش بىر ئىش ، كىچىك بالىنىڭ ئوت قويغىنىغا ئوخشاشلا خەتەرلىك . بۇ تەرەپ ھەممىگە ماس كېلىدۇ . چۇنكى تەپەككۇر بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى بارلىق ئەھۋاللارنى پەيدا قىلىدىغان ئاساسلىق مەنبە . تەپەككۇرغا ئورناپ كەتكەن ئىدىيە چوقۇم شۇنىڭغا مۇناسىپ مېۋە بېرىدۇ . ئەڭ ئۇلۇغ پىلانلىغۇچىمۇ ھەرگىز «جىغاندىن ئۈزۈم ، ئوغرىتىكەندىن ئەنجۇر» ئۈزەلمەيدۇ .

31 . ئارتور بورىسان مۇنداق دېگەن : «ئىدىيە ھەم ئۇنىڭ مېۋىسى بىزنىڭ بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان» . ئاڭ بىلەن ئوي مۇزىكانتنىڭ تالانتى بىلەن ئۇنىڭ چالغۇسىدىن چىققان ئاۋاز بىلەن سېلىشتۇرما قىلىنىدۇ . چالغۇ ئەسۋابى مۇزىكانتقا نىسبەتەن ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسىنى قوزغاتقان ئىدىيەنىڭ روھىغا ئوخشايدۇ . قانچىلىك ئۇلۇغ مۇزىكانت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ تالانتى چالغۇ ئەسۋابى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . مۇزىكا ئەسۋابى تەۋرىنىش ئارقىلىق ھاۋادا ئاۋاز دولقۇنى ھاسىل قىلىدۇ . ئاۋاز دولقۇنى مۇزىكىنى چوڭ مېڭىدىكى نېرۋىلارغا يەتكۈزىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئادەم گۈزەل ، يېقىملىق مۇزىكىنى ھېس



www.uyghurkitap.com

قىلىدۇ ۋە تونۇيدۇ .

32 . ناۋادا يادلىۋېلىشقا تىللىرى تولۇق بولمىغان پىيانىنو بېرىلسە ، ئۇ ئورۇنلىغان مۇزىكىمۇ رىتىمسىز ، قالايمىقان ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ مۇزىكا بولۇپ چىقىدۇ . ياكى ئەڭ ئۇلۇغ كىچىك ئىسكىرىپكا پېشۋاسى گانىنىغا بۇزۇلۇپ كەتكەن ئىسكىرىپكا بېرىلسە ، ئۇنىڭ ھەر قانچە تەبىئىي تالانتى بولسىمۇ بىز پەقەت قۇلاقنى يارىدىغان ، كىشىنى بىزار قىلىدىغان ھەرىكەتنى ئاڭلايمىز . مۇزىكىنىڭ روھىنى چوقۇم توغرا چالغۇ ئەسۋابى ئارقىلىق ئىپادىلەش كېرەك . شۇنىڭدەك ، ئىدىيەنىڭ روھىنىمۇ چوقۇم سەگەك ۋە سوغۇققان كاللا ئارقىلىق ئىپادىلەش كېرەك .

33 . روھ بىلەن ئىدىيەنىڭ ئوخشاشلىقى ، تالانتلىق مۇزىكانت چالغان مۇزىكىغا ئوخشايدۇ . مۇزىكىدا ئاۋاز مۇزىكانتنىڭ روھىنى ئىپادىلەيدۇ ۋە چۈشەندۈرىدۇ . بۇ خىل چۈشەندۈرۈش ۋە ئېنىقلىق مۇزىكا ئەترىتى ، ئىسكىرىپكا ۋە رويال تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ . چالغۇ ئەسۋابىنىڭ ئاۋازى بۇزۇلۇپ ئۆزگىرىپ كەتكەندە ، سىز مۇزىكانتنىڭ تالانتىنى ئەمەس ، بەلكى ئۇ ئاردىن چىقىپ كەتكەن مۇزىكىنى ئاڭلايسىز ، يۇكسەك تەرەققىي قىلغان بىر كاللا قانچىلىك ئەقىللىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ناھايىتى قالايمىقان ھالەتتە بولسا ، مەسىلەن ، ئۇلۇغ تالانت ئىگىسى بولسىمۇ ، تەپەككۇرى گومران بولغان بولسا تەپەككۇرى ئاجىزراق ، ئاددىي ئادەم بىلەن سېلىشتۇرغاندا كىشىنى ئازاپقا سالىدۇ ۋە بىزار قىلىدۇ .

34 . بىز باشتىن - ئاخىر ماددىي دۇنيادا ياشىغانلىقىمىز ئۈچۈن ، تەپەككۇرىمىز ئابستراكت مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئادەتلەنمىگەن . ئاڭ ئالەمدىكى بىردىنبىر ھەقىقىي نەرسە بولسىمۇ ، بىز كۆپ قىسىم ئىدىيە ۋە زېھنىمىزنى جانسىز ماددىغا سەرپ قىلىمىز . ھەتتا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئاڭنىڭ دۇنيانى بىر ئايلىنىپ چىققانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمايدۇ . كۆپ قىسىم ئادەملەر ھەقىقىي مەنىۋى تۇرمۇشتىكى ئەڭ يېنىك ، ئەڭ ئاجىز ئىنكاسلارنىلا ئىپادىلىيەلەيدۇ . ھازىرغا قەدەر ماسلىشىشچانلىق ناھايىتى ئاز .

پەقەت ئىنسانىيەتنىڭ چوڭ مېڭىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملى-
گەندىلا ئومۇمىيۈزلۈك ماسلىشالايدىغان ئىدىيەنى ئىپادىلىگىلى بو-
لىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ، يەر شارى ھەقىقىي ئىناق ھالەتكە ئۆز-
گىرىدۇ ھەممە ئېنىق ئىپادىلەنگەن ئاڭ تەرىپىدىن كونترول قىلى-
نىدۇ .

35 . نىكارا گوئا شارقىراتمىسىنى ئويلاپ بېقىڭ . توختىماي ئايلىنىۋاتقان چوڭ تىپتىكى ماشىنا ، يورۇق شەھەر ، چىراغلىرى يورۇتۇۋېتىلگەن چوڭ كوچا ، تېز سۈرئەتتە كېتىۋاتقان ماشىنا بۇ كۆرۈنۈشلەرنى نىكاراگوئا شارقىراتمىسىغا يوشۇرۇنغان كۈچ - قۇدرەت بىلەن باغلاشقا بولىدۇ . ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەمنىڭ ئىدىيەسىنى ئىپادىلىگەن روھنىڭ تۆھپىسى . روھ دەل نىكاراگوئا شارقىراتمىسىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ قىلغان . روھ دەل شارقىراتمىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى يىراق شەھەرگە يەتكۈزگەن . ئاڭنىڭ خاراكتېرى ۋە سىرلىق كۈچ - قۇدرىتىنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىڭ ؛ ئىدىيەدىنمۇ بەكرەك كىشىنى ھاياجانغا سالىدى-غان ، مەستخۇش قىلىدىغان ، كىشىنى گاڭگىرىتىپ قويىدىغان نەرسە بولمىسا كېرەك .

36 . لېكىن ئاڭنى كۆرگىلى ، تۇتقىلى بولمايدۇ ، روھنىڭ شەكلى ھەم ئېغىرلىقى يوق . چوڭ - كىچىكلىكى ۋە رەڭگىمۇ يوق ، ئاۋاز ۋە پۇرىقىمۇ يوق . سىز بىر ئادەمدىن «ئاڭ دېگەن نېمە» دەپ سورىسىڭىز ، ئۇ چوقۇم ئاڭ ھېچقانداق نەرسە ئەمەس ، چۈنكى ئۇ ئورۇن ، ۋاقىت ئىگىلىمەيدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ . لېكىن بىز ئاڭنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلالايمىز . ئاڭ دەل بىزگە ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلغان ، بىز يىقىلىپ چۈشكەندە بىزنى يۆلىگەن ، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەندە ئىلھام بەرگەن ، مەغلۇپ بولغاندا ۋە بەختسىزلىككە يولۇققاندا كۆڭلىمىزنى ياسىغان ، بۇ خىل روھ بولمايدىكەن ، ھاياتلىقتا ھېچنەرسە بولمايدۇ ، ھاياتلىق-نىڭ يەردىكى بىر تال تاشتىن ، ماشىنچىنىڭ دۈكىنى ئالدىغا قويۇلغان مودېلدىن ھېچقانداق پەرقى بولمىغان بولاتتى .

37 . مەيلى ئىتراپ قىلىڭ ياكى ئىتراپ قىلماڭ روھ ھەممىلا جايدا بار . روھ ئادەمنىڭ بارلىقىدىن ئىبارەت . ئادەمنىڭ كۆرۈش ئىرۋىسى بىر رەسىمنى تاللايدۇ ــ دە ئۇنى چوڭ مېڭىگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ . ئاڭ بۇ رەسىمنى كۆرىدۇ . بىز پەقەت ئاڭنىڭ كۆزى ئارقىلىق دۇنيانى كۆرگەندىلا ، دۇنيا ئاندىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . ئاڭ يۈكسەك تەرەققىي قىلغان ، چوڭ مېڭە ئىلىپ بارغان مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئارقىلىق رولىنى جارىي قىلدۇرىدۇ . ھەم ئۆزىنى ئىپادە قىلىدۇ . ئاڭ ئىنساننى ئەسلىدىكى تەرەققىي قىلمىغان ياۋايى ھالەتتىن بۈگۈنكى مەدەنىي ھالەتكە باشلاپ كىردى . ئاڭ تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىدىكى چوڭ مېڭە ئارقىلىق كەلگۈسىدە رولىنى جارىي قىلدۇرىدۇ ، پۈتۈن پىلانىتادا ھەقىقىي ئىناقلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ .

38 . توغرا تاپسىڭىز ئاڭ بىلەن سىز كۆرۈپ تۇرغان ماددىي دۇنيانى ، بۈيۈك رەسسامنىڭ كاللىسىدىكى تالانت بىلەن ئۇنىڭ ئىجاد قىلغان ئەسىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ . مىكلانجىلىق ياراتقان ھەر بىر ھەيكەل ، ھەر بىر پارچە رەسىم ئۇنىڭ ئىڭىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . لېكىن ئاڭ بۇنداق مەۋجۇتلۇق بىلەن قانائەتلىنىپ قالمايدۇ . ئۇ ئۆزىنى چوقۇم سىمۋوللاشتۇرۇشى ، ئۆزىنى چوقۇم كىشىلەر ئالدىدا نامايان قىلىشى زۆرۈر . بۇ بارلىق ئانا مېھرى ئاياللارنىڭ روھىيىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانغا ئوخشاش بىر ئىش . لېكىن ئانا ئۆز بالىسىنى قۇچاقلىغاندا ، قان بىلەن گۆشتىن يۇغۇرۇلغان ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ، ئۆزى تۇغقان ھاياتلىقنى كۆرگەندىلا ئانىلىق مېھرى ئاندىن مۇكەممەل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولىدۇ . ئاڭ پەقەت ماددىي دۇنيا تەرىپىدىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەندە ، ئاندىن ھەقىقىي ھاياتى كۈچكە ئىگە بولىدۇ .

39 . ئەڭ مەشھۇر زاتلارنىڭ مۆۋەپپەقىيىتى ئەڭ دەسلەپتە ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ساقلانغان بولىدۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىڭى چوڭ مېڭە ئارقىلىق تەسىر پەيدا قىلغاندا ، ئوي ــ پىكىر ئارقىلىق ئۆزىنى ئىپادىلىگەندە ، ئەسەر ئىجاد قىلغاندا ، كىشىلەر

ئۇلارنىڭ ئېڭىنى تولۇق دېگۇدەك چۈشىنىدۇ. رۇس كولومبىيۇنىڭ ئېڭىغا تەسىر قىلغانلىق سەۋەبىدىن ئۇ بىرىنچى پاراخوتنى ئامېرىكا قىتئەسىگە ئېلىپ بارغان.

40. بىزگە مەلۇمكى، بارلىق كېرەكلىك خىزمەت مۇۋاپىق مۇلاھىزىنىڭ نەتىجىسى. ئىدىيە بولسا ئاڭنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ ئاز ـ تولا كەمتۈك بولغان چوڭ مېڭە ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدۇ. ئىدىيەنىڭ ئاڭنىڭ ئىپادىلىنىشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ۋاقتىمىزدا، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى پۈتۈن كۈچى بىلەن بىزنىڭ ئېڭىمىزنى ئەڭ مۇكەممەل ئىپادىلەشكە تۈرتكە بولىدۇ. ئەڭ ياخشى پۇرسەتنى بېرىدۇ. مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئانچە مۇكەممەل بولمىغان بەدىنىمىزگە ماكانلىشىپ، بىزدە بار بولغان مۇكەممەل بولمىغان تەپەككۇر ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

41. يەر شارىدا ئولتۇراقلاشقان ئىنسانلار ئۆزلىرىنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرمەكتە. بىزنىڭ ئىرقىمىز 100 مىڭ يىللار ئىلگىرى ھايۋانات سىياقىدىكى ئادەم بولۇپ، بەستى ناھايىتى يوغان، ئېڭىكى ئۇچلۇق، چىشلىرى چوڭ، پېشانىسى كىچىك ناھايىتى سەت ئىدى. نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى تەدرىجىي ئۆزگەردى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇلار قېپقالغان ھايۋانلىقىنى تۈپتىن يوقاتتى، بىرتۇقۇچلارغا خاس ياۋايىلىقى ئاستا ـ ئاستا يوقىلىپ، تېخىمۇ زور ئاڭلىقلىققا ئىگە بولدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ تېنىنى بارغانسېرى تەرەققىي قىلدۇردى. زۇرۇر ئۇسۇللارنى ئىگىلەپ ئۇچلۇق يۈز شەكلى يۇمىلاق، تولغان ھالەتكە ئۆزگەردى. ئېڭىكى ئىچىگە كىرىپ، پېشانىسى چىقىشقا باشلىدى. پېشانىسىنىڭ ئارقىسىدا ئاڭنى تولۇق، لايىقىدا ئىپادىلەيدىغان چوڭ مېڭە ئاستا ـ ئاستا تەرەققىي قىلدى. بۇ ئارقىلىق ئۆزىگە ھاياتى كۈچ بەخش ئەتكەن ئاڭنى دەل جايىدا چۈشەندۈردى.

42. بىز ھەر بىرىمىز مەلۇم كۆرۈنمەيدىغان كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ تارتىشىغا ياكى ئىتتىرىشىگە ئۇچرايمىز، ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد ئۆزىمىز ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىمىز. بۇنداق كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ

ئىنسانلار ئارىسىدىن يوقالغىنىغا ئۇزاق بولدى . ئاتا ياكى ئانىنىڭ هاياتىي كۈچى ۋە كۈچلۈك تەسىرى دائىم دېگۈدەك ئوغۇلنىڭ هاياتىدا داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ، ھەمدە ئۇزلۇكسىز رو-لىنى جارى قىلدۇرۇپ كىشىنى شەخسىي ئارزۇ بويىچە ئورۇندىغىلى بولمايدىغان خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر قىلىدۇ . بۇ تەرىپىنى ئويلاپ يېتىش ھەقىقەتەن كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان ئىشتۇر .

43 . بۇ خىل ئۆزگىرىش ، تەرەققىيات ئاتا ـ ئانا ئوتتۇرىسىدى-كى مۇھەببەتنىڭ تۆھپىسى . شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا بولغان مېهرى مۇھەببىتىدىن كەلگەن ، ئۇ داۋاملىق كۆرۈنمەيدۇ . بەلكىم ئائىلىدە ناھايىتى ياخشى ئۈلگە تىكلەپ بەرگەن مەلۇم ئايال ئۆيدە ئىش قىلىۋاتقان ئەرگە باشقا ھەرقانداق ئادەم بېرەلمەيدىغان مەدەت ۋە كۈچ ـ قۇدرەتنى بېرىشى مۇمكىن . بۇ بەلكىم ئاتا مېهرى بولۇشى مۇمكىن . بىر ئەر كىشىنى ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقال-مايدىغان بالا ئۈچۈن ئىش قىلىشقا ئۈندەيدىغىنى ئاتىلىق مېهرى-دۇر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 5 - ساۋاق : ئىچكى تويۇنۇش سىرتقى بايلىقنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ

1 . كۆك ئاسمان ، ئاپپاق بۇلۇت ، ئاي ، كۈن ، يۇلتۇز ، بوران - چاپقۇن ، قار - يامغۇر ، تەبىئەت ناھايىتى سېخىي ، ئىسراپخور ، راھەتپەرەس . ھەر قانداق يارالمىشلارنىڭ ئىچىدە مولچىلىق ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ، ھېچقانداق بىر جەھەتتە پىخسىقلىقنىڭ ئىزناسىنى تاپقىلى بولمايدۇ . مولچىلىق ئالەمنىڭ تەبىئىي قانۇنىيىتى . بۇ قانۇنىيەتنىڭ ئىسپاتى تولۇق . قىلچە قىينالمايلا نەچچە تۈرلۈك ئىسپاتىنى مىسال كەلتۈرگىلى بولىدۇ : سان - ساناقسىز دەل - دەرەخ ،گۈل - گىياھلار ، ئۆسۈملۈك ، ھايۋانلار ، شۇنداقلا يارىتىش ۋە تەكرار يارىتىشتىن ئىبارەت دەۋرنىڭ مەڭگۈلۈك داۋاملىشىپ تۇرىدىغان غايەت زور كۆپىيىش سىستېمىسى ھەممىسى تەبىئەتنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن تەييارلىغان مولچىلىق مۇھىتى . بۇ ھال شۇنداقلا ئىسراپچىلىقنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ . تەبىئەت ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن مول نېمەتلەرنى تەييارلىغان . بۇ تەرىپى ناھايىتى ئېنىق . ئوخشاشلا ئېنىق تەرىپى شۇكى ، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئەزەلدىن بۇنداق سېخىيلىقىدىن بەھرىمەن بولغان ئەمەس . ئۇلار بۇگۈنگە قەدەر بارلىق ماددىنىڭ ئومومىيلىقىنى ، تەپەككۇرنىڭ تۈرتكىلىك ئۇنۇملۇك ئامىل ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمىگەن . بىز بۇ خىل ھەرىكەتكە تايىنىپ ئۆزىمىز ئارزۇ قىلغان نەرسىگە ئېرىشەلەيمىز .

2 . ئىدىيە تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىنىڭ ياردىمى بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان بىر خىل ئېنېرگىيە . ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىپادىسى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى توققۇزى تەل مەمۇرچىلىقتىن ئىبارەت . مولچىلىق مەمۇرچىلىقتىكى ئىدىيە پەقەت ئوخشاش تۇردى-

كى ئىدىيە بىلەن ئورتاقلىق ھاسىل قىلىدۇ. ئادەمنىڭ بايلىقى بىلەن ئۇنىڭ ئىچكى خاسلىقى بىردەك بولىدۇ. ئىچكى دۇنياسىدىكى باياشاتچىلىق سىرتقى جەھەتتىكى باياشاتچىلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇپ، ئۇ سىرتقى دۇنيادىكى باياشاتچىلىقنى قېشىڭىزغا باشلاپ كېلىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شەخسنىڭ ھەقىقىي بايلىقىنىڭ مەنبەسى. شۇڭلاشقا بىر ئادەم ئۇ ئۆزى بەلگىلىگەن نىشانغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاتلانسا، ئۇنداقتا مۇۋەپپەقىيەتكە ناھايىتى يېقىنلاشقان بولىدۇ. ئۇنىڭ تۆلىگەن بەدەللىرى بىلەن ئېرىشكەنلىرى ئوڭ تاناسىپ بولۇپ، ئۇ توختىماي بەدەل تۆلەيدۇ، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى قانچىكى كۆپ بولسا، ئېرىشكىنىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

3. بىز تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتتا ياشايمىز، شۇنداقلا مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايمىز. بىز ناۋادا مۇھىتنىڭ خوجايىنى بولماقچى بولساق، ئۇنداقتا تەپەككۇرنىڭ رولىغا ئالاقىدار ئىلمىي قانۇنىيەتنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. بۇنداق بىلىم ئەڭ قىممەتلىك بايلىق. ئۇنىڭغا تەدرىجىي ئېرىشكىلى بولىدۇ. پەقەت ئىگىللىيەلىسەكلا ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ شەكلى ياكى خاراكتېرى ئۆزگىرىدۇ. بۇ ئارقىلىق بىز بىلەن مۇھىت ئوتتۇرىسىدا بىر خىل يېڭى مۇناسىۋەت قۇرۇلىدۇ ھەمدە بىزگە بىز ئىلگىرى ئويلاپمۇ باقمىغان ھەر خىل ئىھتىماللىقلارنى ئېچىپ بېرىدۇ. بۇ بىر قاتار تەرتىپلىك قانۇنىيەتلەر ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن قائىدە. بۇ قانۇنىيەتلەر بىزنىڭ يېڭى قىياپىتىمىز بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. مۇھىتنى كونترول قىلىدىغان كۈچ دەل ئۇنىڭ نەتىجىلىرىدىن بىرى. ساغلاملىق ئىناقلىق ۋە گۈللىنىش ئۇنىڭ كىرىم ـ چىقىم جەدۋىلىدىكى كىرىم دارامەت تۈرلىرى. تەلەپ قىلىنىدىغان بەدەل غايەت زور بايلىققا ئېرىشىش داۋامىدا سەرپ قىلىدىغان ئەمگەكتىن ئىبارەت.

4. كۈچ بايلىقنىڭ بۇلىقى، مەنبەسى، بارلىق بايلىق بولسا كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ مەھسۇلى؛ بايلىق كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلغان ۋاقىتتا، بايلىققا ئېرىشىشنىڭ ھەقىقىي قىممىتى بولىدۇ. بارلىق

شەيئى مەلۇم ھالەت، مەلۇم دەرىجىدىكى كۈچ ـ قۇدرەتكە ۋەكىل-
لىك قىلىدۇ، پەقەت شەيئى كۈچ ـ قۇدرەت ھاسىل قىلغان
ۋاقىتتىلا ئۇلارنىڭ ئەھمىيىتى بولىدۇ. بىز كۈچ ـ قۇدرەتنى
ئاچىدىغان ئاچقۇچنى تاپالىساق، بۇ خىل كۈچ ـ قۇدرەتكە ھۆكۈم-
رانلىق قىلىدىغان، ئۇنى بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا بېسىشى
ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدىغان قانۇنىيەتنى بايقىساق بۇ بىزنىڭ،
ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىدىكى مۇھىم بىر دەۋرگە كىرگەن-
لىكىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ ئادەم ھاياتىدىكى ئۆزگىرىشچان
ئامىللارنى چىقىرىپ تاشلايدۇ. بۇ، ئورنىنى مۇتلەق ئۆزگەرتكىلى
بولمايدىغان ئومۇمىي قانۇنىيەت.

5. كونىلار ھور ماشىنىسى، توك ئېقىمى، خىمىيەلىك دى-
ياكسىيە بىلەن يەرنىڭ تارتىش كۈچى قاتارلىق ھادىسىلەرنى دەس-
لەپتە كۆرگەندە ناھايىتى قورقۇپ ئەنسىرەپ ئالۋاستى ئىنسانىيەتنى
جازالاۋاتىدۇ دەپ قارىغان. پەن تېخنىكىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ تە-
رەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ كىشىلەر بۇنىڭ پەقەت تەبىئەت دۇنيا-
سىدىكى سەۋەب ـ نەتىجە قانۇنىيىتى ئىكەنلىكىنى بىلدى. كىشىلەر
بۇ خىل قانۇنىيەتنى «تەبىئەت قانۇنىيىتى» دەپ ئاتىدى. بۇ بايقاش
نەتىجىسىدە كىشىلەر يۈرەكلىك ھالدا مېخانىك دۇنيانى كونترول
قىلىدىغان بولدى. شۇنداقلا قانۇنىيەتنىڭ ھەرگىز قانداقتۇر ئىلاھ-
نىڭ ئارزۇسىنىڭ رول ئوينىشى ئەمەسلىكىنى چۈشەندى. شۇنداق-
لا خۇراپاتلىق ۋە ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ چەك چېگراسىنى ئايرىلدى.

6. تەبىئەت دۇنياسىدا يەنە بىر خىل كۈچ مەۋجۇت، ئۇ
مېخانىكىلىق كۈچتىنمۇ كۈچلۈك. ئۇ ئىنسانىيەت ئېڭىنىڭ
كۈچ ـ قۇدرىتى. ئەخلاقنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە روھنىڭ كۈچ
قۇدرىتىدىن ئىبارەت. ئىدىيە ئىنتايىن مۇھىم كۈچ، لېكىن ناھا-
يىتى چوڭقۇرغا يوشۇرۇنغان، يېقىنقى يېرىم ئەسىردە ئاندىن ئاش-
كارىلانغان. ئىدىيەنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى يورۇقلۇققا چىقىپلا ھەي-
ران قالارلىق ئۈنۈمنى نامايان قىلدى. ئۇ ياراتقان دۇنيانى 50 يىل
ئىلگىرىكى (ياكى 25 يىل ئىلگىرىكى) ئادەملەر ھەرگىز خىيالىغى-

مۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان . بىزنىڭ مەنۋى ئېلېكتر ئىستانسىمىز قۇرۇلغان قىسقىغىنە 50 يىل ئىچىدە شۇنچىلىك خۇشاللىنارلىق نەتىجىگە ئېرىشتى . شۇڭلاشقا ، شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى كېلەركى 50يىل ئىچىدە ، تېخىمۇ زور خۇشاللىنارلىق ئىشلار بىزنى ساقلاپ تۇرماقتا .

7 . بەلكىم بەزىلەر باشقىچە پىكىردە بولۇشى مۇمكىن : ناۋادا بۇ قانۇنىيەتلەر راست بولسا ، ئۇنداقتا بىز ئۇنى نېمىشقا ئىسپاتلاپ چىقمايمىز ؟ناۋادا بۇ ئاساسىي قائىدىلەر توغرا بولسا ، ئۇنداقتا بىز نېمىشقا توغرا نەتىجىگە ئېرىشەلمەيمىز ؟ ئەمەلىيەتتە بىز دەل مۇشۇنداق قىلغان ، بىز ئېرىشكەن نەتىجە بىزنىڭ قانۇنىيەتنى چۈشىنىش ، قانۇنىيەتنى ئىشلىتىش ئىقتىدارىمىزغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلىدۇ . بەزىلەر توك ئېقىمىنى كونترول قىلىدىغان قانۇنىيەتنى خۇلاسىلەپ ، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى خەلقئالەمگە ئاشكارىلىمىغان بولسا ، بۇ قانۇنىيەتلەرنى قانداق ئىشلىتىشنى بىلمىگەن ھەم يەتمەكچى بولغان ئۈنۈمگىمۇ يېتەلمىگەن بولاتتۇق .

8 . بارلىق كۈچ ـ قۇۋۋەت بارلىق ئاجىزلىقلارغا ئوخشاش ئىچكى دۇنيانىڭ مەھسۇلى . بارلىق مۇۋەپپەقىيەتمۇ بارلىق مەغلۇبىيەتكە ئوخشاش بىر گەپ ، مەخپىيەتلىكمۇ ئوخشاشلا ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن كېلىدۇ . بارلىق ئۆسۈپ يېتىلىشنىڭ ھەممىسى ئىچكى دۇنيانىڭ كېڭەيگەن ھالىتى . بارلىق مەۋجۇداتلاردا بۇنداق ئوخشاشلىقنىڭ بارلىقىنى ئاسانلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . ھەر بىر تۈپ ئۆسۈملۈك ، ھەر بىر تۇياق ھايۋان ، ھەر بىر ئادەم بۇ ئۇلۇغ قائىدىنى ناھايىتى جانلىق پاكىت بىلەن تەمىن ئەتتى . ئىلگىرى كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ئېنېرگىيەنى سىرتقى دۇنيادىن ئىزدىگەنلىكى ئۈچۈن كىشىلەردە خاتالىقلار كۆرۈلگەن ئىدى ، لېكىن بۇنىڭ دەل بىزنىڭ ئىچكى دۇنيايىمىزدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كىشىلەر بىلمىدى .

9 . ئەقىل ـ پاراسەت ، ئېنېرگىيە ، جەسۇرلۇق بىلەن ئىناق مۇھىتنىڭ ھەممىسى كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ نەتىجىسى . ئەمما بىز

بارلىق كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ بىزنىڭ ئىچكى دۇنيايىمىزدىن كەلگەنلىكىنى بىلدۇق ؛ ئوخشاشلا ، ھەر خىل ناچار ، چەكلىمىلىك ياكى پايدىسىز مۇھىتنىڭ ھەممىسى ئاجىزلىقنىڭ نەتىجىسى . ئاجىزلىق بولسا ، پەقەت بوشاڭلىق خالاس . ئۇ مەۋھۇم دۇنيادىن كەلگەن، ئۇ ئەمەلىيەتتە ھېچنېمە ئەمەس ، ئاجىزلىقنى يېڭىدىغان ئەنگۈشتەر بولسا بىزنىڭ ئىچكى دۇنيايىمىزدىكى كۈچ ـ قۇدرەتنى ئېچىشتىن ئىبارەت .

10 . بۇ بۈيۈك قانۇنىيەت كائىناتنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىغا تارالغان . بۇ قانۇنىيەتنى تولۇق ئۇزۇل ـ كېسىل چۈشىنىش نەتىجىسىدە بىز ئىجادىيەت تىپىدىكى تەپەككۇرنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئاچىدىغان ۋە كېڭەيتىدىغان كۈچ ـ قۇدرەتكە ئېرىشىمىز . بۇ ئىجادىيەت تىپىدىكى تەپەككۇر بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ . بىز پۇرسەتلەردىن توغرا پايدىلىنىش ئىقتىدارىمىز ۋە ئىدراكىمىزنى توغرا ئىشلەتكەندە ، ناھايىتى ياخشى ئەۋزەل پۇرسەتلەر سىزنىڭ ھايات يولىڭىزدا زاھىر بولغان بولىدۇ . كۈچ ـ قۇۋۋەت قەلبىڭىزدىن ئۇرغۇپ چىقىدۇ . ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان دوستلىرىڭىزنى چاقىرمىسىڭىزمۇ ، ئۇلار ئۆزى كېلىدۇ . مۇھىتمۇ سىزنىڭ ئېھتىياجىڭىزغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىدۇ . سىز ھەقىقىي «بىباھا ئەنگۈشتەر»نى تاپىسىز . مانا بۇ يوق نەرسىنى بار قىلىدىغان ، قورقۇنچنى باتۇرلۇققا ، ئۈمىدسىزلىكنى خۇشاللىققا ، ئارزۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدىغان ئاچقۇچلۇق مەسىلىدۇر .

11 . بىز تەبىئەتتىكى ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى : مىنېرال ماددىلار دۇنياسىدا ھەر بىر خىل نەرسە قاتتىق ھالەتتىن ئاسانلىقچە پارغا ئايلانمايدۇ . ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەر دۆلىتىدە بولسا بارلىق نەرسىلەر تۇرغۇن ھالەتتە تۇرمايدۇ . ئەكسىچە توختىماي ئۆزگىرىدۇ . باشتىن ـ ئاخىر يارىتىلىش ۋە تەكرار يارىتىلىش ھالىتىدە تۇرىدۇ . ئاتموسفېرادا بولسا

بىز ئىنسىقلىق، يورۇقلۇق ۋە ئېنېرگىيەنى بايقىدۇق. بىز شەكىللىكتىن شەكىلسىزلىككە، قوپاللىقتىن نازۇكلۇققا، تۆۋەن دەرىجىلىك يوشۇرۇن ئىقتىداردىن يۇقىرى يوشۇرۇن ئىقتىدارغا تەرەققىي قىلغان ۋاقىتتا، ھەر قايسى سىنىپ ۋە تۈرلەر تېخىمۇ ئىنچىكە، تېخىمۇ ئاڭلىقلىققا قاراپ ئۆزگىرىدۇ. مىكرو دۇنيانىڭ بوشلۇقىدىن ئاتلاپ كىرگەن ۋاقىتتا بىز ئەڭ ساپ، ئەڭ جانلىق ئېنېرگىيەنى تاپىمىز.

12. خۇددى تەبىئەتتىكى ئەڭ زور قۇدرەتلىك كۈچنىڭ كۆرگىلى بولمايدىغان شەكىلسىز كۈچ - قۇۋۋەت ئىكەنلىكىگە ئوخشاش، ئادەم بەدىنىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان شەكىلسىز كۈچ - قۇدرەتتىن ئىبارەت. نەچچە يىل ئىچىدىلا بىر كۈنۈپكىنى بېسىش ياكى بىر تال كونترول دەستىسىنى يۆتكەش ئارقىلىق، ئىلىم - پەن ھەر قانچە ئىشلىتىپمۇ ئىشلىتىپ بولالمايدىغان بايلىقنى ئىنسانىيەتنىڭ كونترول قىلىشىغا تاپشۇرىدۇ. بۇ قۇدرەتلىك كۈچ - قۇدرەتنىڭ مەنبەسى شەكىلسىز مەنىۋى كۈچتىن ئىبارەت، مەنىۋى كۈچ - قۇدرەتنى نامايان قىلىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى مۇلاھىزە جەريانى ئارقىلىق بولىدۇ. مۇلاھىزە ئاڭنىڭ بىردىنبىر ھەرىكىتى. ئىدىيە مۇلاھىزە، تەپەككۇرنىڭ بىردىنبىر ھاسىلاتى. لېكىن بۇ بىردىنبىر ھاسىلات كىشىنى ئەڭ باي ئادەمگە ئايلاندۇرالايدۇ.

13. تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق مەۋجۇداتلار ئاڭ بىلەن چەمبەرچەس مۇناسىۋەت باغلىغان. ئەقلىي يەكۈن ئاڭنىڭ ھەرىكەت جەريانى؛ كۆز قاراش ئاڭنىڭ تۈرەلمىسى؛ مەسىلە ئاڭنىڭ يەل كۆرسەتكۈچى چىرىقى ۋە لوگىكىسى؛ دىيالېكتىكا بىلەن پەلسەپە بولسا ئاڭنى تۈزگۈچى ئورگانىزملاردۇر. كۆپىيىش - ئازىيىش، پايدا - زىيان ھەممىسى ئاڭنىڭ ئىش - پائالىيىتىدىن ئىبارەت.

14. لېكىن ئاددىي ئوي - پىكىر چوقۇم چوڭ مېڭە، نېرۋا، مۇسكۇل قاتارلىق ھاياتلىق ئورگانىزملىرىنىڭ ماددىي ئىنكاسى. بۇ ئورگانىزم توقۇلمىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ئوبيېكتىپ ماددىنىڭ

ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . شۇڭا ، ئادەمنىڭ بەدەن تو-
قۇلمىلىرىدا ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگىرىش پەيدا قىلىش ئۈچۈن
بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز ئۆزىمىزنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇ-
لىمىزنى ئۆزگەرتىپ ، ئالاھىدە بەلگىلەنگەن تېمىغا قارىتا مۇلاھىزە
ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت .

15 . ئىدىيەنىڭ ئۆزگىرىشى مەغلۇبىيەتنى مۇۋەپپەقىيەتكە
ئۆزگەرتىدىغان بىردىنبىر ئۇسۇل . جاسارەت ، كۈچ - قۇدرەت ،
ئىلھام ، ئىناقلىق ، بۇ كۆز قاراشلار ئەسلىدىكى مەغلۇبىيەت ،
ئۈمىدسىزلىك ، نادانلىق چەكلىمە ، سۈرەن - شاۋقۇنلۇق ئاۋازنىڭ
ئورنىنى ئىگىلەپ ، ئاستا - ئاستا قەلبتە يىلتىز تارتسا ، بەدەن
قۇرۇلمىسىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىش ياسايدۇ . شەخسنىڭ
ھاياتىنى يېڭى يورۇق نۇر يورۇتىدۇ . كونىلىق يوقاپ ، بارلىق
مەۋجۇدات يېپيېڭى ھالەتكە كىرىدۇ . سىز شۇ سەۋەبتىن قايتىدىن
تىرىلىسىز . بۇ ئاڭنىڭ قايتىدىن پەيدا بولۇشىدۇر . ھاياتلىق شۇ
سەۋەبتىن يېڭى مەناغا ئىگە بولىدۇ ، ھاياتلىق قايتىدىن يارىلىپ ،
خۇشاللىققا ، ئىشەنچكە ، ئۈمىد ۋە ھاياتىي كۈچكە تولىدۇ . سىز
مۇۋەپپەقىيەتنىڭ تاڭ نۇرىنى كۆرىسىز ، لېكىن سىز بۇنىڭدىن
ئىلگىرى ئىزچىل ھالدا قاراڭغۇلۇقتا دۇقۇرۇپ يۈرگەنتىڭىز ،
سىز يېڭى پۇرسەتنى بايقايسىز ، سىزنىڭ مېڭىڭىز مۇۋەپپەقىيەت
قارىشىغا تولىدۇ . سىز ئەتراپىڭىزدىكىلەرگىمۇ نۇرىڭىزنى چاچى-
سىز . ئۇلار سىزنىڭ ئېڭىڭىزنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ، سىزنىڭ
ئالغا بېسىش ۋە يۇقىرى ئۆرلىشىڭىزگە تەسىر قىلىدۇ . سىز بىلەن
مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىدۇ ، مۇۋەپپەقىيەتكە تۇتاشقان
يولدا ئۇلار سىزنىڭ ھەمراھىڭىز بولىدۇ . سىز تۇرۇۋاتقان سىرتقى
مۇھىتتىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ . شۇڭلاشقا ، ئىدىيەنىڭ رولىنى
مۇشۇنداقلا ئاددىي جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق ، سىز ئۆزىڭىزنى
ئۆزگەرتىپلا قالماي ، مۇھىت ، پۇرسەت ۋە سىرتقى شارائىتنىمۇ
ئۆزگەرتىپ بارلىق نەرسىنى مۇۋەپپەقىيەتنى كۈتۈۋېلىشىڭىز ئۈ-
چۈن تەييار قىلىدۇ .

16 . مەيلى سىز ھېس قىلغان بولۇڭ ياكى بولماڭ ، ھازىر يېپيېڭى بىر كۈننىڭ سۈبھى مەزگىلى . يېتىپ كەلمەكچى بولغان ھەر خىل ئېھتىماللىقلار شۇ قەدەر ناھايىتى گۈزەل ۋە سىرلىق ، كىشىنى شۇ قەدەر مەستخۇش قىلىدۇ . شۇ قەدەر بىپايان بۇنداق مەنزىرە سىزنىڭ كۆزىڭىزنى ئالا - چەكمەن قىلىۋېتىدۇ . بىر ئەسىر ئىلگىرى كەسىپ قىلىنغان ئايروپىلاننى دېمەيلا قويايلى ، بىر ئادەم بىر گىرىن پىلىموتقا تايىنىپ ئەينى ۋاقىتتىكى قوراللار بىلەن قوراللانغان بىر پۈتۈن چوڭ قوشۇننى تارمار قىلىۋېتەتتى . ھازىر پەقەت ئادەم ئىدىيەنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتسىلا ، ئۇ پىلىموتنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە ئوخشاش ئويلاپ يېتىش تەس بولغان ئەۋزەللىككە ئىگە بولىدۇ ، بۇنىڭ بىلەن تەڭداشسىز ، ھەممىنى مەنسىتمەيدىغان ، بارچە ئادەم ھۆرمەتلەيدىغان داھىيغا ئايلىنىدۇ .

17 . تەپەككۇر ئىجادچانلىقىقا باي سېھىرىگەر . تارتىش كۈچى قانۇنىيىتى ئۇنىڭ خاسىيەتلىك سېھىرىگەرلىك تايىقى . ھەر بىر شەخسنىڭ مۇستەقىل ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقوقى ، تاللاش ھوقوقى بولىدۇ . ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئارىلىشىش ھوقوقى بولمايدۇ . لېكىن ، بەزىلەر قەستەن بۇ قائىدىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ مەجبۇرلاش قائىدىسى ئارقىلىق تارتىش كۈچى قائىدىسى بىلەن قارشىلىشىدۇ . بۇنىڭ تەبىئەتكە نىسبەتەن بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرى بولۇپ ، تارتىش كۈچى قائىدىسىگە زىت بۇ زورلۇق كۈچى ئىشلەتكەندە مەسىلەن ، يەر تەۋرەش ۋە ئاپەت ئۆزگىرىشلىرىنىڭ ئۆزى پەقەت بۇزغۇنچىلىق ۋە ئاپەتتىن ئىبارەتتىلا بۇ ھال خارابىلىكتىكى باشقا ھېچقانداق ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدۇ . مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن ، چوقۇم دىققەت - ئېتىبارىمىزنى ئىجادچانلىق تەرەپكە قارىتىشىمىز ، ھەرگىز بۇزغۇنچىلىق تەرەپكە قاراتماسلىقىمىز لازىم .

18 . تەپەككۇرنىڭ ئۆزى ئىجاد قىلغۇچى بولۇپلا قالماستىن بەلكى بىردىنبىر ئىجاد قىلغۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . شۈبھىسىزكى ھەر قانداق ئىدىيەنى تولۇق تونۇساق ، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى

چۈشەنسەك ، ئۇلاردىن تولۇق پايدىلىنالايمىز . «توك » ئەلمىساقـ
تىن تارتىپ ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن . پەقەت 100 يىل
ئىلگىرى ئۇنىڭغا كىشىلەرنىڭ نەزەرى چۈشتى . كىشىلەر ئۇنىڭ
قانۇنىيىتىنى بايقاپ ھەم ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغانـ
دىن كېيىن ، ئىنسانلار ئۇنىڭ پايدىسىنى كۆردى . بۈگۈنكى كۈندە
كىشىلەر توكنىڭ قانۇنىيىتىنى چۈشەندى . پۈتكۈل دۇنيا توك
ئارقىلىق يورۇتۇلدى . «باياشاتچىلىق قانۇنىيىتى »مۇ ھەم شۇنـ
داق : پەقەت ئۇنى تونۇغان ۋە شۇ بويىچە ئىش كۆرگەن ئادەملەرلا
ئۇنىڭ پايدىسىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ .
19 . باياشاتچىلىققا ئېرىشىش «باياشاتچىلىق قائىدىسى»نى
تونۇشقا باغلىق . ئۇ چوقۇم رىقابەت خاراكتېرىدە بولماسلىقى ئۆز
ئېھتىياجىنى باشقىلارنىڭكىنى تارتىۋېلىش ئارقىلىق قاندۇرماسلىـ
قى كېرەك . سىز ئۆزىڭىزگە لازىملىق نەرسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈـ
شىڭىز ، ھەرگىز باشقىلارنىڭ بىر نەرسىنى ئىلىۋالماسلىقىڭىز
لازىم . تەبىئەت ھەممە ئادەم ئۈچۈن مول نېمەتلەرنى ياراتقان .
تەبىئەتنىڭ بايلىق ئامبىرى پۈتمەس ـ تۈگىمەس . ناۋادا مەلۇم
جايدا تەبىئەتنىڭ نېمەتلىرى كەمدەك كۆرۈنسە ، بۇ ئۇنىڭغا ئېرىشىـ
دىغان يولنىڭ كەمتۈكلىكىدە .
20 . كىشىلەرنىڭ باياشاتچىلىق قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشى
ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى ۋە ئەخلاقىي پەزىلىتىنى قوزغاتتى ۋە نامايان
قىلدى . بۇ جەسۇرلۇق ، ساداقەتمەنلىك ، ئەقىل ـ ئىدراك ، زېـ
رەكلىك ، خاسلىق ۋە ئىجادچانلىق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىـ
دۇ . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىدىيىنىڭ مايىللىقى ، بارلىق ئىدىيىلەر
ئىجادىي خاراكتېردە بولۇپ ، ئۇلار مەنىۋى مۇھىت بىلەن بىردەك
بولغان ئوبيېكتىپ مۇھىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . ھەر بىر
ئوي ـ پىكىر سەۋەب ، ھەر بىر ھالەت نەتىجە . بۇ سەۋەب ـ نەتىجە
قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن . چۈنكى شەخسنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى
«ھەممىگە باب كېلىدىغان كۆز قاراش» پەيدا قىلغان نەتىجىنىڭ
مەھسۇلى .

21 . ئىنسانلارنىڭ قارىماققا ئىنتايىن ئاجىز تېنىدە كىشى
خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان نۇرغۇنلىغان مۇمكىنچىلىكلەر يو-
شۇرۇنغان بولىدۇ . بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر خىل مۇمكىنچىلىك كې-
لىدۇ . پۇرسەتنىڭ يارىتىلىشى ۋە تەكرار يارىتىلىشى ئارقىلىق
ئۆزىنىڭ ھالىتىنى كونترول قىلىشتۇر . بۇ خىل پۇرسەتنى يارى-
تىشتىكى ئاساسلىق كۈچ ئىدىيەدىن - ئىدىيە كەلگۈسىدىكى ئىشلا-
رنى قارار قىلىشتىكى (بەلگىلەشتىكى ) كۈچ - قۇدرەتنى تونۇش-
تىن ھاسىل بولىدۇ . دەل بۇ خىل ئىچكى تەپەككۇر مۇۋەپپەقىيەت-
نى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدۇ . بۇ خىل ئىچكى كۈچ - قۇدرەتكە
بولغان تونۇش شۇنىڭغا ماس ھەرىكەتنى ئېلىپ بارىدىغان ئورگانىك
گەۋدە . بۇ خىل كۈچ - قۇدرەت بىز بىلەن بىز ئىزدىمەكچى بولغان
ئوبيېكت ۋە نىشان ئارىسىدا كۆۋرۈك سالىدۇ ھەمدە بىزنى غايە-
مىزنىڭ قىرغىقىغا يەتكۈزىدۇ . مانا بۇ ھەرىكەتتىكى تارتىش كۈچى
قانۇنىيىتى . بۇ قانۇنىيەت ھەممە كىشىلەرنىڭ ئورتاق بايلىقى .
ئۇنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە ئىقتىدارى يېتىدىغان ھەر قانداق كىشى-
لەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن پايدىلىنالايدۇ .
22 . جەسۇرلۇق ئىنسانلارنىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا بار بولغان قۇد-
رەتلىك ھەم ئالىجاناب خاراكتېر . مەنىۋى توقۇنۇش ئىچىدىكى
قىزغىنلىقتا نامايان بولغان تەپەككۇرنىڭ كۈچ - قۇدرىتى . مەيلى
گېنېرالغا ئوخشاش بۇيرۇق چۈشۈرۈش ياكى ئەسكەرگە ئوخشاش
بۇيرۇققا بويسۇنۇپ ئىجرا قىلىش بولسۇن ، ھەر ئىككىلىسىگىلا
جۈرئەت كېرەك . لېكىن كۆپ ھاللاردا جەسۇرلۇق يوشۇرۇن ھالەت-
تە بولىدۇ . ئاسانلىقچە ئۆزىنى ئاشكارىلىمايدۇ . ھەقىقىي جەسۇر-
لۇق سوغۇققان ، ئېغىر - بېسىق ۋە تەمكىن بولىدۇ . ھەرگىز
پەمسىز قەھرىمانلىق ، ئۇستۇنلۇك تالىشىش ، مىجەزى بىر قىسىم
چۇسلۇق ئەمەس . ئانچە كۆزگە چېلىقمايدىغان ئادەملەر قارىماققا
دائىم باشقىلارنى خۇشال قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ . لېكىن
پۇرسەت كەلگەندە ، كۆڭلىدىكى ئاشكارىلايدۇ . بىز ھەيرانلىق ئى-
چىدە يۇمشاق پەلەي ئىچىدىكى پولاتتەك قولنى بايقايمىز .

23 . جۇغلاش بىزنىڭ ئېرىشكەن نەرسىلىرىمىزنى زاپاس توپ-لاش ۋە ساقلاش ئىقتىدارىمىز . بۇنىڭدا بىز تېخىمۇ چوڭ پۇرسەت-تىن پايدىلىنالايمىز . تەييارلىقنى پۇتتۇرۇپ بولساقلا ، مۇۋەپپەقى-يەت قازىنىشنىڭ پۇرسىتى بارلىققا كېلىدۇ . ئۇتۇق قازانغان بار-لىق كارخانىچىلاردا بۇنداق پەزىلەت بار ، يەنە كېلىپ ئۇلار بۇ جەھەتتە ناھايىتى ياخشى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى . جامىس . J شىر 52 مىليوندىن ئارتۇق بايلىقنى قالدۇردى . ئۇ مۇنداق دەيدۇ : «ناۋادا سىز ئۆز تۇرمۇشىڭىزدا چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىڭىزنى ياكى مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدىغانلىقىڭىزنى بىلمەكچى بولسىڭىز ، ئۇنىڭ جاۋابىغا ناھايىتى ئاسانلا ئېرىشەلەيسىز . بۇنى سىناشنىڭ ئۇسۇلى تولىمۇ ئاددىي ، نۇقسانسىز . سىز پۇل يىغالامسىز ؟ناۋادا شۇنداق قىلالىسىڭىز ، ئۇنداقتا سىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم ئامىلىنى ھازىرلىغان بولىسىز . ئەكسىچە بول-غاندا ، سىز مۇقەررەر مەغلۇپ بولىسىز ، چۈنكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئۇرۇقى سىزدە يوق . سىز بەلكىم بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن ، لېكىن بۇ ھەقىقەت جۇغلاش ئىقتىدارىڭىز كەمچىل بولغاندا مۇۋەپپەقىيەت سىزگە خۇد-دى كۆز يەتسىمۇ ، قول يەتمەيدىغان ئالتۇن بولۇپ كۆرۈنىدۇ ، سىزگە ئىسپاتلاپ بېرىدۇ . »

24 . جامىس . J . شىرنىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تۆۋەندىكى ئۇسۇل ئارقىلىق 50 مىليون ئامېرىكا دوللىرى تاپقانلىقىنى بىلىدۇ . ئۇ ئالدى بىلەن ئىشنى بىر ۋاراق ئاق قەغەزدىن باشلاپ ، ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىنى تولۇق ئېچىپ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ، غەربىي قىسمىدىكى چوڭ يايلاقنى كې-سىپ ئۆتىدىغان غايەت زور تۆمۈريول پىلانىنى قەغەز يۈزىدە كونك-رېتلاشتۇرىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، باياشاتچىلىقنىڭ قانۇنىيىتى ناھا-يىتى مۇھىم ، ئۇ قانۇنىيەت بۇ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىدا ئۇنى ئۇسۇل ۋە ۋاستە بىلەن تەمىنلىدى . ئەمما ھالقىلىق رول ئوينىغان نەرسە يەنىلا ئىجرا قىلىش ھالقىسى . ناۋادا قۇرۇق گەپ ياكى

ئاغزىدا شەھەر ئىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان بولسا، جامۇس. J. شىر ھېچقانداق بايلىقنى يىغالمىغان بولاتتى.

25. ئارزۇ ـ ئىستەك جۇغلانما يىغىشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. ئىككىسى بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. (جۇغلانمىڭىز) كۆپەيگەنسىرى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىڭىزمۇ كۆپىيىپ بارىدۇ. ئارزۇ ـ ئارمانلىرىڭىز كۆپەيگەنسېرى جۇغلانمىڭىزمۇ ئېشىپ بارىدۇ. شۇنداق قىلىپ ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا تەسىر ۋە ئەكس تەسىر توسۇۋالغۇسىز ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئېرىشىدۇ. لېكىن جۇغلانما توپلاشنى ھەرگىز شەخسىيەتچىلىك، ئاچكۆزلۈك ياكى پىخسىقلىق بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىنورمال ۋاسىتىلەر بولۇپ، ئۇ سىزنى تۈيۈق يولغا باشلاپ، ھەقىقىي ئالغا ئىلگىرىلىشىڭىزنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

26. يېڭىدىن قۇرۇش تەپەككۇرنىڭ ئىجادىي خاراكتېرلىك خاسلىقى. سودا ساھەسىدە ئۇ ئادەتتە «يېڭىلىق يارىتىش روھى» دەپ ئاتىلىدۇ. يېڭىلىق يارىتىش روھى يېڭىدىن قۇرۇش، لايىھەلەش، كەشىپ قىلىش، بايقاش ۋە ئۆزگەرتىش داۋامىدا گەۋدىلىنىدۇ. يېڭىلىق يارىتىش روھى ئەڭ قىممەتلىك ئەخلاقىي ـ پەزىلەت. بۇ چوقۇم ئۆزلۈكسىز ئىلھام بېرىشكە ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تېگىشلىك. ھەر بىر ئۇتۇق قازانغان كارخانىچىنىڭ چوقۇم پىلانلاش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ياكى يېڭىدىن قۇرۇش ئىقتىدارى بولىدۇ. داۋاملىق باشقىلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىۋەرگىلى بولمايدۇ. چوقۇم يېڭى ئىدىيەنى، يېڭىچە ئىش قىلىش ئۇسۇلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. ھەر بىر شەخس مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە بولغان بولىدۇ. چۈنكى چەكسىز ۋە مەڭگۈلۈك نەرسە ئېنېرگىيەلەر ئىچىدە ئۇ بىر ئالاھىدە يادروسى بولۇپ، بارلىق مەۋجۇدات بۇ خىل ئېنېرگىيەنى مەنبە قىلىدۇ.

27. سۇ ئوخشىمىغان ئۈچ خىل ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. يەنى: قاتتىق، سۇيۇق ۋە پار ھالەتتە. لېكىن ئۇلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھەممىسى بىر خىل خىمىيەلىك بىرىكمە . بىردىنبىر ئوخشىمايدىغان يېرى پەقەت ئۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى . لېكىن ھېچكىم مۇز ئارقىلىق ماتورنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە ئۇرۇنمايدۇ . ئۇنى ھورغا ئايلاندۇرغاندىلا بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىغىلى بولىدۇ . سىزنىڭ ئېنېرگىيىڭىزمۇ شۇنداق . ناۋادا سىز (يېڭىلىق يارىتىش ) توغرىلىق ئويلاشماقچى بولسىڭىز ، ئالدى بىلەن تەسەۋۋۇر ئۇچقۇنى ئارقىلىق مۇزنى ئېرىتىشىڭىز ، ئېنېرگىيەڭىزنىڭ ئوتى قانچىلىك ئۇلغايغانسىرى ئېرىيدىغان مۇزمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ ، ئىدىيىڭىزمۇ بارغانسېرى كۈچىيىپ ، ئارزۇ ـ مەقسەتلىرىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشمۇ تېخىمۇ ئاسانلىشىدۇ .

28 . ئەقىل ـ پاراسەت تەبىئەت قانۇنىيىتىنى تونۇش ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ . ھەقىقىي دانىشمەنلىك ئارقىلىق ئالدامچىلىق ۋە كۆز بوياپچىلىقتىن ئانچە كۈچەمەيلا ساقلانغىلى بولىدۇ . ئۇ چوڭقۇر كۆزىتىش ئىقتىدارىنىڭ مەھسۇلى . بۇنداق كۆزىتىش ئىقتىدارى ئارقىلىق سىز شەيئىنىڭ ئىچكى قىسمىغا ئىچكىرىلەپ كىرەلەيسىز . مۇۋەپپەقىيەتنىڭ شەرت ـ شارائىتلىرىنى يارىتىشتىكى ئىچكى قانۇنىيەتلەردىن تولۇق خەۋەردار بولالايسىز .

29 . زېرەكلىك بىلەن بىۋاسىتە سېزىم ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ . ئۇ سودىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى ناھايىتى نازۇك ، شۇنداقلا ناھايىتى مۇھىم ئامىل . زېرەك ، چەپدەس بولۇش ئۈچۈن سىزدە چوقۇم ئىنچىكە سېزىم ، نېمىنى دېيىش ، نېمىنى قىلىش ھەققىدە بىۋاسىتە سېزىم بولۇشى . زېرەك ، چەپدەس بولۇش ئۈچۈن ، سىزدە چوقۇم ھېسداشلىق تۇيغۇسى ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك . ئاجايىپ چۈشىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش ناھايىتى مۇھىم . چۈنكى ھەممە ئادەم ئاڭلىيالايدۇ ، كۆرەلەيدۇ ، ھېس قىلالايدۇ . لېكىن بۇنى «چۈشىنەلەيدىغان» ئادەم ھەقىقەتەن ئاز بولىدۇ . زېرەكلىك يۈز بەرمەكچى بولغان ئىشنى ئالدىن بىلەلەيدىغان بارومېتىر ، شۇنداقلا ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىنى ئىنتايىن

توغرا ھېسابلاپ بېرەلەيدۇ . زېرەكلىك بىزنىڭ تەن ، روھ ۋە ئەخلاق جەھەتتىن پاكلىقنى ساقلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ . چۈنكى بۇگۈنكى كۈندە ، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا ھا-زىرلاشقا تېگىشلىك ساپالاردىن ئىبارەت .

30 . ساداقەتمەنلىك ئىقتىدارلىق ، پەزىلەتلىك ئا-دەملەرنى بىر - بىرىگە باغلايدىغان كەمەر . ھەر قانداق ئادەم بۇنداق بەلباغنى ئۆزۈۋېتىدىكەن قاتتىق جازاغا ئۇچرايدۇ . بىلىكى ئۆزۈلۈپ كەتسىمۇ دوستىغا ساتقىنلىق قىلمىغان ئادەمنى دوستلى-رى ھەرگىز تاشلاپ كەتمەيدۇ . ساداقەتمەنلىكنى ساقلىغان ھەتتا ئۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتىنى قۇربان قىلىشتىن باش تارتمايدىغان ئادەم ئىشەنچ ۋە دوستلۇقنىڭ خاسىيەتلىك ئوردىسىغا كىرىش ئىجا-زەتنامىسىگە ئېرىشكەندىن باشقا ، شۇ كىشىنىڭ ۋۇجۇدىغا كىشى-نىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدىغان كۈچ - قۇۋۋەت مۇجەسسەملىنىدۇ . بۇ خىل كۈچ - قۇۋۋەت ئىنتىلىشكە ئەرزىيدىغان ھالەتنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ .

31 . خاسلىق ئۆزىمىزدە بار بولغان يوشۇرۇن مۇمكىنچىلىك بولغان كۈچ - قۇدرەتنى جارى قىلدۇرۇش ، مۇستەقىل ئىش كۆرۈشنى كۆزدە تۇتىدۇ ، ئۇ مۇسابىقىنىڭ نەتىجىسىگە ئەمەس بەلكى جەريانىغا ئېتىبار بېرىدۇ . غالىبلار ئۆزىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ئۆز - ئۆزىدىن كۆرەڭلەپ كېتىدىغان زور بىر توركۇم ئۆزىنى دورىغۇچىلارغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ . ئۇلار بىر توپ ئادەم-نىڭ رەھبىرى بولۇش بىلەن ياكى بىر توپ ئالىملارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىش بىلەن قانائەتلىنىپ قالمايدۇ . بۇلار ئىچى تار ئادەملەر-نىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلالايدۇ . خاسلىقتا ئىگە كىشىلەر ھەرگىز ئاجىزلارنىڭ نومۇسسىز خۇشامىتىدىن ئەمەس ، بەلكى ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىقتىدارىنى ئېچىشتىن بەكرەك پەخىرلىنىدۇ . خاسلىق بولسا ھەقىقىي ئىچكى ئىقتىدار بولىدۇ . بۇ كۈچ - قۇدرەتنىڭ تەرەققىياتى شۇنداقلا ئۇنىڭ نەتىجىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى ، ئۇنداق ئادەم ئۆز بېشىمچى بولىدۇ ، بىراۋلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشمەيدۇ ،

بەلكى ، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا ئۆز مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە
ئالىدۇ .

32 . ئىلھام كەڭ دائىرىدىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
ئۆزلەشتۈرمە سەنئەت ، ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىش سەنئىتى . شەخسنىڭ
تەپەككۇرىنى تەڭشەپ ماسلاشتۇرىدىغان سەنئەت . بارلىق كۈچ ـ
قۇۋۋەتنىڭ مەنبەسىگە نىسبەتەن قوشىدىغان سەنئەت ، شەكىللىك ۋە
شەكىلسىز مەۋجۇدىيەتنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىيدىغان سەنئەت .
پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ يۆتكىلىش يولى بولىدى-
غان سەنئەت ، ھەممىگە قادىر كۈچ ـ قۇدرەتنى بىلىدىغان سەنئەت .

33 . سەمىمىيەتلىك بارلىق بەختنىڭ زۆرۈر شەرتى . شۇنداق
جەزىملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى ، سەمىمىيلىكنى بىلىش ، ئۆز ـ ئۆ-
زىگە ئىشەنگەن ھالدا سەمىمىيلىكتە چىڭ تۇرۇشنىڭ ئۆزى قانائەت-
لىنىش شۇنداقلا باشقا ھەر قانداق نەرسە بىلەن سېلىشتۇرۇش تەس
بولغان مەنزىل . سەمىمىيلىك ئەڭ توپ ھەقىقەت . بارلىق مۇۋەپپە-
قىيەتلىك سودا مۇناسىۋىتى ياكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ ئال-
دىن ھەل قىلىش شەرتى . مەيلى بىلىمسىزلىك بولسۇن ياكى
قەستەن بولسۇن ، سەمىمىيلىككە زىت بولغان ھەر قېتىملىق ھەرى-
كەت بىزنىڭ پۈت دەسسەپ تۇرىدىغان ئۇلىمىزنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ .
شۇنداقلا ئىناقسىزلىقنى ھەمدە ساقلانغىلى بولمايدىغان مەغلۇبىيەت
ۋە قالايمىقانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . چۈنكى ھەر قېتىملىق
توغرا ھەرىكەتتە ، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى تەپەككۇرمۇ ئۇنىڭ نەتى-
جىسىنى توغرا ئالدىن بىلەلەيدۇ . ناۋادا توغرا ھالدا پىرىنسىپقا
خىلاپلىق قىلغاندا ، كېلىپ چىقىدىغان (ئاقىۋەتكە ) نىسبەتەن ،
ئەڭ ئۇلۇغ ، ئەڭ چوڭقۇر ، ئەڭ ئۆتكۈر تەپەككۇرمۇ مېڭىسى
قېيىپ نىشاندىن ئادىشىپ قالىدۇ .

34 . يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئامىللار مۇۋەپپەقىيەتكە تۇتىشىدى-
غان شوتا ، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ زۆرۈر ئامىللىرىنى قەلبىگە ئورناتقان
ئادەملەر ، غەلىبە مېۋىسىگە ئۇل سالغان بولىدۇ . بۇ كاپالەتلەر
ھازىرلانغاندىن كېيىن ، قاراپ تۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەتنى قولدىن بې-



www.uyghurkitap.com

-رىپ قويىدىغان ئەھۋال بولمايدۇ .

35 . بىزنىڭ ئاڭ پائالىيىتىمىز جەريانىدا ، ئاڭلىق پائالىيەت 10% كىمۇ يەتمەيدۇ . باشقا 90% نى بولسا ئىختىيارسىز ۋە ئاڭسىز پائالىيەت ئىگىلەيدۇ . شۇڭلاشقا ، پەقەت ئاڭلىق ئىدىيەگە تايىنىپلا نەتىجە ھاسىل قىلىدىغان ئادەمنىڭ پائالىيىتىنىڭ ئۈنۈمـ-لۈك بولۇش نىسبىتى 10% كىمۇ يەتمەيدۇ . زور ھەقىقەت شۇكى يوشۇرۇن ئاڭ دەل مۇشۇ يەردە ، ئىدىيە ئۇنىڭ ئىجادىـي كۈچ - قۇدرىتىنى تاپىدۇ . ئۇنىڭ نىشان بىلەن باغلىنىشلىق بولغان كۈچى شەكىلسىز كۈچنى شەكىللىك كۈچكە ئايلاندۇرىدۇ . مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئۇلۇغ كىشىلەر ئىخىمۇ چوڭ روھىي بايلىق ئامبىرىنى ئاچىدىغان ئالتۇن ئاچقۇچنى تاپقان كىشىلەردۇر .

36 . سۇ تۆۋەنگە قاراپ ئاققانغا ئوخشاش ، توك ئېقىمىمۇ يۇقىرى پوتېنسىيالدىن تۆۋەن پوتېنسىيالغا ئاقىدۇ . ئېلېكتىر ئىـ-لىمىنى بىلىدىغانلار بۇ پىرىنسىپنى بىلىدۇ . شۇڭلاشقا بۇ خىل كۈچنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالالايدۇ . بۇ قانۇنىيەتنى چۈشەنمەيدىغان كىـ-شىلەر بۇ كۈچلۈك قورالنى ئىشلىتىشكە ئامالسىز قالىدۇ . ئاڭ دۇنياسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان قانۇنىيەتمۇ شۇنداق . بەزى ئاـ-دەملەر تەپەككۇرنىڭ بارلىق مەۋجۇداتقا سىڭىپ كىرەلەيدىغانلىـ-قىنى ، ھەممىلا يەردە بارلىقىنى چۈشىنىدۇ . ھەم ئىنكاسى تېز بولىدۇ . ئۇلار بۇ قانۇنىيەتتىن پايدىلىنىپ شارائىت ، ھالەت ۋە مۇھىتنى كونترول قىلىدۇ . بۇنىڭغا نىسبەتەن ھېچنىمىنى بىلمەيـ-دىغان ئادەم ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ئامالسىز قىلىپ «ئۇجمە پىش ، ئاغزىمغا چۈش» دەپ قاراپ تۇرىدۇ ، خالاس .

37 . بۇ خىل بىلىم ئېلىپ كەلگەن نەتىجە ئەسلىدە خۇدانىڭ شاپائىتى . بۇ ھەقىقەت كىشىلەرنى بويۇنتۇرۇقتىن خالاس قىلىدۇ ، نادانلىق ۋە چەكلىمىلىكتىن ساقلاپلا قالماستىن ، يەنە ئازاب ، ئوـ-قۇبەت ، ۋە تەشۋىشتىن ئازاد قىلىدۇ . بۇ قانۇنىيەت ئادەمگە باقمايـ-دۇ . مەيلى سىزنىڭ ئىلگىرىكى تەپەككۇر ئۇسۇلىڭىز ياكى بېسىپ ئۆتكەن يولىڭىز قانداق بولسۇن ، ئۇ ھەممىگە بىر كۆزدە قارايدۇ ،

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدا كەمستىش بولمايدۇ .

38 . غۇۋالىق ئىچىدە بىز دائىم بىر خىل قۇدرەتلىك كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ بىزنى يېتەكلەۋاتقانلىقىنى ، ئۆزىمىزنىڭ ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئۇنىڭغا ئەگىشىۋاتقانلىقىمىزنى ھېس قىلىمىز . مانا بۇ ئاڭنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى . ئاڭنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان كۈچ قۇدرىتى باشقا ھەر قانداق كۈچ ـ قۇدرەتنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ . ھەم ئۇلارغا باشلامچىلىق قىلىدۇ ، ئۇنى يېتىلدۈرگىلى ، تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ . ھېچقانداق چەكلىمە ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى توسۇپ قالالمايدۇ . ئاڭنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ھەقىقەت . بارلىق كىشىلەرنى داۋالايدىغان خاسىيەتلىك دورا . بارلىق قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىدىغان ئەڭ ياخشى بىردىنبىر يول . بارلىق ئارزۇ ـ ئىستەكنى قاندۇرىدىغان مۇقەررەر يول ، ئەمەلىيەتتە ، ئۇ ياراتقۇچىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن تەييارلىغان مول مەئىشەتتىن ئىبارەت .

## رويابقا چىققان ئوي

قەتئىي ئىشىنىمەن ، روياپقا چىقىدۇ ئويۇم ،
پۈتۈلدى ئاڭا بەدەن ، نەپەس ۋە قانات .
ئوي ـ خىياللىرىمىزنى قويۇپ بېرەيلى ئەركىن ،
نەتىجىسى بىلەن دۇنيانى تولدۇرسۇن ،
مەيلى ئۇ ياخشى ياكى ئەسكى بولسۇن .
يوشۇرۇن ئوي ـ خىياللىرىمىزغا سەما بولايلى ،
يەر شارىنىڭ ئەڭ يىراق يېرىگە سەپەر قىلسۇن .
ياخشى تىلەكلەر قالدۇرسۇن ، تىلەكلەر قايغۇلۇق بولسىمۇ مەيلى ،
سەپ ـ سەپ بولۇپ ئىزلار قالسۇن .
كەلگۈسىمىزنى ئۆزىمىز يارىتىمىز ،
ئوي ـ خىياللىرىمىز ئارقا ـ ئارقىدىن پەيدا بولىدۇ .

ئاقىۋىتى ياخشى ياكى يامانمۇ، كەلمەس بىلگۈمىز،
ئالەم شۇنداق شەكىللەنگەن.
ئۆي ـ خىيال، تەقدىرنىڭ ئىسمى باشقىچە،
تالالايلى، ئاندىن كۆتەيلى ئورۇنلاشتۇرۇشنى.
چۈنكى ئەپرەتتىن نەپرەت، مۇھەببەتتىن مۇھەببەت تۇغۇلىدۇ

ھىنزى ۋان دەيك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 6 ـ ساۋاق : مۇۋەپپەقىيەت ئۇنى قوغلاشقانلارنى (ئۇنىڭغا ئىنتىلگەنلەرنى) مەقسەت ـ مۇددىئاغا موھتاج

1 . ئادەم بەدىنىدىكى ئىككى چوڭ سىستېما — مېڭە ـ ئومۇرتقا نېرۋا سىستېمىسى ۋە سىمپاتىك نېرۋا سىستېمىسى ئوخشاش تۈردىكى نېرۋا ئېنېرگىيە كونترول سىستېمىسىدىن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ ، مېڭە ـ ئومۇرتقا نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئەزاسى چوڭ مېڭە ، سىمپاتىك نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئەزاسى قورساق بوشلۇقى نېرۋا چىگىچى . ئالدىنقىسى ئاڭلىق ياكى مەقسەتلىك ، كېيىنكىسى ئاڭسىز ياكى مەقسەتسىز . بۇ ئىككى سىستېما ئۆزئارا گىرەلىشىپ ، ھەر قانداق بىر سىستېمىنىڭ ئىنكاس تەسىرىنى قارشى تەرەپكە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ .

2 . ئېقتىدار جەھەتتىن قارىغاندا ، نېرۋا سىستېمىسىنى تېلېگراف سىستېمىسىغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ . نېرۋا ھۈجەيرىسى باتارىيىگە ، نېرۋا تالالىرى تېلېگراف لىنىيەسىگە ماس كېلىدۇ . باتارىيە توك پەيدا قىلىدۇ . لېكىن نېرۋا ھۈجەيرىلىرى نېرۋا ئېنېرگىيەسى ھاسىل قىلالمايدۇ . ئۇلار ئېنېرگىيەگە ئايلىنىدۇ . نېرۋا تالالىرى ئېنېرگىيە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ . بەدەندىكى ھەر بىر ھەرىكەت ، نېرۋا سىستېمىسىدىكى ھەر بىر قېتىن ئىنكاس ئوي ـ پىكرىمىزنىڭ ھەممىسى نېرۋا ئېنېرگىيىسى سەرپ قىلىدۇ . بۇ خىل ئېنېرگىيە توك ئېقىمى ، يورۇقلۇق ياكى ئاۋازغا ئوخشاش مېخانىك دولقۇن ئەمەس ، ئۇ تەپەككۇردىن ئىبارەت .

3 . بىز مېڭە ـ ئومۇرتقا نېرۋا سىستېمىسى ۋە چوڭ مېڭىنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ ئۆزىمىزدە بار بولغان نەرسىلەرنى تونۇپ يەتتۇق . شۇڭلاشقا بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاڭنى مەنبە قىلىدۇ .

بۇ خىل ئاڭ ئەڭ مۇھىم ئاڭ، بىزنىڭ ئېرىشكەن بىلىمىمىزنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ بارىدۇ. بىلىم كۆ-زىتىش، تەجرىبە ۋە قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق ئېرىشىلىدۇ. لېكىن كىچىك بالىنىڭ تەرەققىي قىلمىغان ئېڭى ياكى گالۋاڭ ئادەمنىڭ ئېڭى ھەقىقىي ئاڭ ھېسابلانمايدۇ.

4. ئېرىشىش ئاڭ ئاساسىغا قۇرۇلغان بولىدۇ. بىز بۇ خىل ئاڭنى «ئىچكى دۇنيا» دەپ ئاتايمىز. بىز ئېرىشكەن شەكلەن نەرسىلەر "سىرتقى دۇنيا"غا مەنسۇپ. ئىچكى دۇنيا تەپەككۇرغا ئىگە بولىدۇ. بىزنىڭ سىرتقى دۇنيادىن ئېرىشىدىغىنىمىزمۇ تە-پەككۇر. تەپەككۇر ئىدىيە، روھى كارتىنا ۋە ھەرىكەت ئارقىلىق ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ. ھەر بىر خىل مۇۋەپپەقىيەتلىك سودا مۇناسىۋىتى ياكى ئىجتىمائىي ئورۇننىڭ ئۆلىنى سالىدىغان ئاساس-لىق پىرىنسىپ ئىچكى دۇنيا بىلەن سىرتقى دۇنيا، ئوبيېكتىپ دۇنيا بىلەن سۇبيېكتىپ دۇنيانىڭ پەرقىنى تونۇشتىن ئىبارەت.

5. نېرۋا سىستېمىسى خوجايىن. ئۇ تەپەككۇر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھوقوقىنى يۈرگۈزىدۇ. شۇڭلاشقا تەپەككۇر بوشلۇق ئې-ڭىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ۋاستە. ئۇ ماددا بىلەن ئاڭ تۇتاش-تۇرغۇچى بەلباغ. ئېڭىمىز بىلەن «بوشلۇق ئېڭى» ئوتتۇرىسىدىكى بەلباغ. تەپەككۇر چەكسىز كۈچ – قۇۋۋەتنىڭ ئىشىكى. نېرۋا سىستېمىسى بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى رويال بىلەن تەڭكەش قىلغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. تەپەككۇر پەقەت رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان قورال بولغان چاغدىلا ئاندىن ئىپادىلەشنى تاماملايدۇ.

6. ئىدىيە تۆغما ئۆزمە كۆڭۈل، ئۇ ئىجادچانلىق خاراكتېرغا ئىگە بولۇپ، دائىم توختىماي يېڭىلىق يارىتىدۇ. بىزنىڭ ئىدىيە-دىن پايدىلىنىپ شارائىت، مۇھىت ۋە باشقا تۇرمۇش كەچمىشلىرى-نى يارىتىش ئىقتىدارىمىز بىزنىڭ تەپەككۇر ئادىتىمىز تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بىزنىڭ نېمە قىلىشىمىزنى بىزنىڭ قانداقلىقىمىز بەلگىلەيدۇ. بىزنىڭ قانداقلىقىمىزنى بىزنىڭ نېمىنى ئويلاشقا ئا-

دەتلەنگەنلىكىمىز بەلگىلەيدۇ. شۇڭلاشقا، بىز چوقۇم ئىچكى مۇلا-
ھىزە ئىقتىدارىمىزنى كونترول قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك
قىلىشىمىز، بۇ ئارقىلىق ئۇنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك ھالدا ھەرىكەت-
لەندۈرۈشىمىز كېرەك.

7. ھەيۋەتلىك، سەلتەنەتلىك، قۇدرەتلىك ئالەم قارىماققا
ناھايىتى مۇرەككەپ چىگىشتەك كۆرۈنگىنى بىلەن تېگى - تەكتى-
دىن ئېيتقاندا پەقەت ئىككى خىل نەرسىدىن تەركىب تاپقان. يەنى
ئۇ كۈچ (قۇدرەت) بىلەن ھالەتتىن ئىبارەت. ئىدىيە دېمەك،
كۈچ- قۇدرەت دېمەكتۇر. بىز بۇ خىل «ئىجادىي كۈچكە» ئىگە
ئىكەنلىكىمىزنى تونۇپ يېتىپ، ئۇنى كونترول قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا
باشلامچىلىق قىلالايدىغان، شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق ئوبيېكتىپ دۇنيا-
دىكى كۈچ - قۇدرەت ۋە ھالەتلەرگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ۋاقىت-
تا، بىزمۇ ئالى خىمىيەسىدىكى بىرىنچى تۈرلۈك تەجرىبىنى تاما-
لىغان بولىمىز.

8. ئومۇمىيۈزلۈك ماس كېلىدىغان ئىدىيە بولسا ھەممە بىل-
دىغان، ھەممە قىلالايدىغان، ھەممىلا يەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدى-
غان ئىدىيەدىن ئىبارەت. ئومۇمىيۈزلۈك ماس كېلىدىغان ئىدىيە
بارلىق كۈچ، بارلىق فورماتسىيەلەرنىڭ مەنبەسى، بارلىق مەۋجۇ-
داتلارنىڭ ئاساسىي بولغان «ئاساسى گەۋدە»، ئۇ مۇقىم قانۇنىيەت
بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. «بارلىق شەيئى «ئۆزىنى مەنبە قىلغان،
شۇنداقلا ئۆزى تەرىپىدىن يارىتىلىدۇ ۋە مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدۇ.
بۇ دەل مۇكەممەل گەۋدىلىنىدىغان ئىجادىي خاراكتېردىكى ئىدىيە
ئىقتىدارىدىن ئىبارەت. ئۇ پەيدا بولغان ھەر بىر جايدا، ماھىيەت
جەھەتتە ئوخشاش، بىردەكلىككە ئىگە بارلىق ئوخشاش بىر تەپەك-
كۇر ئالەمنىڭ تەرتىپى ۋە خاسلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ
قائىدىنى تولۇق ھېس قىلغاندا، تۇرمۇشتىكى بارلىق مەسىلىلەر
تېز ھەم ئوڭايلا ھەل بولىدۇ.

9. ئورتاق ماس كېلىدىغان ئىدىيە بىزنىڭ بەدىنىمىزدە تولۇق
ئىپادىلەنگەن. شۇڭلاشقا بىزنىڭ ئىچكى دۇنيايىمىزدا چەكسىز

ئىمكانىيەت مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىدىيەمىزنىڭ كونترول قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. بىز بۇ كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولغانلىقىمىز، ئۇماس كېلىدىغان ئورتاق ئىدىيە بىلەن ماسلىشالايدىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئوخشىمىسىزلىقنى قولايلىققا، تويۇق يولنى تۈز يولغا ئۆزگەرتىشكە قۇربىمىز يېتىدۇ.

10. ھەر قانداق توسالغۇ، ماس كېلىدىغان ئورتاق ئىدىيەنى چەكلىمەيدۇ. شۇڭلاشقا، ئۆزىمىز بىلەن ئورتاق ماسلىشالايدىغان ئىدىيە بىلەن بىردەك بولالايدىغانلىقىمىزنى قانچىكى تولۇق تونۇپ يەتسەك، بىز ھېس قىلالايدىغان چەكلىمە ياكى كەمچىلىكلەر تېخىمۇ ئاز، ھېس قىلالايدىغان كۈچ - قۇۋۋەت (ئىقتىدار) مۇ شۇنچىلىك كۆپ بولىدۇ.

11. مەيلى ماكرو دۇنيادا ياكى مىكرو دۇنيادا پەيدا بولسۇن، ئورتاق ماسلىشالايدىغان ئىدىيە ئوخشاشلا ئۇنىڭغا ماس گەۋدىلەنگەن ئىقتىدار (كۈچ - قۇدرەت) نىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، ئوخشىمىغان ئىپادىلەش ئىقتىدارى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بىر ئۇچۇم سېغىز توپا بىلەن ئوخشاش ئېغىرلىقتىكى بومبا ئوخشاش مىقداردىكى ئېنېرگىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن كېيىنكىسىدىكى ئېنېرگىيەنى ئاسانلا قويۇپ بەرگىلى بولىدۇ، بىلىپ بولالمىدۇق ئالدىنقىسىدىكى ئېنېرگىيەنى قانداق قويۇپ بېرىشنى ھازىرغا قەدەر بىلەلمەي كېلىۋاتىمىز.

12. ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرىنىڭ ئىككى خىل سىرتقى كىيىمى بار. ئاشكارا ئاڭدىكى كىيىم، يەنە بىر تىپى يوشۇرۇن ئاڭدىكى كىيىم. بىر تەرەپتىن ئوبيېكتىپ تەپەككۇر ئارقىلىق سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقە ئورنىتىمىز، بىر تەرەپتىن سۇبيېكتىپ تەپەككۇر ئارقىلىق ئىچكى دۇنيايىمىز بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىمىز. ئىككىسىدىن بىرسى كەم بولسا بولمايدۇ. مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ بارلىق قاتلاملىرىدا تەپەككۇر ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان بىرلىك ۋە مۇكەممەللىكنى نامايان قىلىدۇ. گەرچە بىز تىرىشىپ يوشۇرۇن ئاڭ تەپەككۇرى بىلەن ئاشكارا ئاڭ تەپەككۇرىنى ئېنىق ئايرىماقچى

بولساقمۇ ، بۇ پەقەت بىھۇدە ئاۋارىچىلىكتىن ئىبارەت . چۈنكى بۇ خىل ئايرىش ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس . بۇنداق بىر تەرەپ قىلىش پەقەت قۇلايلىق بولسۇن ئۈچۈن ، خالاس .

13 . يوشۇرۇن ئاڭ تەپەككۇرى بىز بىلەن ئورتاق ماسلىشالايدىغان ئىدىيەنى باغلاپ تۇرىدىغان بەلباغ . بىز يوشۇرۇن ئاڭ ئارقىلىق بارلىق كۈچ ـ قۇدرەت بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەت ئورنىتىمىز . يوشۇرۇن ئاڭ بولسا بىر ئەسلىمە ئامبىرى . ئۇ بىز ئاشكارا ئاڭ تەپەككۇرى ئارقىلىق ئېرىشكەن تۇرمۇشقا بولغان كۆزىتىش ۋە كەچۈرمىشىمىزنى زاپاس ساقلايدۇ . يوشۇرۇن ئاڭ تەپەككۇرى ئىدىيەنى يېتىلدۈرىدىغان غايەت زور بۆشۈك . مەيلى مەقسەتلىك گۈل تېرىش ياكى مەقسەتسىز سۆگەت ئۆلاش بولسۇن ، يوشۇرۇن ئاڭ بۇنىڭ ئۇرۇقلىرىنى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ . ئاندىن كېيىن ، ئىدىيە چېچەكلەپ مېۋە بەرگەندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ مېۋىسى بىلەن بىزنىڭ ئېڭىمىزغا يەنە بىر قېتىم تەسىر كۆرسىتىدۇ . ئاڭ ئىچكى دۇنيادا ، ئەمما ، ئىدىيە بولسا كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ سىرتقى پايدىلىنىش شەكلى . ئىككىسى ئايرىلالمايدۇ . ئىدىيەدىن ئايرىلغان ئاڭ مەۋجۇت ئەمەس . ئاڭ باشتىن ـ ئاخىر ئىدىيەنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ .

14 . ئىدىيەنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ئارقىلىق بىز سۇنى پارغا ئايلاندۇرۇپ ، تاۋارنى پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئوبوروت قىلىمىز . بىز چاقماقنى «تۇتۇۋالدۇق» ھەمدە ئۇنىڭغا «توك ئېقىمى» دەپ ئىسىم قويدۇق . بىز دەريا ـ ئېقىنلارنى بويسۇندۇردۇق ، رەھىمسىز كەلكۈننى قول قىلدۇق

بىز يۆتكىلىدىغان ئوردا بىنا قىلدۇق . ئۇلار چوڭقۇر جىلغا ئىچىدىن داغدام يول ئاچتى . بىز غەلىبىلىك ھالدا ھاۋانى بويسۇندۇردۇق . بىز گەرچە سامان يولىدىكى كۈمۈش رەڭلىك تاقىم ئارالدا توختاپ قالغان بولساقمۇ ، بوشلۇقنى ئاللىبۇرۇن بويسۇندۇردۇق .

15 . ناۋادا ئىككى تال توك سىمى ناھايىتى يېقىن بولسا ، بىر

تال توك سىمى ئېلىپ يۈرىدىغان توكنىڭ مىقدارى يەنە بىر تال سىمدىن تېخىمۇ زور بولىدۇ. ئۇنداقتا، ئاشۇ توك سىمى سىرتقى تەسىر (ئىندۇكسىيە) ئارقىلىق بىرىنچى توك سىمىدىن بىر قىسىم ئېقىمىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ ھادىسە ئىنسانىيەتنىڭ ئۇرتاق ماسلىشىدىغان ئىدىيەگە تۇتقان مۇئامىلىسىنى ئوبرازلىق ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلار ھەرگىز مەقسەتلىك ھالدا بۇ كۈچ ـ قۇۋۋەت مەنبەسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتمايدۇ. لېكىن، يوشۇرۇن ئېڭىدا تەسىرگە ئۇچراپ بولغان بولىدۇ.

16. ناۋادا يەنە بىر تال توك سىمى يەنە بىر تال توك سىمىغا تېگىشكەندە، ئۇ كۈچىنىڭ بارچە تېخىمۇ كۆپ توك ئېقىمىنى توشۇيدۇ. بىز كۈچ ـ قۇدرەتنى ھېس قىلغان ۋاقىتتا، بىز بىر تال «ھاياتلىقنىڭ توك سىمى» غا ئايلىنىمىز. چۈنكى ئاڭ سېزىم كۈچ ـ قۇدرەت بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. بىزنىڭ كۈچ ـ قۇدرەتتىن پايدىلىنىش ئىقتىدارىمىزنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ تۇرمۇشتىكى ھەر خىل ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىمىزمۇ ئاشىدۇ.

17. سىرتقى تۇرمۇش شارائىتى ۋە مۇھىت شارائىتى پەقەت بىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيەمىزنىڭ ئىنكاسى. ئاڭنىڭ تونۇشى، ئىدىيە ئارقىلىق بىز ئىنتىلمەكچى بولغان شارائىتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىپادىلەش ئۈچۈن، بىز چوقۇم ئېڭىمىزدا شۇنىڭغا مۇناسىپ شارائىتنى يارىتىشىمىز كېرەك. بىز ئۈن ـ تىنسىز ھالدا ياكى تەكرار ھالدا بۇ شارائىتنى يوشۇرۇن ئېڭىمىزغا سىڭدۈرۈۋېتىشىمىز كېرەك. شۇڭلاشقا، توغرا ئانالىز قىلىشنىڭ مۇھىملىقى سىزنىڭ ئويىڭىزدىكىدىنمۇ يىراقلاپ كەتكەن. كۆرمەسكە سېلىۋېلىش، قۇلاقنى يوپۇرۇۋېلىش بىزنى چۈشىنىشكە ئىگە قىلالمايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاڭ بولمىسا، چۈشىنىشمۇ بولمايدۇ.

18. ئىجادچان ئىدىيە يوشۇرۇن ئاڭدا بەزى مايىللىقنى بەرپا قىلىدۇ. بۇ مايىللىقلار ئۆزىنى خاراكتېر سۈپىتىدە نامايان قىلىدۇ. خاراكتېردىن ئىبارەت بۇ سۆزنى ئەڭ ئاممىباب چۈشەندۈرۈش

بولسا : تەبئىيلىك ۋە ئادەمدە ئادەمنىڭ بىر قالدۇرغان ئالاھىدە ئەخلاق ـ پەزىلىتى . ئۇ بۇ خىل خاراكتېرگە ئىگە كىشى بىلەن باشقا ھەممە ئادەمنى پەرقلەندۇرىدۇ . خاراكتېر سىرتقى ئىپادىلەش ۋە ئىچكى ئىپادىلەش دەپ ئايرىلىدۇ . ئىچكى ئىپادىلەش مەقسەت، سىرتقى ئىپادىلەش بولسا ئىقتىدار . ئىككىسى خاراكتېرنىڭ رولىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ . تارتىشىش پرىنسىپىغا ئاساسەن ، بىزنىڭ كەچمىشلىرىمىز بىزنىڭ روھىي ھالىتىمىز تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ . مال مېلى بىلەن ، ئادەم خىلى بىلەن . روھىي قىياپەت بولسا خاراكتېرنىڭ نەتىجىسى . خاراكتېرمۇ ئوخشاشلا روھىيقىياپەتنىڭ نەتىجىسى . ئىككىسى بىر ـ بىرىگە تەسىر ۋە ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ .

19 . مەقسەت ئىدىيەگە ئەخلاق ـ پەزىلەت ئاتا قىلىپ ، تەپەككۇرنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان غايە ، ئامامىلىماقچى بولغان نىشان ياكى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان ئارزۇ ـ ئىستەككە باشلايدۇ . مەقسەت ۋە ئىقتىدار بىزنىڭ كەچمىشلىرىمىزنى بەلگىلەيدۇ . ئىقتىدار كۈچ ـ قۇدرەت بىلەن ھەمكارلىشىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ . بىزنىڭ دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان يېرى شۇكى : مەقسەت ۋە ئىقتىدار چوقۇم تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىشى كېرەك ؛ مەقسەت ئىقتىداردىن چوڭ بولغاندا ، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىش ھارارىتى شەكىللىنىدۇ . ئىقتىدار مەقسەتتىن چوڭ بولغاندا ، ئاقىۋەتتى نەتىجە پەقەت ئالدىراقسانلىق بىلەن نەتىجىلىنىدۇ ـ دە ، كۆپلىگەن پايدىسىز ھەرىكەتلەر كېلىپ چىقىدۇ .

20 . سىرتقى جەھەتتىن قارىغاندا ، «پۇرسەت» ، «بەختسىزلىك» ، «بەخت» ، «پېشانە»قاتارلىق ئامىللار خۇددى بىزنىڭ ھەر بىر كەچۈرمىشىمىزگە ئىختىيارسىز ھالدا قوماندانلىق قىلىۋاتقاندەك قىلىدۇ . ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئەمەس . ھەر قېتىملىق كەچۈرمىش مەڭگۈ ئۆزگەرمەس قانۇنىيەت تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدۇ . بىز قانۇنىيەتنى بايقىغان ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلانغان ۋاقتىمىزدا ، ئۆز تەقدىرىمىزنىڭ قوماندانلىق تايىقىنى ئۆز قولىمىزدا تۇتقان

بولىمىز .

21 . ماددا داۋاملىق ئۆزىنىڭ بەلگىلىك سىرتقى قىياپىتى ئارقىلىق ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ . بىز بۇ خىل سىرتقى قىياپەتنى «هالەت» دەپ ئاتايمىز . ماددىدىن تۈزۈلگەن هالەتلەرنىڭ هەممىسى كونكرېت ، كۆرگىلى بولىدىغان (شەكىللىك ئىگە هالەتلەردىن ئىبارەت) . ئالەمدىكى هالەتلەر بىر نەچچە خىل دەرىجە بويىچە تۈرگە ئايرىلىدۇ . باشتىن ـ ئاخىر بىردىنبىر هالەتنى ساقلايدىغان هالەت ياكى ئانورگانىك هالەت ، مەسىلەن ، تۆمۈر ، گرانىت تاش دېگەندەك ، هاياتلىققا ئىگە هالەت ياكى ئورگانىك هالەت . ئۇنىڭدا هېس ـ تۇيغۇ بار ، ئەركىن هەرىكەت قىلالايدۇ . مەسىلەن ، هايۋانات دېگەندەك . يەنە بىر خىل هالەت يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئالاھىدىلىكلەردىن باشقا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ، شۇنداقلا ئۆزى ئىگە بولغان نەرسىلەرنى هېس قىلالايدۇ ، ئۇ بولسىمۇ بىردىنبىر ئىنسانىيەتتىن ئىبارەت .

22 . سىرتقى دۇنيا يەككە ئادەمنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدۇ . قۇرۇلمىغا ئىگە هاياتلىق ، ئىدىيە ، ئاۋاز ، نۇر ۋە باشقا تەۋرىنىشلەر شۇنداقلا هەممىسى هەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ ، هەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالەمۇ بىزگە تەۋرىنىش ئېلىپ كېلىدۇ . نۇر ، ئاۋاز تىگىش سېزىمىنىڭ تەۋرىنىشى ، شاۋقۇن سۈرەن ۋە يېقىملىق يېنىك تەۋرىنىش . مۇھەببەت ۋە غەيرەتنىڭ تەۋرىنىشى ، ئىدىيەنىڭ تەۋرىنىشى ، ياخشى ۋە يامانىنىڭ تــەۋرىنشــى ، ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن ناداتلىقنىڭ تەۋرىنىشى ، راستـ يالغاننىڭ تەۋرىنىشى دېگەندەك . بۇ تەۋرىنىشلەر يەككە شەخسنىڭ تەۋرىنىشىنى كۆرسىتىدۇ . مەيلى سىرتقى جەھەتتىكى ياكى ئىچكى جەھەتتىكى بولسۇن ، ياكى ئاشكارە ئاڭ ياكى يوشۇرۇن ئاڭ بولسۇن ، ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنيايىمىزغا يېتىپ بارىدىغان تەسىرى ناهايىتى ئاز بولىدۇ . كۆپ قىسمى تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ ، كىشىلەرنىڭ تۇيۇقسىز يادىغا يەتكەندە ئىزى غۇۋالاشقان بولىدۇ .

23 . بەزى تەۋرىنىشلەر بىزنىڭ سالامەتلىكىمىز ، كۈچ ـ

قۇدرەت ، مۇۋەپپەقىيەت ، بەخت ـ سائادىتىمىزگە ناھايىتى پايدىلىق بولىسمۇ . لېكىن بىز ئۇلارنى تۇتۇۋېلىشقا ئامالسىز. ئۇلارنى ئىچكى دۇنيايىمىز قوبۇل قىلالمايدۇ . ئىچكى دۇنيايىمىز سىرتقى دۇنيانى تۇتالايدىغان سەزگۈر تەۋرىنىش ، شۇنداقلا ئۇلارنى ئىچكى دۇنيايىمىزغا ئەۋەتىدىغان ئىقتىدار ، سەزگۈرلۈك ئاڭنىڭ ھالەت ئىپادىسى .

24 . ناۋادا ئاڭنى بىر ئۇنىۋېرسال ئۇقۇم دەپ ئايرىساق ، ئۇنداقتا ئاڭ تاشقى دۇنيانىڭ ئىچكى دۇنياغا بولغان تەسىرىنىڭ نەتىجىسى . مەيلى بىز سەگەك بولايلى ياكى بىزنى غەبلەت باسسۇن ، ئاڭ ھېس ـ تۇيغۇ ياكى سىزىمنىڭ نەتىجىسى . شۇڭا بىز ناھايىتى ئاسانلا ئاڭنىڭ قاتلىمىنى تونۇۋالالايمىز . ئۇلار ئوتتۇرىسىدا غايەت زور پەرق مەۋجۇت .

25 . «ماددىي ئاڭ» بارلىق ھايۋاناتلارغا نىسبەتەن ئورتاق ئاڭ . ئۇ بولىسمۇ مەۋجۇتلۇق تۇيغۇسى . بۇ خىل ئاڭ ئارقىلىق بىز «مەن كىم» ھەمدە «مەن نەدە» دېگەننى ھېس قىلالايمىز ؛ بۇ خىل ئاڭ ئارقىلىق ، بىز خىلمۇخىل كۆرۈنۈش ئوبيېكتلارنى ، شۇنداقلا خىلمۇخىل كۆرۈنۈش ۋە ئەھۋاللارنى سېزەلەيمىز . بۇ ئاڭنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ھالىتىگە مەنسۇپ .

## ئۆز ـ ئۆزىگە ۋەدە بېرىش

قەيسەر بولساڭ ھەر قانداق پاراكەندىچىلىك قەلبىڭنىڭ تىنچلىقىنى بۇزالمايدۇ .

ئۇچراشقان ھەر قانداق ئادەم بىلەن سالامەتلىك ، بەخت مۇۋەپپەقىيەت توغرىسىدا پاراڭلاش .

دوستلىرىڭنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ قىممىتى بار ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلسۇن ،

ھەر قانداق ئىشقا ئۈمىدۋار پوزىتسىيەدە بول ، ئۈمىدۋارلىقىڭنى رېئاللىققا ئايلاندۇر .

ئەڭ ياخشى نەرسىنى ئويلا ، ئەڭ ياخشى نەرسىنىڭ نەتىجىسى تىرىشچانلىق ، ئەڭ ياخشى نەرسگە ئىنتىل .

باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە ئۆزۈڭنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە ئوخشاش قىزغىن بول .

ئۆتكەنكى سەۋەنلىكلىرىڭنى ئۇنتۇپ كەت ، كەلگۈسىدە تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىش .

چىرايىڭدىن تەبەسسۇم كەتمىسۇن ، ئۆزۈڭ ئۇچراشقان ھەر قانداق جانلىققا تەبەسسۇم قىلىش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت تەييارتۇر .

يېتەرلىك ۋاقىت چىقىرىپ ئۆزۈڭنى ئۆزگەرت ، باشقىلارنى تەنقىد قىلىشقا ۋاقتىڭ قالمىسۇن .

كەڭ قورساق بولساڭ غەمدىن ، ئالىيجاناب بولساڭ غەزەپ-تىن ، كۈچلۈك بولساڭ قورقۇنچتىن ، خوشال بولساڭ رىشۋارچە-لىقتىن خالىي بولىسەن .

ئۆزۈڭنىڭ باھادىر ئىكەنلىكىڭگە ئىشەن ، دۇنياغا ئۆزۈڭنىڭ ياڭراق سۆز - ئىبارىلەر بىلەن ئەمەس ، ئۇلۇغ ھەرىكەت ئارقىلىق باھادىر بولالايدىغانلىقىڭنى جاكارلا .

سەن مۇنداق بىر ئىشەنچ بىلەن ياشا : ئۆزۈڭنىڭ باھادىر ئىكەنلىكىڭگە ئىشەنسەڭ ، پۈتۈن دۇنيا سەن تەرەپتە تۇرىدۇ .

كىرىسىن D را

26 . ئىككىنچىسى بولسا «ئۆزلۈك ئېڭى» ، بۇ بارلىق ئىنسا-نىيەتكە نىسبەتەن (بوۋاق ۋە ئەقلىي كەمتۈكلەردىن باشقا) ئورتاق ئاڭ . بۇ بىزگە ئۆزىمىز ئۈستىدە ئويلىنىش ئىقتىدارىنى ئاتا قىلى-دۇ . تاشقى دۇنيا بىزنىڭ ئىچكى دۇنيايىمىزدا رول ئوينايدۇ . ئىنسانىيەتنىڭ ئىدىيە ئالماشتۇرۇش قورالى بولغان تىل دەل ئۆزى-مىز ئۈستىدە ئويلىنىشنىڭ نەتىجىسى . ھەر بىر سۆز بىر خىل ئىدىيە ياكى ئۇقۇمغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بەلگە بولۇپ ، ھەممىسى ئالاھىدە ئۇچۇر يەتكۈزەلەيدۇ .

27 . ئۈچىنچى قاتلامدىكىسى «بوشلۇق ئېڭى» ، ئۇ ئاڭنىڭ

ئەڭ يۇقىرى قاتلىمى . ئۇ زامان ، ماكان ، ئۇقۇمدىن ھالقىغان ، ئۇ ئۆزى ۋە ماددىي دۇنيانىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ . بوشلۇق ئېڭى ، ئاڭنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھالىتى ، ئۇ ئالدىنقى ئىككى خىل ئاڭ بىلەن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ . خۇددى كۆرۈش سەزگۈسى، ئاڭلاش سەزگۈسى ياكى تېگىش سەزگۈسى بىر - بىرىگە ئوخشىمىغانغا ئوخشاش ، بوشلۇق ئېڭى ئالدىنقى ئىككى خىل ئاڭغا ئوخشىمايدۇ . بۇنىڭ پەرقى ھەتتا كۆرۈش سەزگۈسى بىلەن ئاڭلاش سەزگۈسىدىن ئېشىپ كېتىدۇ . بىر قارىغۇ ئادەمنىڭ رەڭگە قارىتا ھېچقانداق ھەقىقىي ئۇقۇمدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس . ئەمما ئۇنىڭ ئاڭلاش سەزگۈسى ناھايىتى سەزگۈر ياكى تېگىش سەزگۈسى ناھايىتى سەزگۈر . لېكىن بىر ئادەم ئاددىي ئاڭ ياكى ئۆزلۈك ئېڭىغا ئاساسەن بوشلۇق ئېڭى ھەققىدىكى ھەر قانداق چۈشەنچىگە ئېرىشەلمەيدۇ .

28 . ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان ئاڭ قانۇنىيىتى : ئاڭ تەرەققىي قىلىپ قايسى دەرىجىگە ، سۇبيېكتىپ كۈچ - قۇۋۋەت تەرەققىي قىلىپ قايسى دەرىجىگە يەتكەن ئاڭنىڭ نەتىجىسى ئوبيېكتىپ ئوبيېكتتا شۇنچىلىك دەرىجىدە نامايان بولىدۇ .

(قوشۇمچە بەت )

29 . بىۋاسىتە سەزگۈ ئاڭنىڭ پاكىتى سۈپىتىدە نامايان بولغان ھەم ھەممىگە باب كېلىدىغان ئىدىيىنىڭ باشقا بىر خىل ھالىتى ، ئەقىل - ئىدراك ھەقىقەتنى بىۋاسىتە سېزىم ئارقىلىق تونۇيدۇ . بىلىمنى ئەقىل - پاراسەتكە ، تەجرىبىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئايلاندۇرىدۇ . سىرتقى دۇنيادىكى شەيئىلەرنى ئىچكى دۇنيارىمىزغا باشلاپ كىرىدۇ ، ئىككى خىل ئوي - پىكىرنىڭ بىردەك ياكى بىردەك ئەمەسلىكىنى ئايرىيدۇ .

# 7 ـ ساۋاق : ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش بايلىقنى ئاشۇرىدۇ

1 . مېكسىكا يوقاتقان بارلىق كان بايلىقلىرى ، ھىندى تاقىم ئارىلىدىن قوزغالغان بارلىق چوڭ سودا پاراخوتلىرى ، رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان بارلىق ئالتۇن ـ كۈمۈش بېسىلغان ئىسپانىيە پاراخوت ئەترىتىنى ھازىرقى سودا ئىدىيەسى ئارقىلىق سەككىز سائەت ئىچىدە يارىتىلغان بايلىق بىلەن سېلىشتۇرغاندا ، بىر تىلەمچى ئېرىشكەن سەدىقىچىلىكمۇ قىممىتى يوق .

2 . پىرامىدانىڭ ئۇلى چوڭ ھەم مۇستەھكەم ، لېكىن ئەڭ ئېگىز پىرامىدا چوققىسىدا پەقەت بىرلا قۇش تۇرالايدۇ . ئەمما ئۇ يەنىلا بارلىق ئادەمنى جەلپ قىلىدۇ . دۇنيادىكى 80% بايلىق 20% ئادەمنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەن . دۇنيا مانا مۇشۇنداق تەڭسىز . باي ـ كەمبەغەللىنىڭ پەرقى يەنىمۇ زورايماقتا . بايلىق تىخىمۇ ئاز ساندىكى قابىلىيەتلىكلەرنىڭ قولىغا توپلانماقتا . ئامېرىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى 2% نوپۇسقا مەنسۇپ . باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، ئامېرىكىدىكى بارلىق تۆمۈريول ، تېلېفون ، ماشىنا ، كۈتۈپخانا ، گېزىت شۇنداقلا سان ـ ساناقسىز باشقا قۇلايلىق ، راھەت ـ پاراغەت ۋە زۆرۈر بۇيۇملار 2% ئادەمنىڭ ئىجادىي تالانتىنىڭ مەھسۇلى . ئامېرىكىدىكى مىليونېرلار دەل مۇشۇ ئادەملەر .

3 . كىم پىرامىدانىڭ چوققىسىدىكى ئادەم ، كىم دۇنيانىڭ خوجايىنى ، كىم بايلىققا ئىگە بولىدۇ؟بىز مەدەنىيەتتىن بەھرە ئالغان بارلىق مەنپەئەتلەر كىمگە مەنسۇپ؟ئەلۋەتتە ئاشۇ ئىجاتچان تالانتلىقلار ، ئاشۇ ئىقتىدارى ھاياتىي كۈچكە تولغان كىشىلەرگە مەنسۇپ . ئۇلارنى دۇنياغا ئالتۇن قوشۇق شوراپ چۈشكەن ، مىراسقا ۋارىسلىق قىلىپ بايلىققا ئېرىشكەن دەپ قالماڭ . بۇ تالانت-

لىقلار ئىچىدە 30% كىشى نامرات پوپنىڭ بالىلىرى، ئۇلارنىڭ دادىلىرىنىڭ ھەر يىلى تاپىدىغان پۇلى ھەرگىز 1500 دوللاردىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. 25% ئادەم مۇئەللىم، دوختۇر، يېزا ئادۋوكا-تىنىڭ ئوغلى. پەقەت 5% لا ئادەملا بانكىرلارنىڭ بالىلىرى.

4. ئۇنداقتا، نېمە سەۋەبتىن ئۇلار بىلەن ئادەتتىكى ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا مۇشۇنداق چوڭ پەرق شەكىللىنىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇ 2% ئادەم مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تۇرمۇشتىكى ئەڭ ياخشى نەرسە-لەرگە ئېرىشىدۇ، قالغان 98% ئادەم يەنىلا كىيىنىش - تويۇنۇش سىزىقىدا جان تالىشىدۇ؟ مۇقەررەرلەشتۇرۇشكە بولىدىغان يېرى شۇكى، بۇ ھەرگىز پۇرسەت مەسىلىسى ئەمەس. چۈنكى دەل بىز-نىڭ بىلگىنىمىزگە ئوخشاش، ئالەم قانۇنىيەت تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدۇ. قانۇنىيەت قۇياش سىستېمىسىدىكى بارلىق پىلانېتىلار ھەمدە قۇياش سىستېمىسى سىرتىدىكى پۈتكۈل ئالەمنى كونترول قىلىدۇ. قانۇنىيەت ھەر خىل ھالەتتىكى يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق، ئاۋاز ۋە ئېنېرگىيەنى كونترول قىلىدۇ. ئۇ يەنە ماددىي نەرسىلەر ۋە ماددىي نەرسە بولمىغان ئىدىيەنى كونترول قىلغان بولىدۇ. قانۇنىيەت يەر شارىغا كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان رومال ئارتىپ، يەر شارىنى سېخىي سەدىقە - نېمەتلىرى بىلەن تولدۇرغان. ئۇ ئايرىم ساندىكى كىشىلەرگە سېخىي بولۇپلا قالماستىن، ھەر قانداق ئادەم ئۇنىڭدىن سوۋغاتلارغا ئېرىشەلەيدۇ.

5. پۇل بايلىق ساغلاملىق، ئۆسۈپ يېتىلىش، ماسلىق ۋە باشقا ھەر قانداق تۇرمۇش شارائىتىغا ئوخشاش مۇقەررەر، جەز-مەن، ئېنىق ھالدا قانۇنىيەتنىڭ كونترول قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. بۇ قانۇنىيەتكە ھەر قانداق ئادەم چوقۇم بويسۇنۇشى كېرەك. نۇر-غۇنلىغان ئادەم بىلىپ - بىلمەي ئىختىيارسىز ھالدا بۇ قانۇنىيەتكە بويسۇندى. لېكىن بىر قىسىم كىشىلەر بۇ قانۇنىيەتتىن ئېخمۇ تولۇق، مۇۋاپىق پايدىلىنىش كويىدا بولماقتا.

6. ناۋادا تارىخنىڭ چاقپىلىكى تەرىپىدىن ئارقىدا قالدۇرۇ-لۇشنى خالىمىسىڭىز، ھېلىقى 2% ئادەمنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلاذ-

ماقچى بولسىڭىز ، چوقۇم بۇ قانۇنىيەتكە بويسۇنىشىڭىز كېرەك . ئەمەلىيەتتە ، يېڭى ئېرا ، ئالتۇن دەۋر ، كەسىپلەرنىڭ ئازاد قىلى- نىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھېلىقى 2% توپنىڭ كېڭەيىشىگە يۈزلەنگەنلىكىدىن ياكى ئەۋزەل ھالەتنىڭ تەتۈرسىگە ئايلىنىشى- دىن ، يەنى 2% توپنىڭ ناھايىتى تېزلا 98% كە ئايلىنىپ قالدىغان- لىقىدىن دېرەك بېرىدۇ .

7 . ئىنسانىيەت ئەمدى يىپ بىلەن تارتىلىدىغان ياغاچ قونچاق ئەمەس . پاسسىپ ھالدا تەبىئەت ۋە تەقدىر تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنى- مايدىغان بولدى . ئادەم ناھايىتى قۇدرەتلىك بولۇپ ، ئانچە كۆچە- مەيلا ئاپەتنى ، تەقدىر ۋە تەلەپنى كونترول قىلىدىغان بولدى . ئىشلار خۇددى كاپىتان پاراخوتنى ، پويىز شوپۇرى پويىزنى كونت- رول قىلغانغا ئوخشاش ئاسانلاشتى .

8 . بارلىق مەۋجۇدات ئەڭ ئاخىرى ئوخشاش ئېلېمېنتقا پار- چىلىنىدۇ . شۇنداقلا ، بىر - بىرىگە ئايلىنالايدۇ . بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۆزئارا باغلىنىشلىق ، ھەرگىز بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى ئەمەس .

9 . بارلىق شەيئىنىڭ رەڭگى ، ھالىتى ، چوڭ - كىچىكلىكى ، ئىككى تەرىپى ، ئۈچى بولىدۇ . شىمالدا مۇز ئوكيان ، جەنۇبتا ئانتىراكتىدا بار ؛ ھەر قانداق شەيئىنىڭ ئىچكى قىسمى ھەم سىرت- قى قىسمى بار ؛ كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغانلىرىمۇ ، كۆرگىلى بولمايدىغانلىرىمۇ بار . بۇلارنىڭ ھەممىسى سىرتقى جەھەتتىن قارى- ماققا قارىمۇ - قارشىدەك كۆرۈنىدۇ . ئەمەلىيەتتە بۇ قارىمۇقارشى- لىقنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلى . ئوخشاش بىر شەيئىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەرەپلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىسمىلىرى بولىدۇ . لېكىن ئوڭ - تەتۈر ئىككى تەرەپ ئۆزئارا باغلىنىشلىق . ئۇلار مۇستەقىل سۇبىستانىيە ئەمەس . بەلكى شەيئىنىڭ ئومۇمىي گەۋدى- سىنىڭ ئىككى قىسمى ياكى ئىككى تەرىپى .

10 . بۇ قانۇنىيەتنىڭ كۆلەڭگىسى ئوخشاشلا بىزنىڭ روھىي دۇنيايىمىزدا كۆرۈلىدۇ . بىز «بىلىم» بىلەن «بىلىمسىزلىك»نى

www.uyghurkitap.com

تىلغا ئالغان ۋاقتىمىزدا ئۇلارنىڭ قارىمۇقارشىلىقىنى ئەسكەرتمەي-
مىز ، بىلىمسىزلىك پەقەت بىلىمنىڭ كەمچىل بولۇشى ، شۇ سە-
ۋەبتىن بىلىمسىزلىك دېگەنلىك «بىلىمى كەملىك »نى ئىپادىلەيدى-
غان سۆز خالاس . بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئۆلچەم ياكى
مىزان يوق .

11 . «ياخشىلىق »بىلەن «يامانلىق » بىز دائىم تىلغا ئالىدىغان
ئەخلاق دۇنيايىمىزدىكى يادرولۇق سۆزلەردۇر . «ياخشىلىق »ئەھ-
مىيەتلىك ، تۇتقىلى ، ھېس قىلغىلى بولىدۇ . «يامانلىق » پەقەت
سەلبىي ھالەت ، «ياخشىلىق »نىڭ كەم قىسمى . «يامانلىق » بەزىدە
ناھايىتى چىنلىق بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئەمەل
قىلغۇدەك قانۇنىيەت ئەمەس . ھاياتىي كۈچى يوق . بىز «يامانلىق »
نىڭ دائىم «ياخشىلىق »تەرىپىدىن گۇمران قىلىنىدىغانلىقىنى بى-
لىمىز . ھەقىقەت خاتالىقنى بىتچىت قىلىدۇ ، يورۇقلۇق قاراڭغۇ-
لۇقنى قوغلايدۇ ، «ياخشىلىق »پەيدا بولغان ۋاقىتتا «يامانلىق »ئۆز-
لۈكىدىن يول بوشىتىدۇ . شۇڭا ، ئەخلاق دۇنياسىدا پەقەت بىر
خىل قانۇنىيەت ، يەنى ياخشىلىق قانۇنىيىتى مەۋجۇت .

12 . سانائەت دۇنياسىدا بىز دائىم «ئەمگەك »بىلەن «كاپى-
تال »دىن ئىبارەت بۇ بىر جۈپ سۆزنى تىلغا ئالىمىز . ئۇلار خۇددى
پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان تۈردىكى سۆزدەك مەۋجۇت بولۇپ
تۇرىدۇ . لېكىن كاپىتال بايلىق دېمەكتۇر . بايلىق ئەمگەكنىڭ
مەھسۇلى . شۇڭلاشقا بىز سانائەت دۇنياسىدا پەقەت بىرلا قانۇنىيەت
بارلىقىنى ، بۇنىڭ «ئەمگەك قانۇنىيىتى »ياكى كەسىپلەر قانۇنىيە-
تى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز .

13 . خۇددى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا رىقابەت تەشەببۇس
قىلىنغىنىغا ئوخشاش ، بۇ ئەسىر ئىنسانىيەتنى ئىناقلىققا چاقىرىش
ساداسى ئىچىدە باشلاندى . كىشىلەر بارغانسېرى ئىناقلىقنىڭ بىلى-
نەر - بىلىنمەس بىر خىل يېڭى ئۇقۇم ئىكەنلىكى ، لېكىن ئۇنىڭ
پەيدا بولۇشى يېڭى دەۋر ئېچىلىشنىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغانلىقى-
دىن بېشارەت بېرىدىغانلىقىنى ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى يېڭى ئېرا-

نىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇپ يەتتى . بۇنداق ئىدىيە كىشىلەرنىڭ قەلبىدە تېز تارقىلىپ ، ئادەم بىلەن كەسىپلەر ئوتتۇ-رىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۆزگەرتمەكتە .

14 . سەۋەب ـ نەتىجە بىر ـ بىرىگە ئەمەل قىلىدۇ . ھەر بىر سەۋەب شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان نەتىجىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ . ھەر بىر خىل ھالەت دەل بىر خىل سەۋەبنىڭ نەتىجىسى . ئوخشاش سەۋەب دائىم ئوخشاش نەتىجىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ . ئۇنداقتا ئىنسانىيەتكە شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى ئې-لىپ كەل دېگەن زادى نېمە ؟ مەسىلەن ، مەدەنىيەت سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى ، دىن ئىسلاھاتى ياكى كەسىپلەر ئىنقىلابىمۇ ؟بۇ ئۆز-گىرىش باشتىن ـ ئاخىر يېڭى بىلىمنىڭ بايقىلىشى ۋە مۇھاكىمە قىلىنىشىدىن ئىبارەت ؛ ئوخشاش تۈردىكى ئىشلار ھەر قايسى تارى-خىي دەۋرلەردە تەكرار پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ . بۇ تەرىپىگە بىز دىققەت قىلماي تۇرالمايمىز .

15 . ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى ئىنچىكىلىك بى-لەن تەتقىق قىلغاندا ، شۇنى بايقايمىزكى : كەسىپلەرنىڭ مەركەزلە-شىشى شىركەت ۋە كارخانا تىرىستىلىرىغا پارچىلانغاندىن كېيىن رىقابەت يوقىلىشقا باشلىدى . شۇنداقلا بۇنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان ئىقتىسادىي ئاقىۋەت كىشىلەرنى ئويغا سېلىپ قويدى . چۈنكى رىقا-بەت تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى . سانائەت دۇنياسىدا يۈز بەرگەن بۇ يۈكسىلىشلەرنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ ، تەرەققى-يات يەنە شۇنىڭغا ئەگىشىپ توختاپ قالامدۇ ؟ بۇنىڭ بىلەن پەيدا بولغان ئىدىيە تەدرىجىي نامايان بولۇشقا باشلىدى . ئۇ تېزلىكتە بىخ سۈرۈپ ، ھەممە جايدا ھەممىلا ئادەمنىڭ تەپەككۇرىدا ئەكس ئېتىپ ، ھەر خىل شەخسىيەتچىلىك ئىدىيەسىنى سىقىپ چىقاردى . بۇ خىل ئىدىيە (سانائەت دۇنياسىدا ) ئازادلىق پات ئارىدا بارلىققا كېلىدۇ دېگەن قاراشنى شەكىللەندۈردى .

16 . دەل مۇشۇ خىل ئىدىيە ، ئىنسانلاردا ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەسەبىيلىكنى ئويغاتتى ؛ دەل مۇشۇ خىل ئىدىيە ، كۈچ

ۋە ئېنېرگىيىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلغان بارلىق توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى. ھازىر ھېچقانداق كۈچ ئۇنى توختىتالايدىغان ياكى كەينىگە چېكىندۈرەلەيدىغان بولدى.

17. ئىنسانلارنىڭ يېگىلىق يارىتىشتىكى تەبىئىتى ھەر بىر شەخسنىڭ تېنىدە ناھايىتى جانلىق نامايان بولىدۇ. ئىنسانىيەت تۇغۇلۇشىدىنلا كونا قېلىپنى بۇزۇشقا ئامراق بولۇپ، بىر خىل قېلىپقا چۈشۈشنى ياقتۇرمايدۇ. يېڭىلىق يارىتىش يېڭى نەرسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئىنسانىيەتنىڭ تۇغما تالانتى؛ ئورتاق ئىجاد قىلىش پرىنسىپى بىزنىڭ كۆندىلىك تۇرمۇشىمىز بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ كەتتى. شۇڭلاشقا ئىنسانىيەتنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىنساننىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا پەيدا بولغان؛ ئۇنى يىلتىزىدىن قومۇرۇۋەتكىلى بولمايدۇ. قارىغۇلارچە قالايمىقان ئىشلىتىلىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. ناۋادا بۇ ئۇلۇغ كۈچ ــ قۇدرەت قالايمىقان ئىشلىتىلسە، بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىنى ئېلىپ قالىدۇ، ھەسەت قىلىش يۈز بېرىدۇ. بۇ ھال داۋاملىق ئىجاد قىلىش ھوقوقىغا ئىگە ھەمراھلىرىنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇشتەك قورقۇنچلۇق يامان ئاقىۋەت دەۋرلىنىشكە يۈزلىنىدۇ.

18. سانائەت دۇنياسىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلى ئىنسانلارنىڭ ئىجاد قىلىش تۇغما تەبىئىتى ھاياتىي كۈچىدىن ئايرىلدى، ئىلگىرىكى ھەيۋىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. بىر ئادەم ئۆز ئۆيىنى قايتىدىن قۇرالمىدى، ئۆز گۈللۈكىنى ياسىيالمىدى، ئۆز ئەمگىكىنى جارى قىلدۇرالمىدى؛ ئۇ شۇ سەۋەبتىن ئېرىشىدىغان ئەڭ زور خۇشاللىقىدىن مەھرۇم بولدى، يەنى ئىجاد قىلىش، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى خۇشاللىقىدىن مەھرۇم قىلىندى.

19. ئىدىيە ھەرىكەتنىڭ يېتەكچىسى. ھەرىكەت ئىدىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇشى كېرەك. ناۋادا بىز ھەرىكەتنىڭ خاسلىقى، خاراكتېرىنى ئۆزگەرتمەكچى بولساق، چوقۇم ئويىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك. ئىدىيەنى ئۆزگەرتىشتىكى بىردىنبىر ئۇسۇل

يېڭى ئاڭنى كونا ئاڭنىڭ (ۋاقتى ئۆتكەن ئاڭنىڭ) ئورنىغا دەسسى-تىشتىن ئىبارەت. ساغلام روھىي ھالەتنى ھازىر بار بولغان قالاي-مىقان روھىي ھالەتنىڭ ئورنىغا قويۇشتىن ئىبارەت.

20. ئىدىيەنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى گەرچە ئىنسانىيەتنىڭ يۇم-ران نازۇك چوڭ مېڭىسىدە پەيدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ گۇنگە قەدەر ساقلانغان ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچ. ئۇ ھەتتا ھەممىدىن تەڭداشسىز؛ ئۇ باشقا بارلىق كۈچ ـ قۇدرەتنى ئۆزىگە بويسۇندۇر-دۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ھەرىكەت قىلدۇرىدۇ. ئىدىيە-نىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە ئىگە بولغانلىق پۈتمەس ـ تۈگىمەس بايلىق ئامبىرىنىڭ ئاچقۇچىغا ئىگە بولغان بىلەن باراۋەر. ئۇ كىشىلەرنىڭ كىشىلەر توپى ئارىسىدا ئۆز تالانتىنى نامايان قىلىدىغان قىممەتلىك ئارتۇقچىلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاشۇ مول ـ تەسەۋۋۇر كۈچىگە ئىگە يىراقنى كۆرەلەيدىغان ئادەملەر بۇ ئىدىيەنى يېڭىلىق يارىتىش يولىغا باشلاپ كىرىدۇ. ئۇلار تەۋەككۈلچىلىك روھىغا ئىلھام بېرى-دۇ ھەم ئۇنى يېتىلدۈرىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىجادچانلىق تۇغما تەبىئىتىنى قوزغايدۇ، تەرەققىي قىلدۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىد-لىك قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، دۇنيادا بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان كەسىپلەرنىڭ قايتىدىن گۈللىنىش دەۋرى بولىدۇ ھەمدە بۇ يېقىن كەلگۈسىدە كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولىدۇ.

21. ھېنرى فورت «دېربوئىن مۇستەققىللىق گېزىتى» دە يېڭى دەۋرنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بەردى. ئۇ: «ئىنسانىيەت» ھازىر ئىككى دەۋرنىڭ چېگرا سىزىقى ئۈستىدە تۇرماقتا. بىرى «ئىشلەتسىلا مەھرۇم بولىدىغان» مەز-گىل، يەنە بىرى «ئىشلەتمىسە ئىسراپ بولىدىغان» مەزگىل. ئىنسانىيەت ـ ئۇ ئۆزىنىڭ ھېچقانداق مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالمىسىمۇ بولىدىغان بالىلىق مەزگىلى بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاش-قانلىقتىن، ئاتىسىنىڭ ئۇنى شەخسىيەتسىز ھالدا سېخىيلىق بىلەن بېقىپ تەربىيىلەيدىغان ۋاقتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ھېس قىلدى.

بۇ هال ئىنسانلاردا مۇنداق بىر تۇيغۇنى پەيدا قىلىدى : ئىشلەتكىنى-
مىز قانچىكى كۆپ بولغانسىرى ، ئېشىپ قالىدىغىنى شۇنچە ئاز
بولىدۇ . بۇ تۇيغۇ بىر ئەقلىيە سۆزىدە فۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن
‹سىز تورتنى يېيەلمەيسىز ، لېكىن ئۇنىڭغا ئىگە بولىسىز . كاۋاپ-
مۇ كۆيمەيدىغان ، زىقمۇ كۆيمەيدىغان ئەھۋال ئەمدى ناھايىتى ئاز
يۈز بېرىدۇ»

22 . مۇھىتنىڭ سىنىقى ۋە تاۋلىنىش بىلەن كىشىلەر ئە-
قىل- پاراسەتلىك هەم رېئال بولۇپ كەتتى ، تېرىم بىلەن يېغىمنى
بىلدى ، ئۆز هاجىتىدىن چىقىشنى ئۆگەندى . دېھقانچىلىق زىرائەت-
لىرىنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى ئىگىلەپ ئۆزىنى تولۇقلىدى ،
تەبىئىي بايلىقلارنى ئاستا - ئاستا قۇرۇتتۇۋېتىدىغان ئىپتىدائىي
جۇغلاشتىن قول ئۈزدى ، مۇشۇنداق بىر دەۋر شەپىسىز يېتىپ
كەلدى ؛ بىز بايلىقنى ئىشلىتىپ ئىسراپ قىلىۋېتىشتىن ئەمەس ،
بەلكى ئىشلەتمەي تۇرۇپ ئىسراپ قىلىۋېتىشتىن قىلىمىز . تەمىنا-
لەش ئېقىمى مول سىجىل ، كىشىلەر «بار بولغان نەرسىلەر يې-
تىشمەسلىك» ئەمەس ، بەلكى «ئىشلىتىشكە تېگىشلىك نەرسىلەر
يېتىشمەسلىك» تىن پاراكەندە بولماقتا .

23 . سىز مول تەسەۋۋۇر كۈچىڭىزدىن پايدىلىنىپ كاللىڭىز-
دا بىر تۇرۇۋاتقان دۇنيا ئۈچۈن مۇنداق بىر رەسىمنى سىزىڭ :
ئۇنىڭدا نېمەتلەر ناھايىتى مول . كىشىلەرنى كېچە - كۈندۈز غەمگە
سالىدىغان يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار قىلىدىغان نېمەت بەك كۆپ
بولماستىن ، بەلكى يېتىشمەيدىغان مەنزىرە گەۋدىلەنسۇن . بۇ پە-
قەت بىر پارچە سۈرەت . بۇ ناھايىتى تېزلا پەيدا بولىدىغان رېئال-
لىق . ئەلمىساقتىن بېرى ، ئىنسانىيەت ئىزچىل تەبىئەت دۇنياسى
ناھايىتى ئۇزاق يىللاردىن بېرى زاپاس توپلىغان بايلىققا تايىنىپ
ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە تەرەققىياتىنى ساقلاپ كەلگەن . بۇ باي-
لىقلار مول بولسىمۇ ، ئاخىر بىر كۈن تۈگەيدۇ . لېكىن ، بۈگۈنكى
كۈندە كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان بۇ خىل ئەھۋال ئۆزگەردى .
چۈنكى ئىنسانىيەت قىيىنچىلىقنى هەل قىلىدىغان ئۇسۇلنى تاپتى .

ئىنسانىيەت بۇنداق بايلىقنى يارىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدى. ئۇلار ئۈزلۈكسىز قايتا ھاسىل قىلىدۇ، بىردىنبىر زىيان بولسا ئۇلارنى ئىشلەتمەسلىك. شۇنچىلىك مول ئىسسىقلىق، يورۇقلۇق، كۈچتىن بىز ناۋادا تولۇق پايدىلانمىساق، بۇ بىر خىل ئىسراپچىلىق بىر خىل جىنايەت. بۇ دەۋر يېتىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشى ناھايىتى يېقىنلاپ قالدى.

24. يېقىلغۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى، يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق، كۈچ مەسىلىسى ھەل بولدى. ئەمەلىيەتتە، پۈتكۈل دۇنيا بۇ تۆت خىل يۈكتىن ئازاد بولدى. پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۇزۇن يىللىق ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلۇپ يېنىك نەپەس ئالدى؛ ئىنسانىيەتكە نىسبەتەن يېڭى بىر باھار پەسلى يېتىپ كەلگەندەك بولدى. لېكىن يەنە بىر مەسىلە مەيدانغا چىقتى: يېقىلغۇ، يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق ھەم كۈچنىڭ ئومومى ئەھۋالىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى. يەنى كىشىلەر قانداق قىلىپ ئىسراپچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۇلاردىن قانداق قىلغاندا تولۇق پايدىلانغىلى بولىدىغانلىق مەسىلىسى.

25. كېلەركى بىر باسقۇچ دەل بىزنىڭ ئالدىمىزدا، بۇنىڭ ھېچقانداق شۈبھىلىنىدىغان يېرى يوق. بىزنىڭ يېقىنلىشىۋاتقىنىمىز ھەرگىز ئويلىمايلا ئىسراپچىلىق قىلىدىغان بىرىنچى باسقۇچ ئەمەس، ئىنتايىن ئىنچىكە ھېساب قىلىدىغان 2 ـ باسقۇچمۇ ئەمەس، بەلكى مول باياشاتچىلىق، توقچىلىق بولغان 3 ـ باسقۇچ. بۇ بىزنى ئىشلىتىش، ئىشلىتىش يەنە ئىشلىتىشكە مەجبۇرلايدۇ. ھەمدە بۇ ئارقىلىق بىزنىڭ ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرىدۇ. ئەلۋەتتە، ئادەت بويىچە «نەپسانىيەتچىلىك» بىلەن «باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ. لېكىن «باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىللەيدۇ. شەخسنىڭ مۈلكى بولغان كۆمۈركاننىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى ناھايىتى ئاسانلا ئېتىراپ قىلىنىدۇ، لېكىن دەريا ـ كۆللەرنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىچۇ؟تەبىئەتنىڭ ئۆزىمۇ دەرياغا

www.uyghurkitap.com

ئىگدارچىلىق قىلىش ھوقوقۇم بار دەپ دېگۈچىلەرنى ئەيىبلەيدۇ .

26 . تەپەككۇر ئاڭنىڭ پائالىيىتى . ئوي ـ پىكىر ھەرىكەتتىكى تەپەككۇر . ئىنسانىيەتنىڭ ئىچكى تەپەككۇرىنىڭ سىرتقى ئىپادىلىنىش شەكلى ؛ تەپەككۇر ئاڭلىق ئادەم ئىگە بولغان بىردىنبىر ھەرىكەت . مۇشۇ بىردىنبىر ھەرىكەت ئالەمنىڭ ئىجادچانلىق قانۇنىيىتىنىڭ پۈتكۈل ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالالايدۇ .

27 . بىز مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن ۋاقىتتا ، بىر قاتار «سەۋەب» نى ئىشلەتتۇق ؛ بىزنىڭ ئوي ـ خىياللىرىمىز ئېلان قىلىنىپ ، شۇنداقلا باشقا ئوخشاش تۈردىكى ئوي ـ پىكىر بىلەن بىرلىشىپ ئىدىيەنى شەكىللەندۈرىدۇ . مانا بۇ «نەتىجە» دىن ئىبارەت .

28 . قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر ، ھەر قايسى ساھە ، ھەر قايسى كەسىپتىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بايلىق قوغلاشقان ؛ «بايلىق» مەلۇم خىل ناھايىتى كونكرېت ، ناھايىتى ئەمەلىيەتچىل نەرسە . بىز ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيمىز ، ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ قىلالايمىز . ئۆزىمىز ئۈچۈن ئىشلىتەلەيمىز ، ئۇنىڭدىن ئۆز ئالدىمىزغا بەھرىمەن بولالايمىز . نېمە سەۋەبتىنكىن تاڭ : دۇنيادىكى بارلىق ئالتۇننى كىشى بېشىغا چاچقاندا ناھايىتى ئاز ، نەچچە ئامېرىكا دوللىرىدىنلا توغرا كېلىدۇ . ناۋادا بىز ئالتۇن بىلەن تەمىنلەشكە پۈتۈنلەي باغلىنىپ قالساق ، بىر كۈن ئىچىدىلا ئۇنى ئىشلىتىپ تۈگىتىمىز . ناۋادا مۇشۇ ئاساستا بىر كۈنلۈكى نەچچە ئون مىڭ ، نەچچە مىليون ھەتتا نەچچە يۈز مىليون ئامېرىكا دوللىرى خەجلىۋەتسەك ، ئەڭ دەسلەپكى ئالتۇن بىلەن تەمىنلەشتە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ .

29 . ئەمەلىيەتتە ، ئالتۇن بىر شىكاللىق سىزغۇچقا ئوخشاش ، بىر خىل ئۆلچەم بىرلىكى ، بىر مىزان ؛ بىز سىزغۇچ بىلەن بىر نەچچە ئون مىڭ ئىنگلىز چىسىنى ئۆلچىيەلەيمىز . ئوخشاشلا 5 دوللارلىق پۇل بولسا ، نەچچە يۈز مىليون كىشى ئۇنى ئىشلىتەلەيدۇ . ئۇسۇلى پەقەت بىر ئادەمنىڭ قولىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىغا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت .

30 . شۇڭلاشقا، بىز پەقەت بىر خىل نەرسىنى بايلىقنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئالتۇننىڭ ئورنىدا ئوبوروت قىلساق، ھەر بىر ئادەم ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان بارلىق نەرسىگە ئېرىشىدۇ؛ ھەر قانداق ئېھتىياج قاندۇرۇلىدۇ. بۇنداق بولغاندا، نامراتلىق تۇيغۇسى بىزدىن يىراقلىشىپ بىزگە ھېچقانداق سەلبىي تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلەلمەيدۇ.

31 . ناھايىتى ئېنىق، بىزنىڭ بايلىقتىن قانداق نەپكە ئېرىشىشىمىزدىكى بىردىنبىر ئۇسۇل ئۇنى ئىشلىتىش. ئۇنى ئوبوروت قىلىش. بۇنداق قىلغاندا باشقىلارمۇ ئۇنىڭدىن مەنپەئەتكە ئېرىشىدۇ. ئاندىن، بىز ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، باي بولۇشنىڭ قانۇنىيىتىنى قەدەممۇ قەدەم كېڭەيتىمىز.

32 . نۇرغۇن كىشىلەر بايلىقنى قولىدا چىڭ تۇتۇپ تۇرغاندىلا بايلىققا ئىگە بولغان بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ ۋاقتى ئۆتكەن، تېپىك بېخىلنىڭ ئىدىيىسى. ئەمەلىيەتتە بايلىققا ئىگە بولۇشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى بۇنى ئوبوروت ھالىتىدە ساقلاش؛ لېكىن ھەر قانداق ھەمكارلىق ھەرىكىتى بۇ سودا ۋاستىچىنىڭ ئوبوروت بولۇشىغا توسالغۇلۇق قىلىپ، ئۇنى ئۈزۈپ قويىدىغان خەۋپ پەيدا قىلسا، ئۇ كەسىپنىڭ توختاپ قېلىشىنى، چېكىنىشىنى ھەتتا كەسىپنىڭ يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

33 . بايلىق بولسا بىر ھىيلىگەر شەيتان، ئۇنى تۇتماق ناھايىتى تەس. ئۇ بىر جايدا جىم تۇرمايدۇ. بايلىقنىڭ بايقىماق قىيىن بولغان بۇ خىل ئالاھىدىلىكى، ئۇنى ناھايىتى ئاسانلا ئىدىيەنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراتقۇزىدۇ ھەمدە نۇرغۇنلىغان ئادەمنى بىر - ئىككى يىل ئىچىدىلا باشقىلار بىر ئۆمۈر تىرىشسىمۇ ئېرىشەلمەيدىغان بايلىققا ئېرىشتۈرىدۇ. تېگى - تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ يەنىلا تەپەككۇرنىڭ ئىجادچانلىق ئىقتىدارىنىڭ تۆھپىسىنىڭ مەھسۇلى.

34 . ھايرۇن ۋېرمان «نامراتلىقنى بويسۇندۇرۇش» دېگەن

www.uyghurkitap.com

كىتابتا ، بۇ قانۇنىيەتنىڭ ئەمەلىي پائالىيەتنى قىزىقارلىق قىلىپ
مۇنداق بايان قىلىدۇ :
كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېڭىزدەك پۇل - بايلىقنى قوغلىشىۋا-
تىدۇ . بۇ خىل قوغلىشىش ئۇلارنىڭ تويماس تەبىئىيىتىدىن كەل-
گەن ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى پەقەت سودا ساھەسىدىكى رىقابەت باسقۇ-
چىدىلا چەكلىنىدۇ . ئۇ پەقەت بىر خىل سىرتقى ھەرىكەت بولۇپ ،
ھەرىكەت ئۇسۇلى ھەرگىز ئىچكى ھاياتلىقتا بولغان تونۇشتىن پەيدا
بولمىغان . ئىچكى دۇنيادىكى ھاياتلىقتا تېخىمۇ گۈزەل ، تېخىمۇ
ھەققانىي ، تېخىمۇ مەنىۋىلىشىپ كەتكەن ئارزۇ - ئىستەك بار .
بۇ پەقەت ھايۋانلىقنىڭ ئادەملەر دۇنياسىدىكى داۋاملىشىشى . ھەر
قانداق كۈچ ئۇنى ئىنسانىيەت يېقىنلىشىۋاتقان ئىلاھىي باسقۇچقا
كۆتۈرەلمەيدۇ .
بۇ باسقۇچتىكى بارلىق يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشلەرنىڭ ھەممىسى
ئاڭنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ نەتىجىسى . بۇ خىل يۇقىرى كۆتۈرۈ-
لۈش باي بولۇشىمىز ئۈچۈن چوقۇم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى
قىلىۋاتىدۇ . فىرسۇسىمۇ شۇنداق دېگەن . ئۇ ئالدى بىلەن ئىزدەي-
دىغىنى ئىچكى دۇنيادىكى جەننەت . ئۇ پەقەت مۇشۇ يەردىلا مەۋجۇت
بولۇپ تۇرىدۇ . بۇ جەننەت بايقالغاندىن كېيىن ، بارلىق نەرسىلەر
ئارقا - ئارقىدىن كېلىدۇ . بىر ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا نېمە
جەننەت دەپ ئاتىلىدۇ ؟مەن بۇ سوئالغا جاۋاب بەرگەن ۋاقىتتا ، 10
ئوقۇرمەن ئىچىدىن بىر ئادەممۇ ماڭا ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن . زور
كۆپچىلىك ئادەم ئۆزىنىڭ ئىچكى بايلىقىغا نىسبەتەن تونۇشى پۈتۈن-
لەي كەمچىل . گەرچە مۇشۇنداق بولسىمۇ مەن يەنىلا بۇ مەسىلىگە
راستچىللىق ، سەمىمىيلىك بىلەن جاۋاب بېرەي . بىزنىڭ ئىچكى
دۇنيايىمىزدىكى جەننەت ئىنسانلارنىڭ چوڭ مېڭىسىدىكى يوشۇرۇن
ئىقتىدار ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ ، بۇ خىل يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ
موللىقىنى ھەر قانداق ئادەم ئويلاپمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ . ئاجىز
ئادەملەر تېنىدىمۇ ئاللاھنىڭ كۈچ - قۇدرىتى يوشۇرۇنغان ، بۇ
كۈچ - قۇدرەت ئىزچىل بېكىنمە ھالەتتە بولۇپ تاكى ئۇ ئۇلارنىڭ

بارلىقىغا ئىشىنىشنى ئۈگەنگەنگە قەدەر ئۇلارنى ئېچىشقا ئۇرۇنە-
دۇ . ئادەملەرنىڭ ئادەتتە قايتا ئويلىنىش بىلەن خۇشى يوق . بۇ
دەل ئۇلارنىڭ نېمە ئۇچۇن باي بولالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى . ئۇلار
ئۆزى ۋە ئۆزىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە بولغان كۆز قارىشىدا نامراتـ
لىق ئىسكەنجىسىگە كىرىپ قالىدۇ ؛ ئۆزى كۆرگەن بىر شەيئىگە
قارىتا ، ئۇلار ئۆز ئېتىقادىنىڭ ئىزناسىنى قالدۇرىدۇ . قىسقا مۇد-
دەتلىك ئىش قىلىدىغان ئادەم بولسىمۇ ، ناۋادا ئۆزىنىڭ ئىچكى
دۇنياسىنى ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت : ئۆزىدىكى ئىقتىدار بىلەن ،
تەپسىلىي كۆزەتسە ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئادەمگە ئايلىنالايدىغانلىقىنى
چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ .

ناۋادا ئۇ بۇ تەرىپىنى ھېس قىلسا ھەمدە ئۇنىڭغا مۇناسىپ
ئەھمىيەت بەرسە مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىقلا بويۇنتۇرۇقتىن قۇ-
تۇلۇش تېخىمۇ ياخشى ھالەتنى كۈتۈۋالالايدۇ .

ئۆزىنى تونۇش ئارقىلىق ، ئۇ : ئۆزى بىلەن ئۆزىنىڭ خوجايە-
نى ئەقلىي ـ ئىقتىدار جەھەتتە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ياكى بۇنى
باراۋەر قىلىپ ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ لېكىن ئۇنىڭ
ئېھتىياجلىق بولغىنى پەقەت مۇشۇنداقلا تونۇش ئەمەس . ئۇ يەنە
قانۇنىيەتنى تونۇشى ، شۇنداقلا ئۇنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئىتائەت قى-
لىشى كېرەك ؛ باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، تېخىمۇ يۇقىرى ئورۇنغا
ئۆرلەش ئۇچۇن تېخىمۇ يۇكسەك تونۇشقا ئىگە بولۇشى كېرەك .
ئۇ چوقۇم بۇ تەرىپىنى تونۇپ يېتىشى ھەمدە ئۇنىڭغا ئىشىنىشى
كېرەك . چۈنكى ساداقەتمەنلىك ۋە ئىشەنچ بىلەن بۇ ھەقىقەتتە چىڭ
تۇرغاندىلا ئۇنىڭ ھاياتى ئۆز تېنىدىن ھالقىيالايدۇ . ياللانغۇچى
خادىم ناۋادا پەقەتلا ماشىنىلا بولمىسا ، ھەر قانداق جايدىكى خوجا-
يىنلار بۇنداق خادىمغا ئېرىشكىنىدىن خۇشال بولۇپ ، قىن ـ قىنىد-
غا سىغماي كېتىدۇ . ئۇلار كاللىسى ئىشلەيدىغان ئادەمنىڭ ئۇلار-
نىڭ سودا پائالىيىتىگە قاتنىششىنى ئۈمىد ـ قىلىدۇ . ھەمدە ئۇنىڭ
ئۇچۇن ھەق تۆلىگەنلىكىدىن مەمنۇن بولىدۇ . ئەرزان باھالىق
ئۈمىد ـ ئارزۇ كۆپىنچە ھاللاردا ناھايىتى قىممەت توختايدۇ .

ماھىيەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا پايدىسى ئەڭ ئاز بولىدۇ. خادىملارنىڭ ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشى ياكى مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، خوجايىن-غا نىسبەتەن، ئۇنىڭ باھاسىمۇ ئۈزلۈكسىز ئاشىدۇ؛ خادىملارنىڭ ئىقتىدارى تەرەققىي قىلىپ ئۆزى مۇستەقىل ئىش قىلالايدىغان بولغان ۋاقىتتا، تەرەققىي قىلىپ مۇشۇنداق دەرىجىگە كەلمىگەن ئادەملەر ئۇنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى يوشۇرۇن كۈچىگە بولغان قەدەممۇقەدەم تونۇشى دەل ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى جەننىتى بولۇپ، ئۇ باشقا دۇنيادا كۆرۈنىدۇ. شۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان مۇھىت ئىچىدە قۇرۇلىدۇ.

مەنىۋى خاس ئۆيىنىڭ لايىھە پىلانى بىر كۆرگىلى بولىدىغان خاس ئايرىمخانىغا بولغان تونۇشتىن بارلىققا كەلگەن. بۇ خىل روھ ئالاھىدىلىككە مۇناسىۋەتلىك بولغان كۆرگىلى بولىدىغان تاشقى مۇھىت ئىچىدە نامايان بولىدۇ.

بىر مەنىۋى ئوردا بىلەن شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان نەتىجە بىزگە كۆرەلەيدىغان ئوردىنىڭ روھىنى يەتكۈزىدۇ. بۇ ئارقىلىق كېسەل بىلەن يامانلىق، ساغلاملىق بىلەن ياخشىلىق ھەققىدە مۇلا-ھىزە يۈرگۈزگىلى بولىدۇ.

كىشىلەر ئادەتتە خاتالىق ئۈستىدە ئويلىنىشنى خالىمايدۇ، ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن باي بولالمასلىقىدىكى سەۋەب مانا مۇ-شۇ.

## 8 ـ ساۋاق: سىز راستىنلا تەپەككۇر قىلىشنى بىلەمسىز؟

1 . ئامېرىكا پارلامېنت ئەزاسى ۋوسۋوس مۇنداق دېگەن : مەن بۇنداق بىر پەيتنىڭ كېلىشىنى تىلەيمەن : (ئامىتۇى ئاخبارات ساھەسى ) جەمئىيەت تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئورگانىك خىمىيەنىڭ ئىمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ، ئىلمىي تەرەققىيات-نىڭ ئىمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشكە باشلىدى . بىز ئىزچىل ماددىي بايلىقنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ناھايىتى قىزىقىمىز . ـ يەر ئاستىدىن تۆمۈر ۋە كۆمۈر قېزىش ، تېرىلغۇ يەرلەردە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئۆستۈرۈش ، يۇك تو-شۇش ھەمدە باشقا سودا پائالىيەتلىرى بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللىنىش قاتارلىقلار . بىر مىللەت بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن پەن تەتقىقات ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز ناھايىتى ئاز . لېكىن زوڭتۇڭ ئەپەن-دى ھەمدە ھەر قايسى كېڭەش ئەزالىرى ، كەلگۈسىدىكى تەرەققىيات ئىشلىرى پەن تەتقىقاتقا تايىنىدۇ . دەل ئاشۇ خىمىيە تەجرىبىخانى-سىدا خىزمەت قىلىدىغانلار ، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يول ئېچىپ بېرىدۇ» .

2 . ئۇ يەنە داۋاملاشتۇرۇپ : «بىز ئىشىنىمىزكى ، ئورگانىك خىمىيەدە ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسىدىكى سىرلارنى ئاچىدىغان ئۇسۇل يوشۇرۇنغان . ئىشىنىمەنكى ، ئۇ بىزنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە بەختەرلىكىنى قوغدايدۇ . شۇنداقلا 100 مىليون خەلقنىڭ بەخ-تى ، تەرەققىياتى ۋە بەختەرلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ» دېگەن .

3 . ئامېرىكا كېڭەش پارلامېنت ئەزاسى فورلىن ھىرسىن مۇنداق دېگەن : «گېرمانىيە خىمىيە ئالىملىرىنىڭ تالانتى شۇنداقلا ئۇلارنىڭ گېرمانىيە خىمىيە سانائىتى ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە قولغا

كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى گېرمانىيەنى قانال ، پورتلاردا توسالغۇسىز ئالغا ئىلگىرىلەتتى . بىز بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇرۇشلارنى خىمىيەلىك بويۇملار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ۋاقتىمىزدا ، مەن مۇنداق دەپ قارايمەن : ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بۇ ساھەنى يۈكسەك دەرىجىدە قوغداش بىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك مەسئۇلىيىتىمىز ۋە مەجبۇرىيىتىمىز . »

4 . گېرمانىيە ئالىملىرى ھەممىسى دېگۈدەك خىمىيەنى ياخشى كۆرىدۇ . ئۇلارنىڭ خىمىيە ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى پۈتكۈل دۇنياغا داڭلىق . ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى نۇرغۇنلىغان مۇھىم بايقاشلارنىڭ ھەممىسى گېرمانىيە ئالىملىرىنىڭ تۆھپىسى . ناۋادا بەختكە قارشى فۇرىن ھايسىنىڭ ئېيتقىنىدەك راستىنلا بىر مەيدان ئۇرۇش پارتلىسا ، ھەقىقەتەن خىمىيەلىك بويۇملار ئارقىلىق ئۇرۇش قىلىنسا . كەلگۈسىدىكى بارلىق ئۇرۇشلار مەنىۋى خىمىيەگە بولغان چۈشىنىش ئارقىلىق كېڭىيىدۇ . بۇزغۇنچىلىق خاراكتېردىكى قىرغۇچى قوراللار ناھايىتى ئاز ئىشلىتىلىدۇ .

5 . تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ : ناۋادا بىر ناھايىتى قەھرىلىك گېنېرال بولۇپ ھەمدە رەئىس سەھنىسىدە ئولتۇرۇپ بىر ناھايىتى زور قوشۇننى كۆزدىن كەچۈرۈڭ . ئەسكەرلەر تەكشى قەدەم تاشلاپ يېتىپ كەلدى . ئۇلار تۆت ئادەم بىر قاتار تىزىلغان بولسۇن ، ھەممىسى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان يىگىتلەردىن تەشكىل تاپقان بولسۇن ، ئۇلار گېرمانىيە ، فىرانسىيە ، ئەنگلىيە ، بېلگىيە ، ئاۋسترىيە ، روسىيە ، پولشا ، رۇمىنىيە ، بۇلغارىيە ، سىربىيە ، تۈركىيەدىن ھەم جۇڭگو ، ياپونىيە ھىندىستان ، يېڭى زېلاندىيە ، ئاۋستىرالىيە ، مىسىر ۋە ئامېرىكىدىن كەلگەن بولسۇن ، ئۇلار توختىماي ئالغا ئىلگىرىلىسۇن ، بۇ نەچچە ئون مىليون ئادەمدىن تەركىب تاپقان چوڭ قوشۇن سىزنىڭ ئالدىڭىزدىن سىجىل ئۆتۈپ جەڭ مەيدانىغا ئاتلانسۇن . شۇ كەتكىنىچە قايتىپ كەلمىسۇن ، ئاز ساندىكى نوپۇزلۇق ، ئابرۇيلۇق ئالاھىدە كىشىلەرلا ئورگاننىڭ خىمىيەگە قىزىقىدۇ . ھەرگىز روھىي خىمىيەگە قىزىقمايدۇ . پالۋان-

www.uyghurkitap.com

لارنىڭ ھەممىسى جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈپ ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھايا-
تىنى تەقدىم قىلىدۇ. ئۇ نەقەدەر ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ـ ھە!
6. بۇ جەڭچىلەر تاكى ئۆلگەنگە قەدەر قورال كۆچىنىڭ تەڭ
دەرىجىدىكى ھەتتا ئېخىمۇ ئۈستۈن قورال كۆچىنىڭ ھۇجۇمىغا
ئۇچرايدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار تۆۋەن دەرىجىلىك قانۇنىيەت-
نىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك قانۇنىيەتنىڭ كونترول قىلىشىغا ئۇچراي-
دىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ئىقتىدارلىق ئو-
غۇل ـ قىزلار ئۆزىگە خوجايىن بولالمايدۇ. ئورنى ئالاھىدە بولغان
ئاز سانلىق كىشىلەرلا ئۇلارنىڭ تەپەككۇر پائالىيىتىنى كونترول
قىلىدۇ. خۇددى مەڭگۈ قايتۇرۇپ بولالمايدىغان قەرزگە ئوخشاش.
ئۇلار كۈن بويى چوڭقۇر ئازابلىنىپ، قىينىلىپ ئۆتىدۇ. چۈنكى
ئۇلار ئۆزلىرى تۆلەيدىغان قەرزنىڭ ئۆسۈمىنى تۆلەش ئۈچۈن چو-
قوم بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلىشى كېرەك. يەنە كېلىپ بۇ مىراس
قالغان قەرز. ئۇلار بۇ قەرزنى ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرىغا مىراس
قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە نەۋرىلىرىگە مىراس قالدۇرىدۇ.
قەرز تۈگەيدىغان كۈننى كۆرەلمەيدۇ.
7. مىچىگان ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى ما. رېئىن بوردۇن
مۇنداق دېگەن: بەلكىم بۈگۈنكى كۈندە بىز ئادەمگە كەسكىن ھالدا:
«سىز تەپەككۇر قىلىشنى بىلەمسىز؟» دېگەن سوئالنى قويۇشىمىز
مۇمكىن. بىر ئادەمنىڭ جەمئىيەتكە پايدىسى بارمۇ ـ يوق؟ پايدا-
مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغان ـ كەلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۇنىڭ
تەپەككۇرنى ئىشلىتىش ئىقتىدارىغا مەركەزلەشكەن. ئېيىمسۇن
چىقارغان خەتەر سىگنالىدا ئۇنىڭ: «خۇدا بىر مۇتەپەككۇرنى يەر
شارىغا ئەۋەتكەن ۋاقىتتا، چوقوم ئېھتىيات قىلىش كېرەك» دېگەن
چاقىرىقى كىشىنى ئۆزىگە ئەڭ جەلپ قىلىدۇ. بۈگۈنكى ئامېرىكى-
نىڭ مەنىۋى كۈچ ـ قۇدرىتىدىن پايدىلىنالىساقلا، بىز دۇنيادىكى
ئەڭ زور قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايمىز. ھەرگىز بىر تەرەپ-
لىمىلىك كۆز قاراش ۋە سىنىپىي مەنپەئەتكە ماسلىشىش، قالايمى-
قان لەقەم قويۇش، يېرىم ـ ياتا ھەقىقەتنى رازىمەنلىك بىلەن

قوبول قىلىش ، يۈزەكى مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئەمەس ، بەلكى ئىنچىكە ، ئەستايدىل ، چوڭقۇر ئىلمىي مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ، ئاقىلانىلىك بىلەن دەل ۋاقتىدا ھەرىكەت بىلەن بىرلەشتۈرگەندىلا ئاندىن ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىغىلى ، ئىنسانىيەتنىڭ ئەركىنلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. دېموكراتىيەنىڭ كەلگۈسى مائارىپقا باغلىق . شۇڭلاشقا ھەر بىر ساداقەتمەن يۈقرا ، ھەر بىر غۇرۇرلۇق ئادەم چوقۇم بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ بىلىم ئىگىلەپ ، تەپەككۇرنى ئويغىتىش (قوزغۇتۇش ) كېرەك . ھەقىقەت داۋاملىق كىشىنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرىدۇ . ئۇ داۋاملىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە ماھىر ئادەملەرگىلا نىسىپ بولىدۇ .

8 . كىشىلەر ئويغاندى . شۇنداقلا ئاكتىپ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە باشلىدى . بۈگۈنكى كۈندە ئەھۋال پۈتۈنلەي ئۆزگەردى . ئەھۋال بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ . كىشىلەر ئىلگىرى ھاراق ئىچىپ قۇرۇق پاراڭلىشىدىغان ۋاقتىنى كىتاب ئوقۇشقا ، تەتقىق قىلىشقا ۋە ئويلىنىشقا سەرپ قىلىدىغان بولدى . ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە بولغان ئويلىنىشى قانچىكى كۆپ بولسا ، رازى بولىدىغان نەرسىلىرىمۇ شۇنچىلىك ئازلايدۇ .

9 . بۇنىڭدىن ئىلگىرى ، ئادەملەر دائىم نارازى بولغاندا ياكى كەيپىياتى ناچارلاشقاندا يېقىن ئەتراپتىكى قاۋاقخانىغا يىغىلىپ ، ھاراق ئىچىپ ئۆزلىرىنىڭ ئازابلانغان ئىرۋىلىرىنى ئىسپىرت ئارقىلىق مەست قىلىپ ، ئۆز قايغۇلىرىنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئۇنتۇشقا تىرىشاتتى . مۇھىم ئورۇندىكى رەھبەرلەر بۇنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدۇ . مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن ، ئىنگلاندا ئارپا ھارىقى ، شوتلاندىيەدە ۋىسكى ، فىرانسىيەدە ئاچچىق ئەمەن ھارىقى ، گېرمانىيەدە پىۋا بارلىققا كەلدى . ئامېرىكا مۇرەككەپ كۆچمەنلەر دۆلىتى . شۇڭا بۇ يەردە ھەر خىل ، ھەر تۈرلۈك ھاراقلار بازارغا چىقتى . ئۇ كىشىلەرنىڭ تەلىپىنى قاندۇرىدىغان ئەڭ ئاددىي ئۇسۇل . ناۋادا بىر ئادەمگە نىسبەتەن مۇۋاپىق بولغان بىر ئىستاكان ئىسپىرت

بەرگەندە ، ئۇ زور قانائەت هاسىل قىلغان بولىدۇ . شۇنداقلا باشقا ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلىپ كەتمەيدۇ .

10 . بەخت ، باياشاتچىلىق ۋە مەقسەتكە يېتىش ئىنىق مۇلاھىزە ۋە توغرا ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى . سەگەك كاللا ئادەمنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلىشىگە ، ئاقىلانىلىك بىلەن قارار چىقىرىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ . ئىسپىرت دەل ئۇنىڭ ئەكسىنى قىلىدۇ . ئادەمنى مەست قىلىدىغان ئىسپىرتنىڭ مەقسىتى ئادەمنى ئازراق غىدىقلاش مەقسىتىگە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئەقىل- ئىدراك پائالىيىتىنى ۋاقتىنچە توختىتىپ ، ئادەمنىڭ ھەرىكىتى ۋە تەپەككۇرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ ، ئادەمنىڭ توغرا يەكۈن چىقىرىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشتۇر .

11 . بەزىلەر پىۋا بىر ئاز سىلىقراق ، ئادەمنى ئۇنچىۋالا ئاسان بىھوشلاندۇرمايدۇ . تەن ـ سالامەتلىككىمۇ ناھايىتى پايدىلىق دەپ قارايدۇ . دەرۋەقە پىۋا ئۇنچىۋالا كىشىنى ئىچىملىككە ئانچە خۇمار قىلىپ قويمايدۇ ، لېكىن بۇ ھال پىلە قۇرتىنىڭ ئۈژمە يوپۇرمىقى يېگىنىگە ئوخشايدۇ ، دەسلىپىدە ئادەملەر بۇنىڭغا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ . لېكىن ئۇ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان ۋاقىتتا ، تەرەققىي قىلىپ كىشىنى ئۆزىنى كونترول قىلىشتا ئامالسىز ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ . ئۇ ئۆتكۈر ئىكەك بىلەن بەدىنىمىزدىكى ئەزالارنى غىدىقلىمايدۇ ، ئەمما ئاستا جەريان ئارقىلىق زىيانلانغۇچىنى قەبرىگە ئىتتىرىدۇ . زور كۆپچىلىك كىشى ئەخمەق بولسا ، ئاز بىر قىسمى ساراڭغا ئوخشاش سەۋدايى بولىدۇ .

12 . يەنە بەزىلەر ئۈزۈم ھارىقىنى ھاراقكەشنى ئۆلۈمدىن يىراقلاشتۇرىدىغان شىپالىق دورا دەپ قارايدۇ . لېكىن بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئاچ كۆز نەپسىنى سوغۇققان بولۇش ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرغىلى بولمايدۇ . بەزىلەر ئۈزۈم ھارىقىنىڭ پىيەنچۇكلۇكنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ ياكى كېسەلنىڭ تەرەققىياتىنى ئاستىلىتىدۇ ، يۈزەكى داۋالاپ ، مەسىلىنى تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلالمايدۇ دەپ قارايدۇ . چوقۇم يېتەرلىك ئىسپىرت

ئارقىلىق ئادەم جانلىنىپ خۇشال هالەتكە كەلمىسە ، ئۇ ۋارقىراپ-
جارقىراپ «ماڭا بەر» دەپ قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ .
ئۇزۇم هارىقى يېتەرلىك جانلىق تەسىرنى پەيدا قىلىشقا ئامالسىز
چۇشكۇن روهنى ئويغىتىپ ياكى ئاجىزلىشىپ كەتكەن ئاشقازاننى
كۇچلەندۇرۇشكە ئۇنىڭ كۇچى يەتمەيدۇ . بۇ ۋاقىتتا ۋىسكى ياكى
بىراندىدىن ياردەم سورالسا ، ئاستا ئۆلۈپ تاماملىنىدۇ . شۇڭا هېچ-
قانداق ئادەم ئۇزۇم هارىقى ئىچىپ هاراقكەش بولۇپ كەتمىسىمۇ
لېكىن ئۇ پەقەت خۇدانىڭ ئاستا مۇددەتلىك جازاسىغا تاپشۇرۇلى-
دۇ ، خالاس . بۇ خىل جازا تېخىمۇ ۋەهشىي ، تېخىمۇ قورقۇنچ-
لۇق .

بەخت ، خاراكتېرلىك گۇللىنىش ۋە قانائەتلىنىش تەپەككۇر
ۋە توغرا هەرىكەتنىڭ نەتىجىسى ، سەگەك كاللا بىر ئادەمنىڭ نېمە
قىلىۋاتقانلىقىنى توغرا بىلىشكە ، ئاقىلانە قارار چىقىرىشقا كاپالەت-
لىك قىلىدۇ .

13 . ئەپيۇن سودىسى ئەنگلىيەلىكلەرگە نەچچە يۈز مىليون
دوللارلىق پايدا ئېلىپ كەلدى . لېكىن نەچچە يۈز مىليون جۇڭگو-
لۇق تالاپەتكە ئۇچرىدى ؛ ئوخشاشلا هاراقنىڭ سېتىلىشى ۋە ئوبو-
روت قىلىنىشى چوڭ بانكا ۋە هاۋالە مەبلەغ شىركەتلىرىنىڭ هېسا-
باتىغا نەچچە يۈز مىليون ئامرىكا دوللىرى كىرگۈزدى ؛ شىركەت-
نىڭ ۋاكالەتچىلىرى بۇنىڭ ئۇچۇن نەچچە يۈزمىڭ ئامېرىكا دوللى-
رى مۇكاپات ئالدى . باشقا بىر نۇقتىدىن قارىغاندا ، ئۇ زور تۇر-
كۇمدىكى ئاممىنى ئەخلاق ۋە سىياسىي جەهەتتە ۋەيران بولغان
هۆكۈمەت ئۇچۇن بېلەت تاشلاشقا رېغبەتلەندۇردى . بۇ ئاز سانلىق
كىشىلەر ئۇچۇن پايدا ئالىدىغان ياخشى پۇرسەت . لېكىن زور كۆپ
سانلىق پۇقرالار ئۇچۇن بىر مەيدان زور ئاپەتتىن ئىبارەت .

14 . شوزىس دوختۇرنىڭ تەكشۈرۈش تەتقىقات ماتېرىيالى
شۇنى چۇشەندۇرۇپ بەردىكى ، يېقىنقى ئۇچ يىلدا ، ئامېرىكىدىكى
ئۆلۈش نىسبىتى مىڭ ئادەم دىن 3.12% مىڭ ئادەم ئورلىگەن
هاراق ياساش سودىگەرلىرىنىڭ سودىسى چەكلىمىگە ئۇچرىغاندىن

كېيىن ھەر يىلى 200 نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ ھاياتى قۇتقۇزۇۋېلىنىدى . دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى مەكتەپلەرنىڭ مۇئەللىمى ، مەكتەپ ۋە يېزىلارنىڭ سەييارە سېستىرالىرى ، نامراتلار ئارىسىدىكى پاراۋانلىق خىزمەتچى خادىملىرى ، زىيالىيلار ، ساقچى باشلىقى ۋە ساخاۋەت تەشكىلاتلىرىنىڭ باشلىقلىرىنىڭ دوكلاتلىرى بىردەك : يېقىنقى ئىككى يىلدىن بېرى مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تامىقى ، كىيىم - كېچىكى ، شارائىتى ۋە پاراۋانلىق ئىشلىرىدا ، خاتىرىلەنگەن ۋاقىتتىن بېرى ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىشلار بولدى .

15 . توغرا ھۆكۈم چىقىرىش ، كەڭ نەزەر دائىرە ، مول بىلىم ۋە ئەمەلىيەتتىكى ئاكتىپچانلىق مىللەت ۋە شەخسنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم . يۇقىرى ئەخلاق - پەزىلەت ، سىياسىي ساپا ۋە رەھبەرلىك ئىقتىدارى تەرەققىيات ۋە گۈللىنىشتە كەم بولسا بولمايدۇ . ئەمما چۈشىنىش تەس بولغان تەرىپى يەنە بەزى ئادەملەر يەنىلا «ھاراق چەكلەش لايىھىسى» گە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشنى قوللىماقتا . بۇ خۇددى ئىشىك ئازراق ئېچىلغان ۋاقىتتا چىمچىلاق قول بىلەن ئازراقلا ئىتتىرىپ قويسا ئىشىك ئېچىلىپ كەتكەنگە ئوخشاش بىر ئىش ، ئاتالمىش «ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش» نىڭ پەقەت «ئەمەلدىن قالدۇرۇش» نىڭ باشقىچە ئاتىلىشى ئىكەنلىكىنى بىلمەي قالارمۇ ؟ بۇنداق قانۇن لايىھىسىنىڭ ماقۇللىنىشى ئىلگىرى خەلق دۇچار بولغان سالامەتلىك ، ئىچكى ھېسسىيات ، ئەخلاق ۋە روھىي جەھەتتە چېكىنىش ۋە ئاپەت شۇنداقلا بارلىق ئازاب - ئوقۇبەت ، سەتچىلىك ، نومۇس ۋە تېررورلۇق قاتارلىق زور بالايى - ئاپەتلەرنىڭ جەبىر - زۇلۇمى يەتكۈچە كىشىلەرنىڭ بېشىغا يەنە بىر قېتىم چۈشىدۇ .

16 . «ساينىت لوئىس يەرشارى دېموكراتىيە گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «بىز قەيەرگە بارىمىز» تېمىلىق باش ماقالىدا مۇنداق دېيىلگەن :

بۇ كىمنىڭ خاتالىقى ؟ بىزنىڭ تەلىپىمىز شۇنداق كۆپ بولغان

www.uyghurkitap.com

ۋاقىتتا، بىزنىڭ بايلىقىمىز شۇنچە ئاز. بۇ ھەقىقەتنى ئاساسلىقى كىمدىن كۆرگۈلۈك؟ بۇنىڭغا قارىتا باشقىچە جاۋابنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئامېرىكا خەلقى، ئاشۇ خەلق تەرىپىدىن تاللاپ چىقىلغان قانۇن تۈزگۈزۈش ۋە مەمۇرىيەتكە مەسئۇل ئادەمدىن ئىبارەت. بىردىنبىر سايلاش ھوقوقى خەلقنىڭ قولىدا. بۇ پىكىر ئېلىمىز ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق پىرىنسىپى (توپ پىرىنسىپى). بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ناھايىتى قالايمىقان باشقۇرۇلغان ۋاقىتتا، ناۋادا بىر تەدبىر قوللىنىپ، تېخىمۇ مۇنەۋۋەر باشقۇرغۇچىنى بارلىققا كەلتۈرمىسەك، ئۇنداقتا بىزنىڭ ئاغرىنىشقا ھەققىمىز يوق. لېكىن بۇ خىل خەتەرلىك ئەھۋالدا بىز نېمىنى كۆردۇق؟ خەلق ئەقىل - ئىدراك، ھۆكۈم قىلىش كۈچى، بىلىمى ۋە ئەخلاق- پەزىلىتى قاتارلىقلار ھۆكۈمەتنىڭ ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئارزۇسىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئادەمنى ئىزدەۋاتامدۇ - يوق؟ ئۇلار ئېنىقلا بۇنداق قىلمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇلار قايتىپ كېلىپ ئاشۇ بۇزغۇنچىلىق ۋە توسقۇنلۇق قىلىش ئىقتىدارى بىلەن نامى چىققان ئادەملەردىن ياردەم سورايدۇ.

دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھۆكۈمەت قانداقسىگە مۇشۇنداق ئادەملەرنى ئىشلىتىپ ئۆزىنىڭ فۇنكسىيەسىنى يۈرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى قوغدايدۇ؟ ئۇلار قانداق قورۇقشنى بىلمەيدۇ، قورۇقشنىمۇ خالىمايدۇ. ئۇلارنىڭ پىكىر- تەكلىپلىرى قالايمىقان، تەرتىپسىز، بىر چوڭ قورۇلۇشنى قانداقمۇ بۇ ئادەملەرگە تايىنىپ تاماملىغىلى بولسۇن؟ بىزنىڭچە: ناھايىتى ئېنىقكى، خەلقنىڭ ئاۋازى دەل نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتكە تۇتقان ئەڭ چوڭ قارشىلىق، خەلقنىڭ جامائەتنى قالايمىقان قىلىپ ئۇلارنى غەزەپلەندۈرگەن ئىشلارغا بولغان رازى بولماسلىقىنىڭ ئىپادىلىنىشى. رازى بولماسلىقتا نۇرغۇنلىغان سەۋەبلەر بار. بۇنىڭدىن شۈبھىلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق. لېكىن نارازى بولۇش ھەرگىزمۇ بۇ ئەھۋاللارنى قۇتقۇزۇش يولىنى تېپىپ بېرەلمەيدۇ. خەلقنىڭ قوللانغان ئۇسۇلى بۇ ئەھۋاللارنى تېخىمۇ ناچارلاشتۇرۇۋېتىشتىن

ساقلاپ قالالمايدۇ . بىز دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى چوقۇم بۆشۈكىدىلا ئامال قىلىپ ھەل قىلىشىمىز كېرەك . ھەل قىلىش ئۇسۇلى بولسا يەنە ئىجادچانلىققا ئىگە مېڭىدىن كېلىدۇ . بۇنىڭغا ، مۇنازىرىلىشىش كەتمەيدۇ . ئەمما ، ئىشلىرىمىزنى باشقۇرۇشقا ھاۋالە قىلىنغان ئادەملەرنىڭ سىياسىي ئىقتىدارى ئىجادچانلىققا ئىگە بولماي بەلكى بۇزغۇنچىلىق خاراكتېردىكى بولسا نەتىجىسى قانداق بولماقچى .

17 . دۆلەت بىر خىل ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت بولۇش سۈپىتى بىلەن نۇرغۇنلىغان ئەڭ كىچىك بىرلىك — شەخستىن تەركىب تاپىدۇ . ھۆكۈمەت پەقەت دۆلەتنى تەشكىل قىلىدىغان بارلىق شەخسنىڭ ئورتاق ئەقىل ـ ئىدراكىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ . ھەر بىر ئادەمنىڭ ئويىدا ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندە ، كوللېكتىپنىڭ ئويى شۇنىڭغا مۇناسىپ تەڭشەش ئېلىپ بارىدۇ . لېكىن بىز بولساق بۇ جەرياننى تەتۈرىگە ئۆرۈپ ، شەخسنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنماستىن ، ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنىمىز . بۇنداق قانۇنىيەتكە خىلاپ ھالدا ئىش كۆرسەك ، نەتىجە داۋاملىق ئۆزىمىزنىڭ سەرپ قىلغىنىمىزدىن ئاز بولىدۇ . لېكىن ئەقىل ـ ئىدراك جەھەتتە ئازلا تىرىشچانلىق كۆرسەتسەكلا كۆز ئالدىمىزدىكى بۇزغۇنچىلىق خاراكتېردىكى ئوي ـ پىكرىمىزنى ئىجادچانلىققا ئىگە ئوي ـ پىكىرگە ئۆزگەرتەلەيمىز . بۇنداق ئەھۋالدا ، مۇھىت ناھايىتى تېزلا ئۆزگىرىدۇ .

18 . دورا ئىنسانىيەتنىڭ ئاغرىق ئازابىنى داۋالاش بىلەن بىر ۋاقىتتا باشقا ئەزالارنى ئازدۇر ـ كۆپتۇر زىيانغا ئۇچرىتىدۇ . ئىقتىسادشۇناسلىق ۋە مېخانىكا ئىلمىدىكى ھەر قېتىملىق تەسىر چوقۇم ئەكس تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ . ئادەملەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتىمۇ ھەر قېتىملىق تەسىر ئوخشاش ئەكس تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ . شۇڭلاشقا ، بىزنىڭ بىلىۋېلىشىمىزغا تېگىشلىك ئىش : ماددىنىڭ قىممىتىنىڭ ئادەمنىڭ قىممىتىگە بولغان تونۇش بەلگىلەيدىغانلىقىدۇر . ھەر قانداق ۋاقىتتا ، پەقەت ماددا ئادەمدىنمۇ قىممەت-

www.uyghurkitap.com

لىك دېگەن كۆز قاراش يامراپ كەتسە ، ئۇنداقتا ، بايلىقنىڭ مەنپە-
ئەتىنى ئادەم مەنپەئەتى ئۈستىگە قويىدىغان ، ئۇرنى ئۆزگەرگەن
هادىسە كېلىپ چىقىدۇ . بۇ هال پەيدا قىلغان تەسىر چوقۇم كىشى-
لەر كۆرۈشنى خالىمايدىغان ئەكس تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ .

19 . ئون يىل ئىلگىرى ، گېرمانىيەنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدى-
كى شەھەر مەمۇرىيىتى زايومى 4% لىك ئۆسۈم نىسبىتى بىلەن
لوندون ، پارىژ ۋە نيۇيوركتا سېتىلىدى . مارك ئامېرىكا دوللىرى
ۋە فوند - سېتېرلىڭدەك مۇقىم بولدى . گېرمانىيە شىركەتلىرى-
نىڭ ئاكسىيەلىرى ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا ئاكسىيەلىرى بىلەن بىر
قاتارغا قويۇلۇپ سېتىلدى . ئۇ ۋاقىتتا ، ئۇچىنىڭ باهاسى ئوخشاش
دېگۈدەك بولۇپ ، ئوخشاشلا مۇقىم ئىدى . لېكىن ھېچكىممۇ ئۇلار-
نىڭ ھەرگىز مۇتلەق بىخەتەر ئەمەسلىكىنى بايقىيالمىدى . بۈگۈنكى
كۈندە ، بىر گېرمانىيە ماركىنىڭ باهاسى تەخمىنەن 1 :100
ئامېرىكا فۇڭىغا (سىنتىغا ) توغرا كېلىدۇ . 1922 - يىلى 11 -
ئايدىكى بىر ھەپتە ئىچىدە جەمئىي 61 مىليارد 649 مىليون مارك
تارقىتىلغان بولۇپ ، پەقەت ئالدىنقى بىر ھەپتە ئىچىدىكى تارقىتى-
لىش سوممىسى بۇ ساندىن ئاشقان . يەنى 67 مىليارد 579 مىليون
مارك بولغان . كىشىلەر شۇ قەدەر غايەت زور پەرققە نىسبەتەن
ھەقىقەتەن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى .

20 . گېرمانىيەنىڭ باهالىق ئاكسىيەسىنىڭ ئۆسۈمى ئوخشاش-
لا تاپشۇرۇلىدۇ . دىرى ۋاقتى توشقاندا قايتۇرۇلىدۇ ، لېكىن تۆلە-
نىدىغان پۇلنىڭ قىممىتى بېسىلىشۋاتقان پۇلنىڭ مىقدارىغا يەتمەي-
دۇ . شۇڭلاشقا ، ئاشۇ گېرمانىيە كونسېرۋاتىپ مەبلەغ سالغۇچىلى-
رى ، «بىخەتەر »مەبلەغ سالغۇچىلار . ئۆسۈمى 4% ياكى 5% تىن
ئېشىپ كەتمەيدىغان ئەۋزەل رەنىلىك زايوم سېتىۋالىدىغان كىشى-
لەر ئەمەلىيەتتە ، ناھايىتى كەمبەغەل . لېكىن تولۇقلاش ئۇقتىسى-
دىن ، ئۇلار مۇنداق ئويلىنىدۇ : بىر ئەركىن ھۆكۈمەت خەلقنىڭ
زور مىقداردا پۇلىسى بولۇشقا يول قويىدۇ . لېكىن كۆپ مىقدارد-
كى پۇلغا ئىگە بولغاندا ئۇلار خۇشاللانغان ھالدا باشقىلارنى ئۆزلى-

ىرى ئۈچۈن ئويلاندۇردۇ. چۈنكى بۇ پىۋىدىن پايدىلىنىشتىكى مەقسەت ھەرگىز چوڭقۇر، ئىنىق، ئۇزۇن مۇددەت مۇۋاپىق ئوي-پىكىر پەيدا قىلىش ئەمەس.

21. نەچچە ئون مىڭلىغان ئامېرىكا پۇقرالىرى كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك تەرەپتىن پۇل تېجەپ فوندنى بارلىققا كەلتۇردى. بۇنىڭدىن مەقسەت: كەلگۈسىدە بۇ فوند ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ياشانغاندىكى كىيىم-كېچەك، ئوزۇق-تۈلۈكىگە كاپالەتلىك قىلىش ھازىر ھەممىسى كۆپۈككە ئايلاندى. بارلىق پۇرەك قىنى بىكارغا كەتتى. بۇنىڭدىن كېيىنكى 10 يىل ئىچىدە، ئۇلار نېمىگە تايىنىپ تۇرمۇشنى قامدايدۇ؟

22. ھەممە ئادەم چوقۇم: تۇرمۇشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ سودىدا ئىقتىسادىي ئۇسۇلغا تايىنىپ تۇرمۇشنى باشقۇرماسلىق كېرەك. چۈنكى پۇرسەتپەرەسلىك بۇ ئۇسۇلى تۇرمۇشتا ھەرگىز ئاقمايدۇ. تۇرمۇشنى ئالدىماقچى بولغان ھەر قانداق ئادەم ئەڭ ئاخىردا پەقەت ئۆزىنىلا ئالدايدۇ.

23. ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىش ئۈچۈن، ئەڭ كۆپ ساندىكى ئادەملەرگە ئەڭ زور مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغان روھىي خىمىيە تەسىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك. ئۇنداقتا قانداق نەرسە بىلەن ئىدىيەنى خىمىيەلىك رېئاكسىيەگە قاتناشتۇرۇش كېرەك؟ ئالدى بىلەن بىز: ئىدىيە تەڭداشسىز قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە، ياخشى ئارزۇ-مەقسەت ۋە ئاقىلانە تەھلىل يۇرگۈزۇشكە كاپالەتلىك قىلىپ ھەمدە ئۇنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇشىمىز-نى ئۆزگەرتكىلى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەت-نىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى، ناۋادا ئىدىيەنى قالايمىقان ئىشلەتكەندە قورقۇنچلۇق ئاقىۋەت كېلىپ چى-قىدىغانلىقىنى، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئاپەت خاراكتېرلىك بۇزغۇن-چىلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك.

24. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى نۇرغۇنلىغان جەڭلەر ئىدىيەنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى قالايمىقان ئىشلىتىشتىن كېلىپ چىققان. بۇ-

www.uyghurkitap.com

نىڭغا ئۆسۈپ يېتىلىشتىن نارازى بولۇش، تەرتىپسىزلىك ۋە ئىج-
تىمائىي قالايمىقانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان مەنىۋىيەت سەۋەب
بولغان. 1922 - يىلىدىكى ئىتالىيە بۇ سۆزىمىزنىڭ جانلىق ئەمە-
لىي مىسالى. بەزى ئادەملەرنىڭ مەلۇم مەقسەتلەر تۈپەيلىدىن پەيدا
بولغان ھۆكۈمەتسىزلىك ۋە نارازىلىق ھالىتىنى رىغبەتلەندۈرۈش،
ھۆكۈمەتنىڭ ئىجتىمائىي قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىشىدىكى مەنىۋى
سەۋەپ بولۇپ قالدى. . ئۇ چاغدىكى ئىتالىيەدە پەقەت مۇسسولىنى
بىرلا ئادەم نوپۇزلۇق بولۇپ تۆۋەن پالاتا، يۇقىرى پالاتا يوق ئىدى.
ئۇ مۇتلەق ھوقۇققا ئىگە. ئۇ مالىيە ساھەسىدىكى بارلىق قانۇنلارنى
بىكار قىلىۋېتەلەيتتى. ئۆزى تەييارلىغان قانۇننى ئىشلىتەلەيتتى.
ئۇ يۇقىرى مائاش ئالىدىغان ئىشچىلاردىن باج ئالىدىغانلىقىنى
«مالىيە سەۋەبىدىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا جار سالدى».

25. ياۋروپادىكى ئاتاقلىق بىر سىياسىيون نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت
ئەھۋالىنى مۇنداق سۈرەتلىگەن: بەختسىزلىك تەرىپى شۇكى،
1918 - يىلىدىن 1940 - يىلىغىچە داۋاملاشقان بىر مەيدان دۇنيا
ئۇرۇشى ئېلىپ كەلگەن بۇزغۇنچىلىقلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش
ناھايىتى تەس. گەرچە ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارغا توقۇلغان
مۇئامىلە بارلىق ياخشى نىيەت بىلەن قىلىنغان سەممىيەت، ھەققا-
نىي ئارزۇ- ئىستەك دۇنيانى قان پۈركىدىن قۇتۇلدۇرغان تەقدىر-
دىمۇ، دۇنيا ئۇزۇن يىللارغىچە ئۆزىنىڭ ئۈمىدسىز سەرسانلىقى-
نى، تېڭىرقاشلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بىز بۈگۈنكى كۈندە ئۇ-
رۇش يەنىلا داۋاملىشىۋاتقان پەيتتە تۇرۇۋاتىمىز. تىنچلىق مەزگى-
لىنىڭ ھاياتىي كۈچىدە يېڭى بىر يۈزلىنىش، يۆلىنىش پەيدا بولمى-
سا، بۇ باسقۇچنىڭ ئاخىرى چىقماسلىقى مۇمكىن. مالىيە قالايمى-
قانچىلىققا پېتىپ قالدى، خام چوت ئادەم كۈچى ئارقىلىق بىر
تەرەپ قىلىندى. ئايرىۋاشلاش نىسبىتى بولسا 65
فىرانك 1 فوند- ستېرلىڭغا، 14 فىرانك 1 ئامېرىكا دوللىرىغا
ئالماشتۇرۇلۇپ قەغەز پۇلنىڭ ئوبوروت قىلىنىشىنى قورقۇنچلۇق
دەرىجىدە ئاستىن- ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. توختىماي ئۆسۈۋاتقان

تۇرمۇش چىقىمى، ئىش تاشلاش، پاي چېكى بازىرىنىڭ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە سودا ۋە ئىقتىسادنى ئېلىپ بېرىش مۇمكىن بولماي قالدى. پاي چېكىنىڭ تۇپلىنىشى، دەل 4 يىللىق ئۇرۇشنىڭ قايتۇرۇۋېلىش سوممىسى. مەيلى ھۆ-كۇمرانلارغا ياكى ھۆكۇمرانلىق قىلىنغۇچىلارغا بۇ دۇنيا خاراكتېر-لىك بالايى - ئاپەت ئەمەلپەرەس بىر ئادەمگە پەقەت ئومۇميۈزلۈك قالايمىقانچىلىق ئېلىپ كەلدى. نەچچە يۈز مىليونلىغان ئادەم ھەر-گىز 52 ئايلىق ئۇرۇش، ئۆلۈم ۋە ۋەيران قىلىنغان خىزمەت تۇپەيلىدىن ئەزىز ھېسابلانمىدى. ئۇلۇغ دەپ بىلىنمىدى. چۈنكى تىنچلىق يېتىپ كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى، دۇنيا قايتىدىن قۇرۇلۇ-شى كېرەك. بۇنداق سۈرئەت ۋە ئۇ ئېھتىياجلىق بولغان جىمجىت-لىق ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنىڭ چاممىسى يېتىدىغان دائىرىدىن كۆپ ھالقىپ كەتتى.

26. «ئىنجىل» دىكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان بايانلار چوقۇم ئېسىمىزدە بولۇشى مۇمكىن: چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا چوقۇم بالايى - ئاپەت يۈز بېرىدۇ. دۇنيانىڭ يارالغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە بۇنداق بالايى - ئاپەت بولۇپ باقمىغان، كېيىنمۇ چوقۇم بولمايدۇ. ناۋادا ئۇنداق كۈنلەرنى ئازايتمىغاندا، جېنى بارلىكى نەرسىنى قۇ-تۇلدۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇ كۈنلەر پەقەت خەلق سايلىمى ئارقىلىقلا چوقۇم ئازىيىدۇ.

27. بىزنىڭ ئاشقازىنىمىز خۇددى چوڭ ئېدىشقا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ماسلىشىش ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك. ئۇنىڭدىكى قان-نىڭ ئايلىنىشى قان سۇيۇقلۇقىنىڭ ئايلىنىشىدىن تېز، ئۇنىڭدىكى ھاياتىي كۈچ ئېلاستىكىلىقتا ئىگە. ئۇنىڭدىكى نېرۋىلار خۇشال-لىق، قايغۇ تۇپەيلىدىن تىترەيدۇ. ئۇنىڭدا خوشال روھقا نىسبەتەن تولۇپ- تاشقان مۇھەببەت بار. ئۇ تۇرمۇشنىڭ كۆزىتىش ئارغامچى-سى، بۇلاق يېنىدىكى ئالتۇن تاۋاق، سۇ مۇنارىسى يېنىدىكى چىغى-رىق، بۇلار ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان ۋاقىتتا، مۇسكۇل، ئاڭ ۋە ئەخلاق - پەزىلەت، كۈچ - قۇدرىتىنى ماسلاشتۇرغان ھالدا

رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ . بۇ ئارقىلىق پۈتكۈل ھاياتلىق سىستې-
مىسى ھاياتىي كۈچكە ۋە شاد ـ خۇراملىققا تولىدۇ . لېكىن ئۇنىڭدا
كاشىلا چىقىپ نورمال ئىشلەشكە ئامال بولمىغان ۋاقىتتا ، تەپەك-
كۇر ۋە بەدەننىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى (ئاجىزلايدۇ) . روھىي
چۈشكۈن ، قايغۇ ۋە ئۈمىسىنىش سالامەتلىكنىڭ ناچارلىشىشىغا ۋە
ھاياتلىق ئورنىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ كەينى ـ كەينىدىن
پەيدا بولىدۇ .

28 . تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئېيتىپ بېرىدۇكى ، ھەر قانداق (ئىنكاس) ئاشقازانغا تەسىر قىلىپ ، ئاشقازان قىسمىدىكى مۇس-كۇللارنىڭ جىددىيلىشىشى يېمەكلىك يېيىش ۋە ئۇخلاش ۋاقتىدى-كى ھالەتتىن ھالقىپ كېتىدۇ . ئۇ بۇ نۇقتىدىن ئېشىپ كەتكەن ۋاقىتتا ، ئاجىزلىشىش يۈز بېرىدۇ . ھەددىدىن زىيادە چارچاپ كەتكەن ئەزانىڭ بوشىشى ئۇ ئۇچرىغان ئالاھىدە ئىنكاس بىلەن ئوڭ تاناسىپ . ئاشقازان ھاياتىي كۈچكە ئىگە . ھاياتلىقنىڭ كۈچى ئۇنىڭ نورمال خىزمەت قىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ . ئۇ ئاقىلانە بولمىغان ھالەتتە خۇشاللىق ۋە ساغلاملىقنىڭ ساداسى ئۈستىگە چىقىشى ، ھەم ئاستىغا چۈشۈشى مۇمكىن . ناۋادا بۇنداق تەجرىبە داۋاملىق تەكرارلانسا ، ئۇ بىر خىل تەبىئىي بولمىغان ئاشقازان ساداسىنى پەيدا قىلىدۇ . تەبىئىي بولغان ئاشقازان ساداسى خۇشال-لىق ۋە مۇسكۇلنىڭ ھاياتىي كۈچىگە نىسبەتەن كەم بولسا بولماي-دۇ . ئۇ نورمال ھالەتتە يېمەكلىك ھەزىم قىلىشنىڭ كۈچىنى ساقلاپ قالىدىغان چەكلىمىدىن پۈتۈنلەي ھالقىپ كېتىدۇ . شۇنداق-لا بىر ۋاكوم پەيدا بولىدۇ . بۇ خىل ئاشقازان ساداسىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان بۇزغۇنچىلىق كۈچكە تولغاندىن باشقا ، ھېچقانداق ئاكتىپ رول ئوينىيالمايدۇ . ناۋادا ئۈزلۈكسىز تۆردە ئادەم كۈچى ئارقىلىق تەبىئىي سادا بىلەن باشقىچە سادا ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى چوڭايتقاندا ، ئادەت ئۇنى ئىككىنچى تەبىئىيلىككە ئايلاندۇرىدۇ ، خۇددى بىر تال رېزىنكىنى قايتا ـ قايتا تارتقانغا ئوخشاش ئاخىر نەتىجە ئۇنى ئېلاستىكلىقىدىن مەھرۇم قىلىشتىن ئىبارەت .

29 . ئادەتتىكى قائىدە بويىچە قاۋۇل تەن بولمىسا بولمايدۇ . تەپەككۇر ھەرىكەتكە كەلگەن ۋاقىتتا ئېغىر قورال بەدەندە رىئاكتىۋ پەيدا قىلىدۇ . ئاجىز بەدەننى تېخىمۇ زەئىپلەشتۈرۈۋېتىدۇ . شۇڭ- لاشقا ئۆزىنى كۈچلەندۈرگەندىلا ، تەسىر پەيدا بولغان تەسىر ھېچ- كىمنى زىيانغا ئۇچراتمايدۇ .

30 . ئىنسانىيەت تارىخىمۇ شۇنداق . ئىلگىرى ھەممە دۆلەت- نىڭ ئالدىدا ماڭغان مىسىر ، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلى ، بېسىم ئاستىدا ، ئاخىرىدا تۇتۇنۇدەك توزۇپ كەتتى . زاۋاللىققا يۈزلەندى ، گىرېتسىيەنىڭ غەلىبىسى ئۇنى شەرق ھەشەمىتىنىڭ پاتقىقىغا پات- قۇزدى . شۇنداقلا دەۋرنىڭ قاراڭغۇ زۇلمىتى ئۇنىڭ شان ـ شۆھ- رىتىنى بېسىۋالدى . رىم ئىلگىرى باشقا دۆلەتلەرنى ئىشغال قى- لىپ ، پۈتۈن دۇنيانى تەۋرەتكەن ئىدى . لېكىن ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلىرىگە نەزەر سالساق ، رىمنىڭ يۈرىكى بارغانسىرى ئاجىزلى- شىپ ، ھۆكۈمرانلىق قالپىقى ئەسكى كەشتەك چۆرۈپ تاشلاندى .

www.uyghurkitap.com

# 9 ـ ساۋاق : ئىچكى ئېتىقاد ساغلاملىقنىڭ كاپالىتى

1 . ئۆزۈڭدىن بېرى ، مەنىۋى خىمىيە بەزى مېدىتسىنا كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ، ئېتىراپ قىلىنىشىغا ئېرىشتى . ئوسلى دوختۇر مۇنداق دەيدۇ : «مېدىتسىنا ئىلىمىدە ، مەنىۋى ئۇسۇل باشتىن ـ ئاخىر ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ . ئەلۋەتتە ، بۇنىڭ باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشىغا ئېرىشىشى ناتايىن . كۆپ قىسىم كېسەللىكنىڭ پۈتۈنلەي ساقىيىشىدا ، ئەمەلىيەتتە ئېتىقاد رول ئوينايدۇ . ئۇ روھنى ئۇرغۇتۇپ ، قان ئايلىنىشنى تېزلىتىدۇ ، نېرۋىلار بولسا توسالغۇسىز ھالدا ئۆزىنىڭ رولىنى ئۆتەيدۇ . ئىشەنچتىن ئايرىلغاندا ئەڭ ئاجىزلىشىدۇ . ھەتتا ئۆلۈم يولىغا قاراپ ماڭىدۇ . گەرچە بىر پارچە بولكا ياكى بىر قوشۇق سۇدىمۇ ، ئىشەنچ بولسىلا كېسەل ساقىيىدىغان مۆجىزە يارىتىلىدۇ . دوختۇرنىڭ بىمارنىڭ دورا ۋە ئۇسۇلغا بولغان ئىشەنچى پۈتۈن مېدىتسىنا كەسپىنىڭ ئاساسى .

2 . كىشىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك (ئېتىراپ قىلىنغىنىدەك) ، كۆڭۈلسىزلىك ، ئوڭۇشسىزلىق ياكى ئىزچىل ناچار كەيپىياتنىڭ تەسىرى ھەزىم قىلىش سىستېمىسىنىڭ نورمال پائالىيىتىنى بۇزۇۋېتىدۇ . بۇ ئارقىلىق قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ . ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى نورمال ۋاقىتتا ، تاماقلىنىش ئارقىلىق ئاچلىق تىزگىنلىنىدۇ . بىز تاماقلىنىش زۆرۈر بولغان ۋاقىتتىن ئىلگىرى ئاچلىق ھېس قىلمايمىز . بۇ خىل ئەھۋالدا تىزگىنلەش مەركىزى رولىنى دەل جايىدا جارى قىلدۇرىدۇ . بىز ئاشقازان كېسىلى بولۇپ قالغان ۋاقتىمىزدا ، بۇ تىزگىنلەش مەركىزى رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىن توختايدۇ ، شۇڭلاشقا دائىم قورسىقىمىزنىڭ ئاچقا-

لىقىنى ھېس قىلىمىز . ئەڭ ئاخىرىدا زىيانغا ئۇچرىغان ھەزىم قىلىش ئەزالىرى ھەددىدىن زىيادە چارچاپ كېتىدۇ . بۇنىڭغا ئوخ- شىشىپ كېتىدىغان كىچىك ئاۋارىچىلىكلەردىن ئىنسانىيەت ئىز- چىل خالىي بولالمىغان . بۇنىڭ ئاۋارىچىلىكى قىسمەن ئەھۋال بولۇپ چوڭ مەركەزنىڭ ئانچە دىققىتىنى قوزغاپ كەتمەيدۇ . ناۋادا بىئاراملىق ئېغىر ، ئاسانلىقچە يوقاتقىلى بولمايدىغان سەۋەب تۈپەي- لىدىن بولسا ، تېخىمۇ قورقۇنچلۇق كېسەللەر پەيدا بولىدۇ . بۇ ۋاقىتتا ، ئۇنىڭ ئېغىر تەسىرى ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىشىدىكەن ، ئاۋارىچىلىك جانلىقلار ئورگانىزمىنىڭ ھەر بىر قىسمىغا تارقىلىپ ھەتتا ھاياتقا خەۋپ ئېلىپ كېلىدۇ . تەرەققىي قىلىپ بۇ دەرىجىگە يەتكەندە چوڭ مەركەزنىڭ باشقۇرۇشى كۈچلۈك ، قەتئىي ۋە ئاقىلانە بولسا ، قالايمىقانچىلىق ئۇزۇن داۋاملاشمايدۇ ؛ چوڭ مەركەزدە ئا- جىز ئەھۋال كۆرۈلسە ، پۈتكۈل سىستېما پۈتۈنلەي گۇمران بولى- دۇ ، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ .

3 . دوختۇر لىندانىڭ مۇنداق بىر كۆز قارىشى بار : «تەبىئىي داۋالاش ئۇسۇلى» دا تونۇشتۇرۇلغان ، بۇ قاراش تەبىئىي قانۇنىيەت- كە خىلاپلىق قىلىشتىن كېلىپ چىققان . مەقسەت : دۇرۇس ھەم تەبىئىي قانۇنىيەت بويىچە ئىش كۆرۈلگەن بولسىلا ئاندىن ھەممىنى يېڭىپ كەتكىلى بولىدۇ . ناۋادا ئادەم مەلۇم (جەھەتتە ) تەبىئىي قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلمىغان بولسا ئاتالمىش ئازاب ـ ئوقۇبەت ، كېسەللىك ۋە جىنايەت سادىر بولمىغان بولاتتى .

4 . تەبىئىي قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىشنىڭ سەۋەبلىرى بەل- كىم نادانلىق ، سەل قاراش ، ئۆز بېشىمچىلىق ياكى يامان نىيەت بولۇشى مۇمكىن . «نەتىجە» «سەۋەب» بىلەن دائىم مۇناسىۋەتلىك .

5 . تەبىئىي تۇرمۇش ۋە تەبىئىي ئەسلىگە كېلىش ئىلمىدە كۆرسىتىلىشىچە ، ئىنسانىيەتتىكى كېسەللىك ئاساسلىقى تەبىئەت ئادەم بەدىنىدىكى كېسەل ماددىلارنى چىقىرىپ تاشلاش ، تەن ساغ- لاملىقىنىڭ نورمال ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدىن ئى- بارەت . تەبىئەتتىكى ھەر قانداق باشقا شەيئىگە ئوخشاش كېسەل-

لىكنىڭ جەريانىنى ئۇسۇل جەھەتتە ناھايىتى تەرتىپلىك دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ . شۇڭلاشقا بىز چوقۇم كېسەللىكنى تىزگىنلىيەلمەيمىز ۋە چەكلىيەلمەيمىز ، بەلكى ئاكتىپ ماسلىشىشىمىز كېرەك . بىز بۇنىڭدىن ناھايىتى تەسلىكتە ۋە ناھايىتى ئاستا ھالدا مۇنداق بىر ئىنتايىن مۇھىم تەجرىبە ـ ساۋاققا ئېرىشتۇق : كېسەللىكتىن ساقلىنىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى «قانۇنىيەتكە بويسۇنۇش» . ئۇ يەنە كېسەللىكنى داۋالاشتىكى بىردىنبىر ئۇسۇل .

6 . «تەبىئىي داۋالاش ئۇسۇلى» داۋالاشنىڭ توپ قانۇنىيىتى ، تەسىرى ۋە ئەكس تەسىرىنى ، شۇنداقلا كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ تېز ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بەرگەن بولۇپ ، بىزنى مۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشقا دەۋەت قىلىدۇ ؛ ساغلاملىق ، كېسەللىك ۋە داۋالاش جەريانىدا ، ئاتالمىش تاسادىپىيلىق ۋە بىنورمال ئەھۋاللار يۈز بەرمەيدۇ ، سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭ ھەر بىر قېتىملىق ئۆزگىرىشى ، يا بىزدىكى ھاياتلىق قانۇنىيىتىنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشى ياكى ئۆزئارا توقۇنۇشىدىن ئىبارەت ؛ بىز پەقەت قانۇنىيەتكە پۈتۈنلەي بويسۇنۇپ شۇ بويىچە ئىش كۆرگىنىمىزدە ئاندىن قانۇنىيەتنى ئىگىلەپ ، بۇ ئارقىلىق تەن ساغلاملىقىنى ئاسراش ئارزۇسىغا يېتىمىز .

7 . بىز كېسەللىكنىڭ سەۋەبى ۋە ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلغاندا چوقۇم «ھاياتلىق»نىڭ ئۆزىدىن باشلاشقا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك . بىز چوقۇم : بىزنىڭ ئاتالمىش ھاياتىمىز ۋە ھاياتىي كۈچىمىزنىڭ ئىپادىلىنىشى ساغلاملىق ، كېسەللىك ۋە داۋالاش جەريانىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتمىساق بولمايدۇ .

8 . ھاياتلىق ياكى ھاياتىي كۈچكە نىسبەتەن بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولغان مۇنداق ئىككى خىل قاراش دەۋر سۈرۈپ كېلىۋېرىدۇ : بۇ ئىككى خىل قاراش سالامەتلىك قارىشى ۋە ھاياتلىق قارىشىدىن ئىبارەت . ئالدىنقىسى ھاياتلىق ياكى ھاياتىي كۈچنى ئادەمنىڭ تېنىنى تەشكىل قىلىدىغان بارلىق مەنىۋى ۋە ماددىي

نەرسىلەرگە باغلاپ ماددىي ئېلېمېنتلارنىڭ ئېلېكتىر ماگنىت ۋە خىمىيە پائالىيىتى دەپ قاراش . بۇ كۆز قاراشتىن قارىغاندا ، ھاياتلىق بىر خىل «ئۆزلۈكىدىن يېنىش» ياكى قايسىبىر ئالىم بايان قىلغىنىدەك ، ئەمەلىيەتتە «بىر قاتار كۆيۈپ-تۈرۈش» تىن ئىبارەت .

9 . ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسى ھاياتلىقتىكى ماددىي ۋە مەنىۋى ساھە ئوتتۇرىسىدا ساقلانغان ھاڭنى تېزلىكتە تولدۇر-ماقتا . ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسىدىن بولۇش سۈپىتى بىلەن ، ئىدىيەسى تېخىمۇ ئىلغار بىيولوگلارنىڭ نەزەرىدىن قارىغاندا يۇقىرىقى ھاياتلىق قارىشىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى .

10 . كېيىنكىسى ھاياتلىق ياكى ھاياتىي كۈچنىڭ ھاياتلىق كۆز قارىشى ، ھاياتىي كۈچنى بارلىق كۈچ - قۇدرەت ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسلىق كۈچ ھەمدە بارلىق كۈچ - قۇدرەتنىڭ مەركىزىي مەنبەسىدىن كەلگەن دەپ قاراش . بۇ كۈچ - قۇدرەت پۈتكۈل يارالمىش دۇنياغا تارقالغان ۋە ئۇنى ئىللىتقان ، ئۇنى ھاياتىي كۈچكە تولدۇرۇپ «تەبىئىي ئىرادە» ، «نۇقتىئىنەزەر» ، «چارە» نى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ، شۇنداقلا بۈيۈك ئىجادىي ئەقلىي ئىقتىدارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلدى . بۇ بىر خىل «تەبىئىي غايەت زور كۈچ» . بۇ كۈچ يەر شارىنىڭ ئايلىنىشىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى . شۇنداقلا ، ئوخشاش بولمىغان ئاتوم ۋە ماددىي ئېلېمېنتلارنى تەش-كىل قىلىدىغان ئاتوم زەررىچىسى ۋە ئىئوننىڭ توختىماي ھەرىكەت-لىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ .

11 . تەبىئىي ماددىلارنى ھاياتلىق ھەمدە بارلىق مۆرەككەپ ئاڭ ھادىسىلىرىنىڭ مەنبەسى دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ . ئۇ ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ پەقەت «ھاياتىي كۈچ»نىڭ ئىپادىلىنىشى ، «بۈيۈك ئى-جادىي تەپەككۇر»نىڭ نامايان بولۇشى ، بەزىلەر بۇ خىل ئەقلىي ئىقتىدارنى خۇدا دەپ ئاتايدۇ . يەنە بەزىلەر بىراخما ، تەرىققەتچى ، ھاۋا قاتارلىق ئىسىملارنى قويىدۇ . پەقەت بۇرۇنقى دەۋردىكى كى-

www.uyghurkitap.com

شىلەرنىڭ چۈشىنىشى ئوخشىمايدۇ، خالاس.

12. ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بۇ خىل كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ئەقلىي ئىقتىدار ئادەم تېنىدىكى ھەر بىر ئاتوم، مولېكۇلا ۋە ھۈجەيرىلەرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. پەقەت شۇلا ھەقىقىي «داۋالىدىغۇچى». بۇ خىل «تەبىئىي داۋالاش كۈچى» ئىزچىل ھالدا ئىرد-شىش ئارقىلىق تولۇقلاشنى، داۋالاش ئارقىلىق مۇكەممەللىكنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. دوختۇرلارنىڭ قىلىدىغىنى بولسا، توسالغۇلارنى يوقىتىش، بىمارنىڭ ئىچكى قىسمى ۋە ئەتراپىنى قايتىدىن نورمال ھالەتكە كەلتۈرۈپ. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئىچكى كۈچ - قۇۋۋەت ئەڭ زور دەرىجىدە ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

13. تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، تەبىئەتنىڭ ھەممە نەرسىسى، مەيلى ئازراقلا بىخەستەلىك قىلسا يوقاپ كېتىدىغان ئوي - پىكىر بولسۇن، ياكى قاتتىقلىقتا تەڭداشسىز ئالماس، ياكى ئاق ئالتۇن بولسۇن، ھەممىسى پەقەت ھەرىكەت تەۋرىنىشنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق نەرسە بىلەن سېلىشتۇرغۇسىز ماسلىق ۋە مۇۋازىنەت تەكپۇڭلۇقنىڭ گۈزەللىكى مەۋجۇت.

14. «ھاياتلىق بولمىغان تەبىئەت» گۈزەل ۋە تەرتىپلىك. «ھاياتلىق سىمفونىيەسى» نىڭ نوتىسى ئۇنىڭ ئۆزى ئورۇندىغان مۇزىكا بىلەن ماس كېلىدۇ. ئۇنىڭغا ئىنسان ئورۇندىغان مۇزىكا قېتىلسىلا تەبىئەت مۇزىكىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولغان ھوقۇق ياكى ئاپەتنىڭ يىلتىزى. چۈنكى ئۇ ھەرىكەتنى ئۆزى ئەركىن تاللايدۇ.

15. «تەبىئىي داۋالاش ئۇسۇلى» نىڭ قوللىنىشىدىكى ساغلاملىق ۋە كېسەلگە مۇنداق دەپ ئېنىقلىما بېرىلگەن بولۇپ، بىزنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىدى: ھاياتلىقنىڭ تەن، پىسخىكا، ئەخلاق ۋە ئاڭ قاتلىمىدا ئادەمنىڭ ئەمەلىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان ئېلېمېنت ۋە كۈچ - قۇۋۋەت نورمال ھەم ماس ھالدا تەۋرەنگەندە، ئاندىن (ئاتالمىش) ساغلاملىق بولىدۇ. ئۇ تەبىئەتنىڭ شەخسنىڭ ھاياتىغا ماس كېلىدىغان ئىجادچانلىق

پىرىنسىپىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن . ئەمما ئۇ تەبىئەتنىڭ شەخسنىڭ ھاياتىغا ۋەيران قىلىش خاراكتېرگە ماس كېلىدىغان پىرىنسىپ بىلەن بىردەك بولسا ، ئادەمنىڭ ئەمەلىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئېلېمېنت ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىدە بىنورمال ۋە ماسلاشمايدىغان تەۋرىنىش يۈز بېرىپ ، كېسەللىك مۇشۇ سەۋەبتىن پەيدا بولىدۇ .

16 . قانداق شارائىتتا نورمال ياكى بىنورمال تەۋرىنىش پەيدا بولىدۇ ؟ بۇ مەسىلىگە بېرىلىدىغان جاۋاب : ئورگانىزمنىڭ تىترەش مۇھىتى ، چوقۇم تەبىئەتنىڭ ئادەمنىڭ تېنى ، پسىخىكىسى ، ئەخلاقى ، ئاڭ ۋە روھى قاتارلىق ھاياتلىق ۋە پائالىيەت دائىرىسىدە بەرپا قىلغان ماسلىق مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىشى كېرەك . بۇ جاۋاب نۇرغۇنلىغان روھىي مېدىتسىنا ئالىملىرىنىڭ دەلىللىشىگە ئېرىشتى .

17 . «روھىي مېدىتسىنا قائىدىلىرى»دېگەن كىتابتا ، تامسون خىگېئېر خاردسون مۇنداق دېگەن : بارلىق تەبىئەت قائىدىلىرىگە ئوخشاش ، قوللىنىشچانلىقنى ئېلىپ ئېيتقاندا ، روھ مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ قائىدىلىرى ھەممىگە باب كېلىدۇ ھەم باشقا قائىدىلەرگە ئوخشاش ئاددىي ھەم چۈشىنىشلىك . ناۋادا بىز ساغلام ھالەتتە بىر خىل پۈتۈن ئىقتىدارنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلساق ، ئۇ ھالدا چوقۇم مۇنداق بىر يەكۈنگە ئېرىشەلەيمىز : كېسەل بولغان ئەھۋال ئاستىدا ، ئوخشاش كۈچ ـ قۇۋۋەت ياكى ئېنېرگىيە رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ . بۇ خىل كۈچ ـ قۇۋۋەت مەغلۇپ بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ ياردەم بېرىشقا موھتاج ؛ مانا بۇ بارلىق داۋالاش ئۇسۇلى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان نىشان . بەدەننىڭ نورمال ھالىتىنى ساقلاشتا ، ھەر قانداق ئەقىللىق دوختۇرمۇ «تەبىئىي ياردەم»دىن ئاشۇرۇپ ئىش قىلىمەن دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ .

بۇنداق ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولغىنى دەل روھىي ئېنېرگىيە . بۇ تەرىپىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ ؛ چۈنكى ئالىملار بىزگە : پۈتكۈل بەدىنىمىز ئەقلىي ئىقتىدار ئەمەلىي گەۋدىسىنىڭ

بىرلەشمىسىدىن تەركىب تاپقان . ھەر بىر ئەقلىي ئىقتىدار ئەمەلىي گەۋدىسى بىرلەشمە ئەزالىرى بولۇشقا ماس كېلىدىغان ئالاھىدە ۋەزىپىسى بولغان ئەقلىي ئىقتىدار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ رولىنى ئادا قىلىدىغانلىقىنى ئىپتىدۇ . ئەمەلىيەتتە ، ھەر قانداق ھاياتلىقتا تەپەككۇر بولىدۇ . ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك تاق ھۈجەيرىلىك جانلىقتىن تاكى ئادەمگە قەدەر شۇنداق بولىدۇ . شۇڭلاشقا ، دەل روھىي ئېنېرگىيە سەۋەبىدىن ، بەدەندىكى ھەر بىر تال تالالار ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا ھەرىكەتلىنىدۇ . بىر مەركىزىي ئەقلىي ئىقتىدار ھەر بىر مۇشۇنداق تەپەككۇر ئورگانىزمنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ . بۇ تەرىپىنى ئىسپاتلىمىسىمۇ ئۆزىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ .

بۇ مەركىزىي ئەقلىي ئىقتىدار بەدەندىكى بارلىق ھۈجەيرىلەرنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ يىغىندىسىمۇ ياكى بىر مۇستەقىل ئەمەلىي گەۋدە بولۇپ تەن ئۆلگەندىن كېيىنمۇ مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرامدۇ ؟ بۇ مەسىلىنىڭ نۆۋەتتىكى شۇغۇللىنىۋاتقان بارلىق تەتقىقاتلىرىمىز بىلەن ھېچقانداق چوڭ مۇناسىۋىتى يوق . بىز پەقەت مۇشۇ تەرىپىنى تونۇپ يەتسەكلا كۇپايە ؛ بۇ ئەقلىي ئىقتىدار مەۋجۇت ، شۇنداقلا ئۇ نۆۋەتتە كونترول قىلىش خاراكتېرىدىكى ئېنېرگىيە بولۇپ ، ئادەتتىكى ئەھۋالدا بەدەننى تەشكىل قىلىدىغان سان ـ ساناقسىز ھۈجەيرىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى كونترول قىلىدۇ . بۇنداق بولغاندا ئاڭ ئورگانىزملىرى ھەر قانداق سەۋەب تۈپەيلىدىن بەدەننى تەشكىل قىلىدىغان ھەر قانداق بىر قىسىمغا مۇناسىۋەتلىك ئىقتىدارنى ئورۇندىيالمىغان ۋاقىتتا ، بارلىق داۋالاش ئۇسۇللىرى قوزغاتماقچى بولغىنى دەل مۇشۇ روھىي ئورگانىزمدىن ئىبارەت . شۇڭلاشقا روھىي داۋالاش ئۇسۇلى روھىي ئورگانىزمنى قوزغىتىپ ئۇنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان ئاساسلىق ئۇسۇل ۋە بۇ ئۇسۇل دائىم ئىشلىتىلىدۇ .

روھىي داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ روھىي ئورگانىزمغا بولغان تەسىرى باشقا داۋالاش ئۇسۇلىغا قارىغاندا ئەڭ بىۋاسىتە ، چۈنكى ئۇ روھىي ئورگانىزمغا تېخىمۇ تېز تەسىر قىلىدۇ . گەرچە شۇنداق

بولسىمۇ ، فىزىكىلىق داۋالاش ئۇسۇلىنى ھەرگىز چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ . چۈنكى بارلىق تەجرىبە شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى ، روھىي ئورگانىزملار فىزىكىلىق تەسىر ياكى روھىي تەسىرگە ئوخشاشلا ئىنكاس قايتۇرالايدۇ .

شۇڭلاشقا ، شۇنداق دېيەلەيمىزكى ، داۋالاش ئۇسۇلى جەھەتتە ، باشقا شارائىتلار ئوخشاش بولغان ئالدىنقى شەرت ئاستىدا ، روھىي تەسىر ئۈنۈم جەھەتتە فىزىكىلىق داۋالاشقا قارىغاندا تېخىمۇ بىۋاستە ، تېخىمۇ ئاكتىپ . بۇنىڭ ئاساسى ناھايىتى ئاددىي : بىر تەرەپتىن ئۇ ئەقلىي ئىقتىدارلىق ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ناھايىتى ئېنىق ، ئەمما چوقۇم كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يېرى شۇكى : فىزىكىلىق داۋالاش جەريانىدا بولسىمۇ ، روھىي بېشارەتنى يوق قىلىش مۇمكىن ئەمەس . بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشتىكىلەر فىزىكىلىق داۋالاشنىڭ بارلىق ئۈنۈمى روھىي بېشارەت ئامىلىغا باغلىق دەپ قارايدۇ . لېكىن بۇ كۆز قاراش پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ . ئاز ـ تولا ئىشەنچلىك كۆزقاراش شۇكى : فىزىكىلىق داۋالاشنىڭ ھېچقانداق زىيىنى بولمىغان ۋاقىتتا ، بۇ مۇۋاپىق بېشارەت شەكلى بولۇپ ، تەسەللى بېرىش ، «تەسەللىي بەرگۈزۈش ئارقىلىق داۋالاش ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ . يەنە بىر تەرەپنى مۇقەررەرلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى : داۋالاش ئۇسۇلى مەيلى فىزىكىلىق بولسۇن ياكى روھىي جەھەتتىن بولسۇن ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى چوقۇم بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا بەدەن ئىقتىدارىنى كونترول قىلىدىغان روھىي ئورگانىزمغا ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىدۇ . بولمىسا ، داۋالاش ئۈنۈمى ئۇزاق داۋاملىشالمايدۇ .

بىز بۇنىڭدىن مۇنداق يەكۈنگە ئېرىشىمىز : بارلىق داۋالاش ئۇسۇللىرى (مەيلى فىزىكىلىق ياكى روھىي داۋالاش بولسۇن ) نىڭ داۋالاش قىممىتى ، ھەر قايسىسىنىڭ تۆۋەندىكى ئۈنۈمنى پەيدا قىلىش (ھاسىل قىلىش ) ئىقتىدارى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ : سۇبيېكتىپ تەپەككۇرنى قوزغىتىپ نورمال ھەرىكەت ھالىتىگە قەدەم قويغاندا ، ئۇنىڭ ئېنېرگىيەسى مۇۋاپىق يولغا قەدەم قويىدۇ .

بىز : روھىي بىشارەتنىڭ باشقا ھەر قانداق داۋالاش ئۇسۇلىدىن بەكرەك بىۋاسىتە ھالدا تېخىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن بۇ تىلەپنى قاندۇ-رىدىغانلىقىنى بىلىمىز ؛ يەنە كېلىپ ، تاشقى بۆلۈم ساھەسىدىكى كېسەلدىن باشقا ھەر قانداق كېسەللىكتە ، بۇ دەل سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە چوقۇم قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ؛ شۇنداقلا ئۇ بىز قىلالايدىغان بارلىق ئىشلار . روھىي ئورگانىزم بەدەننىڭ ئىچكى ساغلاملىقىنىڭ ئاساسى ۋە مەنبەسى . ئالەمدىكى بارلىق كۈچ- قۇدرەت ، ھەرگىز روھىي ئورگانىزمنى قوزغىتىشتىنمۇ ئارتۇقراق كۈچمەيدۇ ، ھېچكىم بۇنىڭدىنمۇ چوڭ مۆجىزە يارىتال-مايدۇ .

18 . دوكتور كىلاۋىستون ئۆزىنىڭ خان جەمەتى مېدىتسىنا جەمئىيىتىدە سۆزلىگەن ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش نۇتقىدا مۇنداق دې-گەن : بۈگۈن كەچ مېنىڭ مۇنداق بىر پرىنسىپنى بېكىتكۈم ياكى تەكىتلىگۈم بار . مېنىڭچە ئەمەلىي مېدىتسىنادا بۇ پرىنسىپ ھەق-قىدە ئويلىنىش يېتەرلىك ئەمەس . ھەتتا ئويلىنىشىلمايدۇ . ئۇ فىزى-يولوگىيە ئىلمى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ ، ئەڭ يۇقىرى ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە . بۇ پرىنسىپ بولسا : چوڭ مېڭە پوستىلاق قەۋىتى بولۇپمۇ ئېرۋا پوستىلاق قەۋىتى ، ئورگانىزملار ئىچىدە مۇنداق ئورونغا ئىگە : ھەر بىر ئەزادىكى بارلىق كېسەللىكلەرگە ، بارلىق پائالىيەتلەرگە ، بارلىق زىيان - زەخمەت يەتكەنلەرگە ، چوقۇم بىر ياكى ئازدۇر - كۆپتۇر پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئامىللار ئارقىلىق مۇئامىلە قىلىش كېرەك . فىزىيولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيت-قاندا ، پوستىلاق قەۋەت بارلىق ئىقتىدارلارنى (تەرتىپكە سالغۇچى ) ، ھەر بىر ئەزادىكى قالايمىقانچىلىقنى مەڭگۈ توختىماي كونترول قىلىپ تۇرغۇچى . بىز بىلىمىزكى ، ھەر بىر ئەزا ۋە ھەر بىر خىل ئىقتىدار پوستىلاق قەۋەتتە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ ھەمدە ئۇلارنى توغرا مۇناسىۋەتكە باشلايدىغان ھالەتتە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ . ئۇلار ئۆزئارا ماسلىشىدۇ ، شۇڭلاشقا ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پوستىلاق قەۋەت ئارقىلىق بىر ھاياتلىق ئومۇمىي گەۋدىسىگە ئايلىنىدۇ .

هاياتلىق بىلەن تەپەككۇر، بىر ھەقىقىي ھايۋانات ئورگانىزمىنى تۈزگۈچى ئورگانىك ئومۇمىي گەۋدىنىڭ ئىككى چوڭ ئامىلى. ئادەمنىڭ مېڭىسى تەدرىجىي تەرەققىيات پىرامىداسىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى چوققىسى. تەدرىجىي تەرەققىيات پىرامىداسىنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتى بولسا ئىرماش - چىرماش باكتېرىيە ھەمدە بىز ھازىر كۆرۈۋاتقان پۈتۈن تەبىئەت دۇنياسىغا تارقالغان باشقا تاق ھۈجەيرىلىك جانلىقتىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇ خۇددى ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچتىن تەرەققىي قىلغان. بارلىق تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانىدەك بىلىنىدۇ. چوڭ مېڭە پوستىلاق قەۋىتىدە، باشقا ھەر بىر ئەزا ۋە ئىقتىدارلار ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئورگانىك مەقسىتىنى تاپقان. تۈزۈلۈش قۇرۇلمىسى جەھەتتە ئۇنىڭ مۇرەككەپلىك دەرىجىسى باشقا ئەزالاردىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن. بىز بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر بۇ توغرۇلۇق مۇشۇنچىلىكلا بىلىمىز.

ناۋادا بىز ھەر بىر نېرۋا ھۈجەيرىسىنىڭ تۈزۈلۈشى (نۇرغۇنلىغان تالالىرى ۋە دەرەخسىمان ئۆسۈكچىلىرى) ھەمدە نېرۋا ھۈجەيرىلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تولۇق تونۇپ يەتسەك، مېڭە پوستىلاق قەۋىتىنىڭ نېرۋىلارنىڭ ئېنېرگىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئالماشتۇرىدىغان ئەزا ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ مۇقەررەر بىرلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قىسمەن دائىرىلىك مۇقىملىقىنى ھەمدە ئۇنىڭ تەپەككۇر، ھەرىكەت، ھېسسى، ئوزۇقلۇق، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئاجرىتىپ چىقىرىش داۋامىدىكى ئاجايىپ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى ئىسپاتلاپ چىقالىساق، ھەممىسىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتسەك، چوڭ مېڭە پوستىلاق قەۋىتىنىڭ ئەزالار ئارىسىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا نىسبەتەن ھېچقانداق گۇمانىمىز قالمايدۇ. ئۇنىڭ كېسەللەر ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم رولىغا قارىتا بىزدە ھېچقانداق گۇمانلىنىش بولمايدۇ.

19. بۇ تەرىپى كېسەللەردە دەلىللەندى. «ئوپېراتسىيە پىچىقى» ژۇرنىلىدا باركاس دوختۇر بىر كېسەللىك ئەھۋالىنى خاتىر-

لىگەن : 58 ياشلىق بىر ئايالنىڭ بارلىق ئەزالىرىدا كېسەل بار دەپ قارالغان . ھەممە يېرى ئاغرىغان . ئۇ ھەر خىل داۋالاش ئۇسۇلىنى سىناپ باققان بولسىمۇ ، ئەڭ ئاخىرىدا ناھايىتى ئاسان ۋە بىر خىللا روھىي داۋالاش ئۇسۇلى بىلەن داۋالىنىپ ساقايغان . دوختۇر بىمارنى ھازىرقى ئەھۋالدا چوقۇم ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەندۈرگەن ھەمدە ئۇ : ناۋادا تەجرىبىلىك سېسترا پەرۋىش قىلسا مەلۇم دورا ئارقىلىق ئۇنىڭ كېسىلىنى چوقۇم ساقايتقىلى بولىدىغانلىقىغا ئۇنى چوڭقۇر ئىشەندۈرگەن . ئاندىن ھەر كۈنى سائەت 7 دىن 12 گىچە ، چۈشتىن كېيىن 5 دىن 10 گىچە ئۇنىڭغا بىر قوشۇق دىستىللەنگەن سۇ بېرىلگەن ھەمدە ياخشى پەرۋىش قىلىنغان . ئۈچ ھەپتىگە بارماي بارلىق ئاغرىق ئالامىتى يوقالغان . بارلىق كېسىلى ساقايغان ، قايتا قوزغالمىغان . بۇ ھەر قانداق فىزىكىلىق داۋالاشنى چەتكە قاقىدىغان بىر قېتىملىق ناھايىتى قىممىتى بار تەجرىبە . بۇ تەجرىبە روھىي ئامىل ئارقىلىقمۇ مەلۇم كېسەلنى داۋالىغىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى . ئەلۋەتتە ، ئۇنى ئادەتتە فىزىكىلىق داۋالاش بىلەن بىرلەشتۈرگىلى بولىدۇ .

20 . سىزنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇنلىغان ئادەم ناھايىتى ئېغىر كېسەلنى روھىي جەھەتتىن داۋالاش ئۇسۇلى ئارقىلىق داۋالاشنىڭ بولىدىغانلىقىغا ناھايىتى ئاسانلا ئىشىنىدۇ . لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس . ئالفرد . T . سىكفىرد «تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دېگەن : ئېلان قىلىنغان بىر پارچە 250 كېسەللىكنىڭ تىزىملىكىدە بىز ئۆپكە كېسەلدىن 5 نەپەر ، يانپاش بوغۇمى كاردىن چىققان بىماردىن بىر نەپەر ، يىرىڭلىق ئىششىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىماردىن ئۈچ نەپەر ، ھەزىم قىلىشى ياخشى بولمىغان بىماردىن ئۈچ نەپەر ، كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە تەۋە بىماردىن تۆت نەپەر ، ئىككى نەپەر يۇتقۇنچاق يارىسىغا گىرىپتار بولغان كېسەل ، ئېغىر ئاجىزلىق كېسىلىدىن توققۇز نەپەر ، رېماتىزم كېسىلىدىن بەش نەپەر ، يۈرەك كېسىلى بىمارىدىن ئىككى نەپەر ، بىلىكى يىگىلەش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىمار-

دىن ئىككى نەپەر، كانايچە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان بىمارلاردىن تۆت نەپەر، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىغان بىمارلاردىن ئۈچ نەپەر، بىر نەپەر قوۋۇزغىسى سۇنغان كېسەل، بەش نەپەر باش ئاغرىقى كېسەللى بايقالغان، بۇ كېسەللەر بىر يىل ئىچىدە لوندۇن شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى بىر كىچىك چىركاۋدا داۋالىنىپ ساقايغان.

دۆلەت ئىچى ۋە ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئارشاڭ بىلەن داۋالاش ئورۇنلىرىدا (توختىماي ئېقىپ تۇرىدىغان گۈڭگۈرت ۋە تۆمۈر تەركىبى بار مىنېرال سۇلار بار) داۋالىنىپ ساقىيىش، قانداق ئىش؟.

دوختۇر ھەقىقەتەن ئارشاڭ بىلەن داۋالاش ئورنىدا كېسەللەرنىڭ ھەممىسىنىڭ سۇ، يېمەكلىك ۋە ھاۋا ئارقىلىق ساقايغانلىقىغا راستىنلا چىن كۆڭلىدىن ئىشىنەمدۇ؟ياكى ئۇ ھەقىقەتەن «باشقا نەرسە» بار دەپ قارامدۇ؟ قېنى بىز ھەممە ئىشنىڭ مەركىزى بولغان دەم ئېلىش ئورنىغا بېرىپ بارلىق مەخپىي ئۆيلەرگە كىرىپ باقايلى: ئۇ ئۆز ئامبۇلاتورىيەسىدە ۋە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئەمەلىيىتى داۋامىدا، ئۇ ئۆزى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان كېسەللىكنىڭ ساقىيىش سەۋەبىنى ئۇچرىتىپ قالامدۇ ـ قالمامدۇ ـ ھەقىقەتەن ئاشۇنداق كېسەل بارمۇ؟ئۇ يەرلىك دوختۇرلار ئىجاد قىلغان داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، ئۇلار دائىم ئۇنىڭ داۋالاش ئۈنۈمىدىن ھەيرانلىق ھېس قىلماي قالارمۇ؟

ھەر قانداق بىر تەجرىبىلىك دوختۇر بۇ روھىي كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ ھەقىقەتەن گۇمان قىلارمۇ؟ئۇنداقتا ئۇ ئىشەنچ ئامىلىنى ئۇنىڭ رېتسېپىغا قوشقاندا دورىسىنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈم بېرەلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتمىگەنمىدۇ؟ئۇ تەجرىبە ئارقىلىق دورىنىڭ چوقۇم شۇنچىلىك ئۈنۈم بېرىدىغان ئۇسۇلنىڭ قىممىتىنى تەجرىبە ئارقىلىق چۈشىنىپ يەتكەنمىدۇ؟

ئۇنداقتا بۇ خىل كۈچ ـ قۇدرەت ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئادەمگە تونۇشلۇق بولسا، ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا سەل قارىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تەسىر قىلىش قانۇنىيىتى بولىدۇ. ئۇنىڭ چەكلە-

مىلىكى ، ئۇنىڭ ياخشى ياكى يامان كۈچ ـ قۇدرىتى دېگەندەك ؛ بۇ كۈچ ـ قۇدرەت ئوقۇغۇچىلارغا كۆرۈنەرلىك ياردەم بېرەلەمەسمۇ ؟ ناۋادا مۇئەللىمى ئۇنىڭغا ئۇ تەرەپلەرنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولسا ، بۇ بىر دۆۋە ھېچقانداق قانۇنىيىتى بولمىغان مۇۋەپپەقىيەتلەردىن قارىغۇلارچە ئىزدەپ تاپقان نەزەرىيىلەرنى ئەمەس ، بەلكى مۇشۇ تەرەپلىرىنى كۆرسەتكەن بولسا كاشكى .

ئەمما ، بىز ئاخىر يەنىلا مۇنداق قاراشقا قوشۇلىمىز . بىر مەيدان ئاۋازسىز ئىنقىلاب دوختۇرلارنىڭ كاللىسىدا ئاستا ـ ئاستا يۈز بەرمەكتە . بىزنىڭ ھازىرقى كېسەلگە ئالاقىدار دەرسلىك ماتېرىياللىرىنىڭ ئورنىنى (ساناپ تۈگەتكۈسىز رېتسېپ يېزىش ئېھتىياجىنىلا قاندۇرىدىغان ھەم ھېچقانداق قىممىتى بولمىغان روھىي جەھەتتىن داۋالاش بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن . ئەڭ ئاخىرىدا مۇشۇ ئەسىردىكى ئەڭ قىممىتى بار كۆز قاراشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەرسلىك كىتابلار ئىگىلەيدۇ .

## 10 ـ ساۋاق : ساغلام بولۇشتا نورمال پىسخىكا ناھايىتى مۇھىم

1 . ۋىبىر مۇنداق دېگەن : «شەيئىنىڭ سەۋەبلىرىنى تاپقان ئادەم بەختلىكتۇر .

2 . مىچىنكوفنىڭ قارىشىچە ، ئىلىم ـ پەننىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ، سەھىيە ۋە باشقا ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ئارقىلىق ، دۇنيانى ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇش . ئۇنىڭ ئادەم تېنىنى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن سىناق قىلىپ كۆرگەن ئىشى دەل ئېتىدىكىنى تۇرمۇشقا تەدبىقلاش بولدى . مۇشۇنداق ياشىغاندىلا ئاندىن تۇرمۇشنى موللاشتۇرغىلى بولاتتى . بۇ ھەقىقىي ئەقىل ـ پاراسەتتىن ئىبارەت . ئۇ بۇ خىل ھالەتنى «نورمال تۇرمۇش»دەپ ئاتىغان .

3 . چىچىنكوفنىڭ خانىمى ئېرىنىڭ كۆز قارىشىنى بايان قىلغاندا مۇنداق دەيدۇ : «ناۋادا بىز تۇرمۇشنىڭ نورمال دەۋرىيلىكىنى باشتىن كەچۈرمەكچى بولساق ـ «نورمال تۇرمۇش» كەچۈرمەكچى بولساق ، تۇرمۇش ئۇسۇلىمىزنى چوقۇم ئەقىلگە مۇۋاپىق ، ئىلمىي مەشغۇلىيەت سىستېمىسىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك . بىلىم ، ھەققانىيەت ۋە ئىتتىپاقلىق كىشىلەر ئارىسىدا تېخىمۇ ئۇلغايمىسا ، ئىجتىمائىي مۇھىت تېخىمۇ دوستانە بولمىسا ، نورمال تۇرمۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ . بۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق ئاساسى بىلەن ھەرگىز توقۇنۇشمايدۇ .

4 . ئىنسانىيەت ئىگە بولغان باشقا ئىقتىدارغا ئوخشاش ، ئېتىقادنىڭمۇ رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا تايىنىدىغان مەركەز ـ چىلىخوزادۇر . ئېتىقاد ئادەم تېنى ئارقىلىق ئۆزىگە بېشارەت بېرىدۇ . شۇڭلاشقا «بەدەننىڭ»كېسەل بولۇشى «نېرۋا»غا مۇناسىۋەتلىك

بولغانغا ئوخشاش؛ روھ بىلەن بەدەن ئىنساندىن ئىبارەت ھەم ئۇلۇغ، ھەم ئادەتتىكى بۇ گەۋدىنى تۈزگۈچى قىسىم كىيىملىنى داۋالاشتا «ئالەملىك كۈچ» ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل كۈچ- قۇدرەت ئوخشىمىغان ئۇسۇل ئارقىلىق، يەنى خۇدا، تەبىئەت، تەبىئىي داۋالاش كۈچى، ھاۋا، لوگوس، ئىلاھ ئارقىلىق نامايان بولىدۇ. لېكىن مەيلى قانداق ئۇسۇل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى پەقەت ماددىي ئۇسۇل ياكى مەنىۋى ئۇسۇلدىن چەتنەپ كەتمەيدۇ.

5. باتلىر دوختۇر بىزگە مۇنداق دەيدۇ: «ئەپلاتون مۇنداق دېگەن: ئادەم ئاسمانغا قاراپ يىلتىز تارتقان بىر تۈپ ئۆسۈملۈك». مەنمۇ بۇ كۆز قاراشقا ناھايىتى قوشۇلىمەن. ئەمما ئۇ يەنە «توپ يەردە يىلتىز تارتقان بىر تۈپ ئۆسۈملۈك». ئەمەلىيەتتە، ئادەمنىڭ يارىلىنىشىدا ئىككى مەنبە بار. بىرسى پانىي ئالەمدىن، تەندىن پەيدا بولغان. يەنە بىرى روھتىن. ئەمما كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنى مەنبە قىلغان. شۇڭا ئەڭ ئاخىرقى مەنبە يەنىلا بىر.

6. ئادەم بىر ئورگانىزملىق جانلىق. دى. كۇنشى ئورگانىزمغا ئېنىقلىما بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ئورگانىزم قىسمەنلىك ئومومىيلىقتا تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئومومىيلىق قىسمەنلىككە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ ئېنىقلىما ھەم ئاددىي ھەم ھەقىقىي.

7. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، تەپەككۇرنىڭ ئىنسان ئورگانىزمغا تەسىر ۋە ئەكس تەسىر قىلىدىغان ئاساسلىق قىسمى، بولۇپمۇ ئادەتتە ھەل قىلغۇچ رولى بار قىسمى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مۇنتىزىم مېدىتسىنا تەتقىقاتىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمىدى. ھەمدە ئۇنىڭ بارلىق يۇقۇملۇق كېسەل كەلتۈرۈپ چىقارغان كېسەلدىن باشقا كېسەللەرنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئىكەنلىكى ئىنكار قىلىندى؛ لېكىن يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى، بەدەننىڭ زەھەرلىنىشى ۋە ئىچكى ئاجراتمىلارنىڭ قالايمىقانلىشىشى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى. مېدىتسىنا تەتقىقاتچىلىرىمۇ بەدەندىن سىرتقى تەسىر مېخانىزمى ئىچىدىن جاۋاب

ئىزدەشكە ئۇرۇندى ھەمدە ئۇنى ئېنىق قىلىپ تەپەككۇر ھالىتىگە مۇقىملاشتۇردى . ئۇ خىل ھالەتلەر دىياگىنوستىكا ئىلغار مېدىتسىنا پەن - تېخنىكىسى ، داۋالاش ئىلمى دائىرىسىگە كىرىشكە باشلىدى .

8 . ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىنىڭ ئادەم بەدىنىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققىدىكى تەتقىقاتى ناھايىتى بۇرۇنلا باشلانغان . ھەتتا گىپوگرات زامانىغا قەدەر بەلكىم ئۇنىڭدىن بۇرۇن بولۇشى مۇمكىن . 14 - ئەسىردە جاندىۋېر شىپالىق ئىزدەپ كەلگەن بىر بىمارنى خۇداغا ئاتالغان بىر نەچچە كۇپلېت شېئىرنى يادلاشقا بۇيرۇغان . ئۇ تاۋاپ قىلىش ئارقىلىق ساغلاملىق ئىزدەشكىمۇ قارشى تۇرمىغان . ئۇنىڭ قارىشىچە ، ياخشىلىقنىڭ يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور بولغان ۋاقىتتا ، نۇرغۇنلىغان بىمارنى كېسەللەرمۇ بوزەك قىلالمايدۇ . تاۋاپ قىلىش داۋامىدا (ئادەتتە پىيادە بېرىپ ، پىيادە كېلىدۇ . كۆپ قىسىم ۋاقىت سىرتتا ئۆتىدۇ ) . تەنتەربىيە ھەرىكىتىنىڭ رولىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش ھاجەتسىز . ئوتتۇرا ئەسىر ۋە ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك ، نۇرغۇنلىغان داڭلىق دوختۇرلار بىمارنى (مەيلى ئۇلار پۇلدار ياكى قانچىلىك ئېسىلزادە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ) پىيادە مېڭىپ كېسىلىنى كۆرسىتىشكە دەۋەت قىلغان . يەنە كېلىپ ناھايىتى كەمتەر بولۇشنى تەكىتلىگەن ، بولمىسا داۋالاشنى رەت قىلغان . دوختۇرلار بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان ئۆيقۇچانلىق ۋە سېمىزلىك كېسىلىنى داۋالىغان . بۇلارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى ۋاقىتلاردىكى تەپەككۇرنىڭ قوللىنىشچانلىقىنىڭ دەلىل - ئىسپاتى .

9 . لوخلا مۇنداق دەيدۇ : «ھەر بىر ئىشنى ئۆزىڭىزگە تايىنىدىغان ئوي بىلەن بېجىرىڭ ، ئاندىن ، ھەممە ئىشتا خۇداغا تايىنىدىغاندەك نەتىجىسىنى كۈتۈڭ . بۇ بىر خىل پوزىتسىيە ، بىر خىل تەپەككۇر ھالىتى .

10 . ئىدىيەسى قاتمال ، چىرىك بىر قىسىم تالىپلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا ، ئەقىللىق ، كەڭ قورساق ، ھەر خىل داۋالاش

ئىلمى ساھەسىدىكى ئۇقۇمۇشلۇق چۇشەندۇرگۈچىلەر داۋاملىق نايىتى ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن باشقا تەتقىقات ئېقىمىدىكىلەرنىڭ ئۇسۇلىنىڭ قىممىتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ چەكلىمىلىك تەرەپلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ . مەسئۇلىيەتچان ، كەسپىي شەرەپنى ھەقىقىي ھۆرمەت قىلىدىغان مېدىتسىنا خادىملىرى ، ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغاندا ، پايدىلىق ۋە ئىجادىي ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ . شۇڭلاشقا كۆزگە كۆرۈنگەن سىرلىق كۆز قاراش ئېقىمىدىكى بىرەيلەن مۇنداق دەيدۇ : كېتىش سۆڭىكى ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكەن ، سۆڭەك بوغۇملىرى چىقىپ كەتكەن ياكى سۆڭىكى سۇنۇپ كەتكەن بىمارلارنى كېسەللىك ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى ئەڭ تېز ئۇسۇل ئىقتىدارلىق دوختۇر ياكى ئاناتومىيە مۇتەخەسسىسىنى تەكلىپ قىلىپ ، زەخىملەنگەن ئورۇن ياكى ئەزانى ياخشى پەرۋىش قىلغۇزۇش . قان تومۇر ياكى مۇسكۇل يېرىلىپ كەتسە ، دەرھال تاشقى كېسەللەر دوختۇرىنى تەكلىپ قىلىش . بۇ ھەرگىز تەپەككۇرنىڭ ھېچقانداق كېسەل ياكى يۇقىرىدا ئېيتقان كېسەللىكلەرنى داۋالىيالماسلىقىدىن ئەمەس بەلكى : نۆۋەتتە ، مەخسۇس تەربىيەلەنگەن كىشىلەر ئارىسىدىمۇ ، تەپەككۇر كۆپ ھاللاردا خاتا ئىشلىتىلىپ قالىدىغانلىقى ياكى ئىشلىتىلمەي ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇلىدىغانلىقىنىدۇر . ئازاب- ئوقۇبەتتىن ساقلىنىپ تېزلىكتە ساقىيىش ئۈچۈن روھىي جەھەتتىن داۋالاش باشقا داۋالاش ئۇسۇللىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇلۇپ ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك .

11 . بۇرۇنقى دانىشمەنلەردىن ۋىليام ئوسلو دېگەن چەۋەنداز مۇنداق دېگەن : ئىلمىي قۇتقۇزۇش دەل بىر خىل يېڭى پەلسەپىۋىلىك كۆز قاراش . ئەپلاتون «ئىلىم دېمەك — پەن دېمەك» ، ناۋادا بۇ پەنلەرنى تەتقىق قىلغاندا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەت ۋە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بىلىۋېلىش دەرىجىسىگە يەتسە ھەممىدە بىر ئومۇمىي كۆز قاراش ھاسىل قىلىنسا ئاندىن بىزنىڭ بۇ پەنلەرنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلغىنىمىزنىڭ نەتىجىسى چىقىدۇ ھەممىدە بىزنىڭ نىشانىمىزغا يېتىشىمىزگە ياردىمى بولىدۇ . بولمى-

سا بىكاردىن ـ بىكار جاپا تارتقان بولىمىز .

12 . ئالىملار مۇنداق پەرەز قىلغان : پەقەت بىر خىللا ماددا بولۇپ بۇنىڭدىن شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى : ئىلىم ـ پەن دەل مۇشۇ خىل ماددىغا ئالاقىدار پەن . ھەرگىز باشقا خىل ماددىغا ئالاقىدار پەن ئەمەس . لېكىن ئۇلار مۇنداق بىر ھەقىقەتكە دۇچ كەلمەي قالمايدۇ . (ئۇلار ئېيتقان بۇ خىل ماددا ) پارچىلىنىدۇ ھەمدە ئۇلار بۇ ماددىنى پىرتوپلازما دەرىجىسىگە پارچىلىغاندا ، ئۇلار ئۆزلىرى بىلىشىدىغان ياكى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان قانۇنىيەتتىن تېخىمۇ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان قانۇنىيەتكە دۇچ كەلمەي قالمايدۇ . ئەمما نەزەر دائىرىسى كۆپلىگەن ئالىملار «تۆتىنچى بوشلۇق»نى كۆرۈشكە باشلىدى ھەمدە بۇنداق بىر پاكىتنى ئېتىراپ قىلدى : ئۇ خىمىيەلىك تەجرىبە ۋە مىكروسكوپ ئاستىدىن يوتۇنلەي ھالقىغان ماددا بولۇشى مۇمكىن .

13 . بىر يېڭى دەۋر بىزگە قاراپ كەلمەكتە ، تېلېگراف ۋە سىمسىز تېلېفون بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا كەڭ قوللىنىلىۋاتىدۇ . بارلىق ئۇچۇر ۋە بىلىملەردىن پايدىلىنىش ھەر تەرەپكە تۇتاشقان بولۇپ ھېچقانداق توسالغۇسىز ھالەتتە . شۇڭلاشقا كىشىلەرنىڭ كەلگۈسىنى ھازىرغا قەدەر بىلگەن داۋالاش بىلىملىرى ئارقىلىق ساقايتىشقىمۇ ئاز قالدى .

14 . ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ روھىي خاسلىقى بولىدۇ . شۇڭلاشقا روھىي دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئاساسلىق قائىدە ـ قانۇنىيەت مەۋجۇت . مەيلى ئېتىبار بېرىلسۇن ياكى بېرىلمىسۇن ، بۇ روھىي قانۇنىيەتلەر رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ . دوختۇرلار دائىم بىمارنىڭ روھىي خاسلىقىنى ئېتىراپ قىلماسلىق ياكى رەت قىلىش تۈپەيلىدىن كىشىلەرگە جىق زىيان سالىدۇ . مىتافىزىكچىلار بولسا ناھايىتى بىر تەرەپلىمە يولغا ماڭىدۇ ئۇلار داۋاملىق بىمارنىڭ تېنىنىڭ ئىچكى ئاڭىنىڭ تەندە ئىپادىلىنىشى ئىمكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماسلىقى ، بەدەن ھالىتىنىڭ روھنىڭ ئىپادىلىنىشى ئىمكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماسلىقى تۈپەيلىدىن يۇقىرىلارغا زىيان

يەتكۈزىدۇ .

15 . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بارلىققا كەلگەن تېپەككۇرنىڭ ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ كۈچلۈك ئارقا تىرىكى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ، بىز دەرھال : كېسەللىك يىلتىزىنىڭ ھەرگىز كېسەللىك-نىڭ سەۋەبى ئەمەس ، بەلكى كېسەلنىڭ يىلتىزى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتۇق . ئىلگىرى كېسەللىكنىڭ باش جىنايەتچىسى بولغان مىكروب كېسەللىك پەيدا قىلىدىغان نەتىجە دەپ قارىلىپ ، كېسەل-لىكنى پەيدا قىلىدىغان سەۋەب دەپ قارالماي كەلگەنىدى .

16 . نەتىجە ئاشكارىلىنىقا ئىگە ، سەۋەب بولسا يوشۇرۇن بولىدۇ . شۇڭلاشقا ، بىز دائىم نەتىجىنى تاپالايمىز ، لېكىن سەۋەبنى تاپالمايمىز . پەقەت «نەتىجە»نى بىر تەرەپ قىلىپ ، سەۋەبنى ئىز-دىمەيمىز . يۈزەكى جەھەتتىن داۋالاپ ، يىلتىزىنى داۋالىمايمىز . بۇنداقتا پەقەت بىر خىل شەكىلدىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتنىڭ ئورنىنى باشقا خىل شەكىلدىكى ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىگىلەيدۇ . كېسەلنى يىلتىزىدىن يوقاتقىلى بولمايدۇ . ناۋادا مەقسىتىمىز بىمارنى ئازاب-ئوقۇبەتتىن قۇتقۇزۇش بولۇپ كېسەلنى يىلتىزىدىن داۋالىماقچى بولساق ، ئۇنداقتا بىز «نەتىجە»نى پەيدا قىلىدىغان ئاشۇ «سەۋەب» نى ئىزدىشىمىز كېرەك . ئەمما بۇ «سەۋەب»نى ھەرگىز «نەتىجە» نىڭ دۇنياسىدىن تاپقىلى بولمايدۇ .

17 . بۇ يېڭى دەۋردە ، بىنورمال روھىي ھالەت ۋە كەيپىيات ھالىتى ناھايىتى تېز لا ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ ھەم تۈزەتكىلى بولىدۇ . بۈزغۇنچىلىقتا ئۇچرىغان جانلىقلار توقۇلمىسى ئېلىپ تاشلىنىدۇ ياكى دوختۇرنىڭ داۋالاش ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋاقىتتىكى ئىنجا-دىي ئۇسۇلى ئارقىلىق قايتىدىن قۇرۇلىدۇ ، ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ . لېكىن ، مۇھىمى ئاساسلىق تۈپ ماھىيەتلىك ئىدىيە . بۇ ئىدىيە بارلىق نەتىجىنىڭ ئاساسى . ھەر قانداق ماسلىق بولمىغان بۈزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى ئىدىيەنى بىمارغا يېقىن كەلتۈرمەس-لىك كېرەك . بىمار ۋە ئەتراپتىكى ئادەملەرگە نىسبەتەن ، بارلىق

ئوي ـ پىكىر چوقۇم ئىجادىي بولۇشى كېرەك . چۈنكى ھەر بىر دوختۇر ، سېستىرا ، ھەر بىر پەرۋىش قىلغۇچى ، ھەر بىر تۇغقان ۋە ھەر بىر دوست : ئوي ـ پىكىرنىڭ روھىي خاراكتېرلىك شەيئى ئىكەنلىكىنى ، ئۆزىنى ئىنچىل نامايان قىلىش كويىدا ئىكەنلىكىنى ، پەقەت مۇنبەت تۇپراق تەييار بولغان ھامان ، ئۇنىڭ ئوي ـ پىكىر دەرھال يىلتىز تارتىپ بىخ سۈرىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ .

18 . بەزى بىمارلارنىڭ ئىنكاسى ئانچە سەزگۈر ئەمەس . ئۇلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنياغا بولغان ئوي ـ پىكرى سالامەتلىك ئەھۋالىغا تەسىر قىلغان مۇھىتقا ۋاقتىدا توغرا ئىنكاس قايتۇرالمايدۇ . ھەتتا بەزى بىمارلار ساختا قىياپەتكە كىرىۋالغان بۇزغۇنچىنى ئۆزىنى قۇتقازغىلى كەلگەن پەرىشتە سۈپەت ساخاۋەتچى بىلىپ (دەپ قاراپ ) ئۇلارغا قىزغىنلىق بىلدۈرىدۇ . بۇنداق قارشى ئېلىش يۇشۇرۇن ئاڭ تۈپەيلىدىن بولىدۇ . كىشىلەر داۋاملىق يوشۇرۇن ئاڭنىڭ كونترول قىلىشىغا ئۇچراپ ھەرىكەت قىلىدۇ .

19 . ئاشكارا ئاڭ تەپەككۇرى سەزگۈ ئەزالار ئارقىلىق كۆز ، قۇلاق ، بۇرۇن ، تىل ، بەدەن ئارقىلىق ئوبيېكتىپ دۇنيانى ھېس قىلىدۇ . ئوي ـ پىكىرنى قوبۇل قىلىپ ، ئادەمدە كۆرۈش ، ئاڭلاش ، تېگىش ، تەم ۋە پۇراش سەزگۈسى قاتارلىق بەش خىل سېزىمنى پەيدا قىلىدۇ .

20 . ئاشكارا ئاڭغا ئوخشىمايدىغان يېرى ، ياراتقۇچى خۇدا مەخسۇس يوشۇرۇن ئاڭنى قايسى ئەزالارنىڭ سېزىدىغانلىقىنى ئېنىق بەلگىلىمىگەن . يوشۇرۇن ئاڭ ئوي ـ پىكرى تەسىرگە ئۇچرىغان ھەر قانداق بەدەن ئەزاسى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىدۇ ھەمدە قوبۇل قىلغان ئوي ـ پىكىرنى كونكرېتلاشتۇرىدۇ . ئالدى بىلەن ، مىليونلىغان (ھۈجەيرىلەر ) ئۇلار قوبۇل قىلغان بۇيرۇقنى كۈتۈشكە ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشقا تەييارلىق قىلىپ تۇرىدۇ . ئىككىنچى-

دىن، غايەت زور سىمپاتىك نېرۋا سىستېمىسىدىن تۈزۈلگەن پۈت-
كۈل خەۋەرلىشىش سىستېمىسى ھەر بىر تال ھاياتلىق تالالىرىغىچە
كېڭەيگەن بولۇپ، نازۇك كەيپىياتقا قارىتا ئىنكاس قايتۇرۇشقا
تەييارلىنىپ تۇرىدۇ؛ يەنى خۇشاللىق ياكى قورقۇش، ئۈمىد ياكى
ئۈمىدسىزلىنىش، باتۇرلۇق ياكى ئاجىزلىق قاتارلىقلار. ئارقىدىن-
لا بىر قاتار بەزلەردىن تەركىب تاپقان مۇكەممەل ياساش سېخىدا،
ھۆجەيرە خىمىكىلار بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشقا ئىشلىتىدىغان بارلىق
ئاجرالمىلارنى مۇشۇ يەردە ياسايدۇ. ئاندىن پۈتكۈل ھەزىم قىلىش
ئەزاسى، يېمەكلىك، سۇ ۋە ھاۋا بۇ يەردە قان، سۆڭەك، تېرە،
چاچ ۋە تىرناق قاتارلىقلارغا ئايلىنىدۇ. ئاندىن تەمىنلەش تارماقلى-
رى، ئۈزۈلدۈرمەي ھاۋا، ئازوت ۋە ئېغىر قاتارلىقلارنى ھاياتلىق-
نىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ بارلىق
خاسىيەتلىرى شۇ يەردىكى: ئېغىر ھۆجەيرىلەر لازىم قىلىدىغان ھەر
بىر خىل نەرسىنى ئېرىتمە ھالىتىدە ساقلايدۇ. چۈنكى ئېغىر
ھۆجەيرە خىمىكىلىرى بىر مۇكەممەل ئادەمنى ياساشتا ئېھتىياجلىق
بولغان ھەر بىر خىل ئېلېمېنتنى ساپ ھالىتىدە، يېمەكلىك، سۇ
ۋە ھاۋا قاتارلىقلاردىن باشقىچە ھالىتىدە ساقلايدۇ.

21. يوشۇرۇن ئاڭ خۇددى چوڭ كۆلەملىك زاۋۇتقا ئوخشاي-
دۇ. ئۇنىڭدا بىر يۈرۈش كېرەكسىز نەرسىلەرنى ئاجرىتىپ چىقى-
رىدىغان قۇرۇلما ۋە ھەر قايسى تارماقلارنى رېمونت قىلىپ ئەسلى-
گە كەلتۈرىدىغان بىر يۈرۈش قۇرۇلما بار. بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا
بەلكىم خىلمۇخىل خەۋەرلىشىش سىگنالى بولۇشى مۇمكىن. ناۋادا
بىر كۈچەيتكۈچتىن پايدىلانمىساق، ھېچقانداق ئۇچۇر قوبۇل قىلال-
مايمىز. بىزدىكى يوشۇرۇن ئاڭ سىمسىز خەۋەرلىشىشكە ئوخ-
شاش. ناۋادا بىز ئامال قىلىپ يوشۇرۇن ئاڭ بىلەن ئاشكارا ئاڭنى
ھەمكارلاشتۇرساق، بىز: يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە مە-

لۇم خىل ئۇچۇرنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ھەمدە بىزنىڭ تۇرمۇ-شىمىزدا ۋە مۇھىتىمىزدا بۇ ئۇچۇرلارنى كونكرېتلاشتۇرۇ-دىغانلىقىنى ھېس قىلماي قالمايمىز .

22 . مۇشۇنداق يۇقىرى ئۇنۇملۇك ۋە تولۇق بولغان سىستې-مىنى ياراتقۇچى خۇدا ئۆز قولى بىلەن ئىقتىدارىنى كەشىپ قىلغان ۋە لايىھەلەنگەن ھەمدە ئۇنى ئاشكارا ئاڭ تەپەككۇرى ئەمەس ، بەلكى يوشۇرۇن ئاڭ تەپەككۇرىنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشىغا قويغان . ئىنسانلار داۋاملىق ئېسىدە چىڭ تۇتۇشى كېرەككى ، يوشۇرۇن ئاڭ داۋاملىق ئاشكارا ئاڭغا تايىنىپ ئۆزىنى ئىپادە قىلىدۇ . يوشۇرۇن ئاڭ تەپەككۇرى ئۇزىنىڭ ئاجايىپ سىرلىق ئىقتىدارى ئارقىلىق ئورتاق ماس كېلىدىغان ئىدىيە بىلەن ماسلاشقان ۋاقىتتا ، ئاشكارا ئاڭ تەپەككۇرىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۇچرايدۇ . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشكارا ھالەتتە تۇرىدۇ .

23 . تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئادەم ياكى شەيئىلەر بىزنىڭ چۈ-شىنىشىمىزنى كۈتۈۋاتقان ئاشۇ يېڭى ئىدىيە تونۇشۇپ چىقىمەن دەيدىكەن ، چوقۇم تەبىئەت قاتلىمىدىن تەبىئەتتىن ھالقىغان قاتلام-غا ، ھېسسىي بىلىشتىن ئەقلىي بىلىشكە تەرەققىي قىلىشى كې-رەك . بۇ قاتلامغا سالماق ئىچكى دۇنيا بىلەن يەتكىلى ۋە مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ .

24 . ياراتقۇچى خۇدا ئىنسانلار ئۈچۈن ئىنتايىن ئەتراپلىق ئويلانغان بولۇپ ، بىزنىڭ بەدىنىمىزنىڭ ئىچكى قىسمى ناھايىتى ماسلاشقان بىر سىستېما . سالماق ئىچكى دۇنيا ھۈجەيرىلەرنىڭ ماسلىشىشچانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، بۇ ئارقىلىق ئۆزلۈكىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ . نەتىجىدە كې-سەللىك (ساقىيىدۇ) . شۇڭلاشقا ھۈجەيرىلەرنى چوقۇم ئۆزىگە يېگۈزۈش كېرەك . ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان ئوزۇقلۇقتىن ئار-

تۇق ئوزۇقلۇقنى قوبۇل قىلىشقا ئۇرۇنغان تىرىشچانلىقلارنىڭ ھەممىسى بالايى ـ ئاپەت كەلتۈرىدۇ . ئۇلار ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان ئوزۇقلۇقنى قوبۇل قىلىدۇ . ئۆزلىرىگە زىيانلىق بولغاننى رەت قىلىدۇ . سىرتقى كۈچنىڭ ئارىلىشىشى ھاجەتسىز .

سىزنىڭ بېرىلىپ قىلغان ئىشىڭىز ئاشكارا ئاڭنىڭ نەتىجىسى ، بىز بۇنى ئىستىخىيەلىك ئاڭغا ياكى يوشۇرۇن ئاڭغا ئايلاندۇرۇشقا موھتاج ، ئادەت بارا ـ بارا تەبىئىيلىشىدۇ ، بۇ يىل يېڭى ئىش ـ ئەمەللەر ئاستا ـ ئاستا تەبىئىي ئادەتكە ئايلىنىدۇ . بۇنىڭدىن يوشۇرۇن ئاڭ شەكىللىنىدۇ . بۇ كۆڭۈل قويۇشتىن ئاڭلىق ـ ئاڭلىقلىقتىن ئادەتكە قاراپ ئۆزگىرىدۇ .

## 11 ـ ساۋاق : سىز چوقۇم پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن ئۆزىڭىزگە ئىشىنىشىڭىز كېرەك

1 . ھېنرى بولكىسى ئەپەندىنىڭ «ئۆز ـ ئۆزىگە بېشارەت بېرىش» ناملىق كىتابىدا ئەيمىل كور دوختۇرنىڭ ئامبۇلاتورىيە-سىگە قىلىنغان بىر قېتىملىق قىزىقارلىق ھەم پايدىلىق زىيارەت تىلغا ئېلىنغان . بۇ ئامبۇلاتورىيە نانسى شەھىرى مۇقەددەس ئايال جىنناردې كوچىسىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقان كوردوختۇرنىڭ ھەشەمەتلىك قورۇسى ئىچىدىكى ئارامبەخش گۈللۈككە سېلىنغان ، ھېنرى بولكىسى ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ ئامبۇلاتورىيەگە يار-غان چېغىدا ئامبۇلاتورىيەنىڭ ئىچى ئادەمگە لىق تولغان ئىكەن ، شۇنداقتىمۇ بەزى كىشىلەر ئامبۇلاتورىيەنىڭ ئىچىگە كىرىشكە تەم-شىلىپ تۇرغان ئىكەن . بىرىنچى قەۋەتتە پۈت قويغۇدەك يەر يوق ئىكەن . ئىشىك ئالدىمۇ ئادەم بىلەن لىق تولغان ئىكەن . داۋالانغى-لى كەلگەن بىمارلار ئورۇندۇقلاردا پەۋەس ئولتۇرۇپ كېتىشكەن ئىكەن .

2 . ھېنرى بولكىسى ئەپەندى گېپىنى داۋام قىلىپ : «كور دوختۇرنىڭ ئادەتتىكىچە بولمىغان كېسەل داۋالاش داۋامىدا بىمار-لارغا بۇنداق بېشارەت بەرگەنلىكى توغرىسىدا مىساللار كۆپ» . ئۇ مۇنداق دەيدۇ : «كېسەلدىن ساقىيىش ئېھتىمالى بىمارنىڭ بەدىنىگە يوشۇرۇنغان» كائۇفمان خېنىم مەسئۇل بولغان يەنە بىر باللار ئامبۇلاتورىيەسى بار . ئۇ بۇ خىزمەتكە ئۆزىنىڭ ۋاقتى بىلەن كۈچ-قۇۋۋىتىنى ناھايىتى مەردانىلىك بىلەن سەرپ قىلغان .

3 . بۇلكىس كور دوختۇرنىڭ بايقىشى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز ۋە مائارىپىمىزغا چوڭقۇر تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن دەپ قارىلىدۇ . ئۇ بىزگە : تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقىنى زور دەرىجىدە

www.uyghurkitap.com

ئۆزىمىز كەلتۈرۈپ چىقارغان . بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ بەدىنىدە شۇن-
داقلا ئەتراپىمىزدىكى مۇھىتتا كاللىمىزدىكى ئوي - پىكىر قايتا پەيدا
بولىدۇ . ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا ، ئۇ بىزنى رەزىللىكتىن سالا-
لىنىپ ياخشىلىقنى جارى قىلدۇرىدىغان ۋاستە بىلەن تەمىنلەيدۇ .
ئەسلىدىكى يامان ئوي - پىكىرىمىزنى ئۆزگەرتىپ ، ياخشى ئوي-
پىكىرنى رىغبەتلەندۈرۈپ ، شەخسنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلايدۇ . بۇ
جەريان ھەرگىز شەخس ، جەمئىيەت ، ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە
تونۇلۇش داۋامىدا ئاخىرلىشىپ قالمايدۇ . ئىنسانىيەتنىڭ ئىدىيە-
سى دۇنيا مۇھىتى ئىچىدە تونۇلىدۇ . كىچىكىدىن باشلاپ بىر دەۋر
ئادەملىرىنىڭ ئۆز - ئۆزىگە بېشارەت بېرىشىدە بىلىم ۋە ئەمەلىيەت-
نى يېتىلدۈرۈشتەك بۇنداق ئىجتىمائىي ۋە دۇنياۋى مەسىلىسىگە
قارىتا ، بىز قانداق پوزىتسىيە تۇتۇشىمىز كېرەك ؟ بىز ئۆزىمىز-
نىڭ ئىچكى دۇنياسىدا خۇشاللىق تاپقاندا ، يەنىلا ئاچ كۆزلۈك
قىلىپ تېخىمۇ كۆپ نەرسىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلامدۇق ؟ ئۆز-
ئۆزىگە بېشارەت بېرىش پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىش ھەم ھاياتلىققا
قايتا باھا بېرىش زۆرۈر . ناۋادا بىز ئىزچىل غەربكە قارىساق قارا
بۇلۇت بىلەن قاراڭغۇنىلا كۆرىمىز . ئاستا - ئاستا كەينىمىزگە
قارىغاندا گۈزەل ھەيۋەتلىك قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلگىنىنى ۋە تېخىمۇ
كەڭ نەزەر دائىرىنى كۆرەلەيمىز .

4 . مېدىتسىنا دوكتورى ۋان . بۇرۇن سوئىنىڭ شۇ تۇردىكى
بىر پارچە ماقالىسى 1922 - يىلى 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىكى
«نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدە كۇر
دوختۇرنىڭ خىزمىتىگە باھا بېرىپ مۇنداق دېگەن : ئەيمىل كۇر
ئەستايىدىللىق بىلەن لايىھەلەنگەن روھىي ۋە بەدەن كېسەللىكلىرىنى
داۋالايدىغان بۇ بىر يۈرۈش سىستېمىنى ماھىيەت جەھەتتىن مۇنداق
يىغىنچاقلىغان : شەخسنىڭ ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز تەپەككۇردىن ئىبا-
رەت ئىككى خىل تەپەككۇرى بار . پسىخولوگلار ئاڭسىز تەپەككۇر-
نى يوشۇرۇن ئاڭ تەپەككۇرى دەپ ئاتايدۇ . يوشۇرۇن ئاڭ تەپەككۇ-
رى ئاشكارا ئاڭ تەپەككۇرىنىڭ كەمتەر ھەم مۇلايىم خىزمەتكارى .

ئۇ ئاساسلىقى بىزنىڭ بەدىنىمىز ئىچكى توقۇلمىلىرىنىڭ يىمەكلىك ھەزىم قىلىش ، مۇسكۇللارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ، كېرەكسىز نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلاش ، شۇنداقلا مۇھىم ئەزالارنىڭ ئىقتىدارى ۋە ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇش قاتارلىقلارنى ئاساسلىق باشقۇرىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ .

كۇر دوختۇرنىڭ قارىشىچە ، ئاچلىق تەپەككۇردا نورمىدىن سىرت مەلۇم خىل كەمتۈكلۈكنى (مەيلى بەدەن ياكى روھىي جەھەتتىن بولسۇن) ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان ئۇي شەكىللەنگەندە شەخسنىڭ قىلىدىغىنى بۇ ئۇي ـ پىكىرنى چۈشىنىشلىك ، خاتاسىز ھالدا يوشۇرۇن ئاڭ تەپەككۇرىغا يەتكۈزۈش . بۇ كەمتەر ھەم ياۋاش خىزمەتكار دەرھال بۇيرۇققا بويسۇنىدۇ ، بۇنىڭ ھېچقانداق شۈبھىلىنىدىغان يېرى يوق .

5 . كۇر دوختۇر ، بۇلكىس ئەپەندى شۇنداقلا فىرانسىيە ، ئەنگلىيە ھەمدە ياۋروپانىڭ باشقا جايلىرىدىكى نۇرغۇنلىغان داڭلىق شەخسلەرنىڭ ھەممىسى : ئۇلار نۇرغۇنلىغان كېسەللەرنى بىۋاسىتە كۆزەتكەن ، بۇ بىر مۆجىزىنىڭ نەتىجىسى دەپ ئىپتىشقا بولىدۇ ، دېگەن قاراشقا كېلىشتى . لېكىن ئاشۇ داۋالاش ئۇسۇللىرىنىڭ ئاجايىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن ھەمدە بۇنىڭغا قارىتا گۇمانلىنىش پوزىتسىيەسىدە بولغان ئادەمگە قارىتا ، ئۇلارنى كۇر دوختۇرنىڭ داۋالاش ئۇسۇلىدىكى ئۈچ ئەمەلىي مىسالنى بىلدۈرۈپ قويۇشقا ئەرزىيدۇ . ئۇلار بۇنى بىلگەندىن كېيىن پوزىتسىيەنى ئۆزگەرتىشى مۇمكىن . ئالدى بىلەن ، كۇر دوختۇر ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان ئېھتىياجلىق بىمارلار ئۈچۈن ھەقسىز مۇلازىمەت قىلىپ كەلگەن ؛ ئىككىنچىدىن ، ئۇ دائىم بىمارلارغا ئۆزىدە كېسەل ساقايتالايدىغان ئىقتىدارنىڭ يوقلۇقىنى ، ئۆمۈر بويى بىرمۇ بىمارنى ساقايتىپ باقمىغانلىقىنى دېگەن . ھەل قىلغۇچ ئامىل يەنىلا بىمارنىڭ ئۆزى . پەقەت بىمارنىڭ ئۆزىلا ئۆزىنى قۇتۇلدۇرالايدۇ . تولۇقلاپ قويۇشقا تېگىشلىك ئامىل بىر كىچىك بالا بولغان تەقدىردىمۇ ، ئاشكارا ئاڭ تەپەككۇرى ۋە يوشۇرۇن ئاڭ

تەپەككۇردىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتنى ھېس قىلالىسىلا ھەمدە ئۇنى توغرا ئىشلىتەلىسە ئۆز ـ ئۆزىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك داۋالىيالايدۇ .

6 . بۇ كىتابنىڭ مۇقاۋىسىدا ، بۇلكىس ئەپەندى يېڭى «يېڭى ئەھدە» دىكى بىر جۈملە سۆزنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دېگەن : ئادەمنىڭ ھەرقانداق بىر ئىشنى «شۇ ئادەمنىڭ كاللىسىدىكى ئىللەھىتىن باشقا كىممۇ بىلىپتۇ . »بۇ سۆزنى تاللاشتىكى مەقسەت ، بۇلكىس ئەپەندى بۇ سۆزنى ئىنجىلدا تىلغا ئېلىنغان ئاشكارا ئاڭ تەپەككۇرى ۋە يوشۇرۇن ئاڭ تەپەككۇرىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىسپات قىلغان . لېكىن ئىشلەتكەن ئۇسۇل ياكى نەتىجىسى بەلكىم دىنىي مەنىگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن . مەيلى كۇر دوختۇرنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى ياكى بۇلكىس ئەپەندىنىڭ داۋالاشقا ئالاقىدار بۇ كىتابىدا ، ئەڭ ئاخىرىدا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشكە ئامال بولمىغان .

7 . كۇر دوختۇرنىڭ نانسىدىكى ئامبۇلاتورىيەسىدە ئېلىپ بېرىلغان داۋالاش ئەمەلىيىتى ، كېيىن ناھايىتى تېز تارقالدى . شۇنداق بولسىمۇ ئۇ قەتئىي ھالدا : بۇ ئۇسۇلنىڭ داۋالاش ئۈنۈمىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى ۋە تارقىلىشى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن «سالامەتلىك قاتارلىق ھەر قايسى جەھەتلەردە بارغانسېرى ياخشى بولۇپ كەتتىم»دېگەن سۆزنىڭ پايدىسى دەپ قارىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ دىنىي ئەھمىيىتىنى تەكىتلىمىدى . شۇنداقتىمۇ بۇلكىس ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ : «دىنىي ھېسسىياتقا باي ئاشۇ كىشىلەر ناۋادا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن بۇ سۆزنى خۇدانىڭ غەمخورلۇقى ۋە ھىمايىسىگە باغلىماقچى بولسا ، بۇ سۆزنى مۇنداق ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ . «خۇدانىڭ ياردىمىدە ھەر قايسى جەھەتلەردە ياخشى بولۇپ كېتىپ بارىمەن» . بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرىپى شۇكى ، ئاشكارا ئاڭ تەپەككۇرىدا مۇشۇنداق ئىشەنچنى پەيدا قىلىش . ئۇ سىرتقى قىممەتنىڭ يوشۇرۇن ئاڭ تەپەككۇرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدىغانلىقىنى تەكىتلىمەكچى . خۇددى بۇلكىس ئەپەندى ئېيتقاندەك «بىر ئوي ـ پىكىر ئاشكارا ئاڭ تەپەككۇرىغا سىڭىپ كىرگەندە ، يوشۇ-

رۇن ئاڭ تەپەككۇرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپلا قالسا ، دەرھال ئەمەلىيەتكە ئايلىنىپ بىزنىڭ ھاياتىمىزدىكى مەڭگۈ يوقىتالمايدىغان ئامىلنى شەكىللەندۈرىدۇ .

8 . ھازىر بىز بۇ كىتابنىڭ يېزىلىش جەريانىنى ئەسلەپ ئۆتكەچ ، كۇر دوختۇرنىڭ خىزمىتىنى چۈشىنىپ باقايلى . بۇلكىس ئەپەندى ئەنگلىيەدە تۇغۇلغان ، كۇر دوختۇرنىڭ نەنسىدىكى خىزمىتىنى بىۋاستە كۆزىتىشكە ناھايىتى قىزىققان . كۇر دوختۇر بۇ كىتابنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا ئېيتىشىچە ، دەسلەپكى يىلى يازدا ، بۇلكىس ئەپەندى ئۆزىنى بىر قېتىم زىيارەت قىلغان ، بۇنىڭغا نەچچە ھەپتە ۋاقىت كەتكەن . ئۇ بىرىنچى بولۇپ ئېنىق تەتقىقات مەقسىتىدە ، يەنى ئاڭلىق ئۆز ـ ئۆزىگە بېشارەت بېرىش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلغان ھەمدە نانسىگە كەلگەن ئەنگلىيەلىك . بۇ نىشانغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئۇ كۇر دوختۇرنىڭ كوللېكتىپ تەكشۈرۈشكە قاتناشتى ھەمدە بۇ ئۇسۇلنى پۈتۈنلەي ئىگىلىدى . ئىككىيلەن بۇ داۋالاش ئۇسۇلى ئاساس قىلىنغان نۇرغۇنلىغان نەزەرىيەلەرنى بىرلىكتە قايتا ـ قايتا تەتقىق قىلدى .

9 . كۇر دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇلكىس ئەپەندى ئىنتايىن ئەپچىللىك بىلەن داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ ماھىيىتىنى چىڭ تۇتقان ھەمدە ئۆزىنىڭ ئاددىي ھەم ئېنىق ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەرگەن . ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ : مەيلى ساقىيىش ئۆيىدە بولغان بىمار بولسۇن ياكى كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولغان ساغلام ئادەم بولسۇن ، مۇشۇ خىل ئۇسۇل بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەك . بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىدارىغا تايىنىپ ، ئۆزىمىزنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە كاپالەتلىك قىلىشىمىز ، مەيلى تەپەككۇر ساغلاملىقى بولسۇن ياكى بەدەن ساغلاملىقى بولسۇن ، ناھايىتى ياخشى ساغلاملىق ھالىتىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك .

10 . بىز ئەمدى بۇلكىس ئەپەندى بىلەن كۇر دوختۇرنىڭ ئامبۇلاتورىيەسىنى كۆرۈپ باقايلى . قورۇنىڭ ئارقىسى باغچە بولۇپ ئادەمنىڭ كەيپىياتى باشقىچە كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ . بىمارلار گۈل-

لۇككە قويۇلغان ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ كېتىشكەن، ئامبۇلاتورىيەنىڭ كۇتۇش ئۆيى ۋە كوللېكتىپ تەكشۈرۈش ئۆيى جاي - جايلاردىن كەلگەن بىمارلار بىلەن لىق تولغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەر - ئاياللار، بالىلار بار.

11 . كۆر دوختۇر بىمارنى ئۆزىنىڭ ئاستا - ئاستا ياخشىلىنىۋاتقانلىقىغا ئىشەندۈرگەن ھەمدە : «سىز ئىلگىرى ئۆزىڭىزنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا ناچار ئورۇق تېرىغان؛ بۈگۈنكى كۈندە، ياخشى سۈپەتلىك ئورۇق تېرىڭ. بۇرۇنقى ئاشۇ كۈچ - قۇۋۋەت سىزگە ئوخشاشلا ياخشى نەتىجە ئېلىپ كېلىدۇ دەپ ئەسكەرتكەن.

12 . كۆر دوختۇر خۇدادىمۇ رەنجىيدىغان بىر ئايالغا مۇنداق دەيدۇ : «خانىم، سىز ئۆزىڭىزنىڭ كېسىلى بىلەن بەكلا كىرىشىپ قاپسىز، نۇرغۇنلىغان ئوي - خىياللىرىڭىز سىزنى يېڭى كېسەللىكلەرگە گىرىپتار قىلىۋېتىپتۇ»؛ باش ئاغرىقىغا گىرىپتار بولغان بىر قىزغا بىر كۆزى قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەن بىر ياشقا، ۋېنا قان تومۇرى ئەگرى - بۈگرى كېڭەيگەن بىر ئىشچىغا زېرىكمەستىن قايتا - قايتا چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ : سىلەر ئۆز - ئۆزۈڭلەرگە بەرگەن بېشارەتلەر ئارقىلىق ئازابتىن پۈتۈنلەي قۇتۇلىسىلەر. ئۇ نېرۋىسى ئاجىز بىر قىزنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. بۇ قىز ئامبۇلاتورىيەسىگە ئۈچ قېتىم كەلگەن بولۇپ، ئۆيدە بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق 10 كۈن داۋالاش ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىۋېتىپتۇ. ھازىر ئۇنىڭ تامىقى ياخشى، ئۇيقۇسى ياخشى بولۇپ، يېڭى تۇرمۇشتىن ھۇزۇرلىنىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىلگىرى تۆمۈرچىلىك قىلغان بەستلىك بىر دېھقان ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتقان. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئازغىنە كەم ئون يىلدىن بېرى، ئۇ بىلىكىنى مۈرىسىنىڭ ئۈستىگە ئالالمايدىغان بولۇپ قالغان. كۆر دوختۇر ئۇنىڭغا چوقۇم پۈتۈنلەي ساقىيىپ كېتىسىز، دېگەن. ئاندىن ئۇ نەزەر - كۆزىنى پايدىسىنى كۆردۈم دەپ قارىغان بىمارغا ئاغدۇرغان. بىر ئايالنىڭ كۆكسىدە ئاغرىيدىغان مونەكچە بار بولۇپ، دوختۇرلار ئۇنىڭغا راك دەپ

دىياگنوز قويغان (كور دوختۇرىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ دىياگنوز خاتا ئىكەن) . ئۇ ئايالنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇچ ھەپتىلىك داۋالاش ئارقىلىق پۈتۈنلەي ساقايغان. يەنە بىر بىمار قان ئازلىق ئۇستىدىن غالىب كەلگەن، ئېغىرلىقى توققۇز قاداق ئاشقان. ئۇچىنچى بىمارنىڭ ئېيتىشىچە، ۋېنا قان تومۇرى ئەگرى - بوگرى كېگىيىش يارىسى ساقايغان. بىر ئۆمۈر كېكەچ دەپ دىياگنوز قويۇلغان تۆتىنچى بىمار ئۆزىنىڭ پۈتۈنلەي ساقايغانلىقىنى ئېيتقان.

13. بۇ ۋاقىتتا كور دوختۇر دىققىتىنى ھېلىقى تۆمۈرچىگە قاراتقان. ئۇنىڭغا «10 يىلدىن بېرى بىلىكىمنى مۈرەمگە ئالالمايمەن دەپ قاراپ كەلگەچكە، سىز ھەقىقەتەن قىلالمايسىز. چۈنكى بىز ئويىمىزنى خاتا ھالدا پاكىت دەپ قارايمىز. ئەمەس كۆز قارىشىڭىزنى ئۆزگەرتىپ ئۆزىڭىزگە: «مەن بىلىكىمنى كۆتۈرەلەيمەن دەڭ» دېگەن. تۆمۈرچى ھەيران - ھەس بوپتۇ ئۇ بىر ئىشىنىپ - بىر ئىشەنمەي غودىراپ «مەن بىلىكىمنى كۆتۈرەلەيمەن» دەپتۇ. بىر قېتىم قىلىپ بېقىپتۇ، بىلىكى ناھايىتى ئاغرىپ كېتىپتۇ. «بەرداشلىق بېرىڭ، چىڭ تۇرۇڭ، داۋاملاشتۇرۇڭ، قولىڭىزنى چۈشۈرۈۋەتمەڭ» . كور دوختۇر بۇيرۇق قىلغاندەك تەلەپپۇزدا ئۇنىڭغا ۋارقىراپتۇ: «مەن قىلالايمەن، قىلالايمەن» دەپ ئويلاڭ، ئاندىن كۆزىڭىزنى ئاستا - ئاستا يۇمۇڭ، ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ماڭا ئەگىشىپ تەكرار ئىشلەڭ. «كۆتۈرۈلدى، كۆتۈرۈلدى» دەپ توۋلاپتۇ. يېرىم مىنۇتتىن كېيىن، كور دوختۇر: «ئەمدى ئەستايىدىل ئويلاڭ، سىز بىلىكىڭىزنى كۆتۈرەلەيسىز.»

«مەن قىلالايمەن» دېگەن بۇ گەپكە بۇ ئادەم گۇمان قىلماي چوڭقۇر ئىشىنىشكە باشلاپتۇ. ئاندىن بىلىكىنى ئېگىز كۆتۈرۈپتۇ. ناھايىتى مەغرۇر ھالدا بۇ خىل ھالەتنى ساقلاپتۇ. ھەممە ئادەم بۇ نەتىجىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بوپتۇ. كور دوختۇر ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا: «دوستۇم، ئۆزىڭىزنى داۋالىغانلىقىڭىزنى تەبرىكلەيمەن» دەپتۇ. «ھەقىقەتەن ئەقلىم يەتمەيدۇ، ئىشىنىش ناھايىتى تەس» تۆمۈرچى يەنىلا

چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈپ كېتىپتۇ . كۆر دوختۇر تۆمۈرچىنى مۈرىسىگە قاتتىق ئۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ . بۇ ئارقىلىق بۇ ئىشنىڭ ھەقىقەتەن يۈز بەرگەنلىكىگە ئىشەندۈرمەكچى بوپتۇ . شۇ چاغدا تۆمۈرچىنىڭ رىتىملىق مۇشتى تۆمۈرچى مۈرىسىگە تېگىپتۇ .

كۆر دوختۇر «بولدى» دەپ ۋارقىراپتۇ ھەمدە تېزلىكتە تۆمۈرچىنىڭ بازغاندەك مۇشتىدىن ئۆزىنى چەتكە ئاپتۇ . تۆمۈرچىگە : «سىز ئەمدى سەندەلنىڭ يېنىغا قايتىپ بارسىڭىز بولىدۇ» دەپتۇ .

14 . بۇ ۋاقىتتا ئۇ ھېلىقى دەلدەڭشىپ ماڭىدىغان بىرىنچى نومۇرلۇق بىمارنىڭ يېنىغا كەپتۇ . ئۇ ئادەم ھېلىراقتا يۈز بەرگەن ئىشلاردىن ئىلھام ئاپتۇ ھەمدە قەلبىدە ئىشەنچ يەلكىنى مەۋج ئۇرۇپتۇ . ئۇ كۆر دوختۇرنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەقىقەتەن ئۆزىنى كونترول قىلىپتۇ ، قىسقىغىنە نەچچە مىنۇت ئىچىدە ئالدىغا قاراپ بىمالال قەدەم ئاپتۇ . كۆر دوختۇر گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ : «مەن ئامبۇلاتورىيەدە كېسەل كۆرۈپ بولغاندا سىز گۈللۈكتە يۈگۈرگىدەك بولىسىز» دەپتۇ . ئالدىن ئېيتىلغان بۇ سۆز ناھايىتى تېزلا ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلىنىپتۇ . بىمار سائىتىگە 5 ئىنگلىز چاقىرىم سۈرئەت بىلەن ۋادەكنى چۆرىدەپ بىمالال يۈگۈرۈپتۇ .

15 . ئارقىدىنلا كۆر دوختۇر بەزى ئالاھىدە بېشارەتلەرنى يىغىنچاقلاپ بىمارنى كۆزىنى يۇمۇپ ئىغىر ـ بېسىق بىر خىل ئاۋازدا ئۆزىگە تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئېيتىشقا بۇيرۇپتۇ : «ئۆزۈم دېگەن ھەر بىر ئېغىز گەپ كاللامغا ئورناپ كېتىدۇ . بۇ سۆزلەر ئىزچىل مېڭەمگە ئورنايدۇ . ناۋادا سىزنىڭ ئىرادىڭىز ۋە بىلىنىشىڭىز بولمىغاندا ، يۈز بەرگەن ئىشلارنى ھېچقانداق ئۇسۇل ئارقىلىق ھېس قىلغىلى بولمىغاندا بىزنىڭ پۈتكۈل ئورگانىزملىرىمىز ئاشۇ سۆزلەرگە بويسۇنىدۇ . مەن سىزگە دېسەم ، ئالدى بىلەن ھەر كۈنى ئەتىگەندە ، چۈشتە ، كەچتە تاماق يېگەن ۋاقىتتا ، سىز قورسىقىڭىزنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلىسىز : «يەيدىغان نەرسە بولسا ياخشى بولاتتى» دەيسىز . ئاندىن كۆڭۈللۈك ھالدا ھۇزۇرلىنىپ تاماق يەيسىز . لېكىن ھەرگىز كۆپ يەۋالماڭ . مۇۋاپىق بولسۇن .



www.uyghurkitap.com

ئاندىن سىز تەبىئىي هالدا قورسىقىڭىزنىڭ قاچان تويىدىغانلىقىنى بىلىسىز . تولۇق چايناپ ، يېمەكلىكنى بوتقا هالىتىگە ئايلاندۇرۇپ ئاندىن يۇتىسىز . بۇنداق بولغاندا سىز يېمەكلىكنى ياخشى هەزىم قىلالايسىز . سىزنىڭ ئاشقازان ۋە ئۈچەيىڭىز بىئارامسىزلىق هېس قىلمايدۇ . هەزىم قىلىش جەريانىنى كەم - كۈتىسىز ئورۇندىسىڭىز ، ئورگانىزملىرىڭىز يېمەكلىكتىن ئەڭ زور دەرىجىدە پايدىلىنىپ قان ، مۇسكۇل ، كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ئېنېرگىيەنى هاسىل قىلىدۇ . بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا هاياتلىقنى يارىتىدۇ .

16 . بۇلكىس ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ : «كۆر دوختۇر بىلەن كائوفمان خېنىم ئۆزىنىڭ بايلىق ۋە پۈتكۈل هاياتىنى باشقىلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان خىزمەتكە سەرپ قىلىۋەتكەن ، هەر قانداق قىيىنچىلىق ۋاقتىدىمۇ ئۇلار ئەزەلدىن بىمارنىڭ بىر پۇڭ پۇلىنى ئېلىپ باقمىغان . ئەزەلدىن بىرەر بىمارنىمۇ رەت قىلىۋەتمىگەن . بۈگۈنكى كۈندە ، بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ داڭقى يىراق - يىراق جايلارغا تارقالدى . كۆر دوختۇر بۇ خىزمەتكە تۇرغۇن ۋاقتىنى سەرپ قىلدى . بەزى كۈنلىرى هەتتا 15 - 16 سائەتكىچە ئىشلىدى . ئۆز - ئۆزىگە بېشارەت بېرىشكە ئىلهاملاندۇرۇش ئۇسۇلى داۋالاش ساهەسىدە ئۇ ئابىدە بولۇپ ئاتالدى .

تۇرغۇن يۇلتۇز ۋە سەييارىلەرنىڭ هەر قايسىسى ئۆز يولىدا تەرتىپ بىلەن ئايلىنىدۇ . بارلىق مۇۋەپپەقىيەت ئۆزىنىڭ نورمال تەرتىپىنىڭ ئىشقا ئاشقانلىقىغا مەنسۇپ ، بىز ئالدى بىلەن ئۈمىد قىلىمىز ، ئاندىن ئىشىنىمىز ، سىناق قىلىمىز ، تۆتىنچى قەدەمدە بىلىمگە ئىگە بولىمىز .

17 . ۋىرتېمۇر ئەپەندى «قايتا تېرىلىش» دېگەن كىتابىتا مۇنداق دېگەن : ئىنسانىيەت قاتناشقان يېقىنقى بىر مەيدان ئۇرۇش تاكى هازىرغىچە داۋاملىشىۋاتىدۇ . بۇ بىر مەيدان ئۇرۇش زەمبىرەك ۋە قىلىچ بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش بولماستىن ، بەلكى بىر مەيدان ئىدىيە توقۇنۇشىدىن ئىبارەت . بۇ بۇزغۇنچىلىق خاراكتېردىكى بولماستىن بەلكى ، ئىجادىي خاراكتېرگە ئىگە . بۇ بىر

www.uyghurkitap.com

مەيدان ۋەيران قىلىش خاراكتېردىكى ئۇرۇش بولماستىن، بەلكى بىر مەيدان تاماملاش ئۇرۇشى. ئۇ ھەرگىز توقۇنۇشنى كۈچەيتىدۇ-ۋەتمەستىن، ئىناقلىققا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئۇ ھەرگىز ئىنسانلار چوڭ ئائىلىسىنى بىر - بىرىگە باغلىمايدۇ، بىرلەشمە توپنىڭ ئىچىگە ئەكىرمەيدۇ، بەلكى ئىنسانىيەت ئېرىقلىرىنى خاسلىققا ئىگە قىلىدۇ. ھەممە ئادەم ئۆز - ئالدىغا مۇستەقىل ياشاپ، ئۆزلىرىدە بار بولغان بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى، ئۆزلىرىدە بار بولغان بارلىق ئىلاھىي قانۇنىيەتلەرنى ئېتىراپ قىلىدۇ ھەمدە مۇكەممەل بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ناۋادا بىر ئادەم ئۆزىنى مۇشۇنداق تونۇتسا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى پادىشاھلىقىنى كۆرمەستىن، بارلىق ئادەملەرنىڭ قەلبىدىكى پادىشاھلىقىنى كۆرىدۇ. بىز قىلماقچى بولغان ئىشىمىزدا كۈچ - قۇۋۋەت دەل بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزدا دەپ پەرەز قىلىشىمىز كېرەك. لېكىن بىز بۇ ئىشنى تەپەككۇرغا يۈكلەشتىن ئىلگىرى بىزدە چوقۇم ئېنىق ئۇقۇم بولۇشى كېرەك: بىزنىڭ قىلماقچى بولغىنىمىز زادى نېمە؟ تېنىمىز قايتىدىن تۇغۇلسىكەن دېسەك، بىز چوقۇم بۇ كۆز قاراش توغرا دەپ يەكۈن چىقىرىشىمىز ياكى پەرەز قىلىشىمىز كېرەك؛ ھاياتلىق ۋە ساغلاملىقنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ئىقتىدار ئۆزىمىزدە. بىز چوقۇم ئۇ قەيەردە، قانداق پەيدا بولىدۇ، بۇنى چۈشىنىشىمىز كېرەك.

بىز پەقەت بۇ تەرەپنى چۈشەنسەكلا، نادانلىقىمىزنى يوشۇرۇپ تۇرغان پەردە ئېچىپ تاشلىنىدۇ. خۇددى بېشارەتچىلەر ۋە دانىشمەنلەرنىڭ بىلىم خەزىنىسىنى كۆزىتىشكە يول قويۇلغانغا ئوخشاش بىزنىمۇ بىلىم خەزىنىسىنى كۆزىتىشىمىزگە يول قويۇلسا بىز بوش تۇرغان جايغا يامىشالىساق ھەمدە پۈتۈن ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتەلىسەك، پاۋلۇ: «سەن ئۆزۈڭنىڭ بەدىنىڭنىڭ ئىچىدە ياكى سىرتىدا تۇرغانلىقىڭنى بىلمەيسەن» دېگەندەك مۇستەقىل ئىشنى بېشىمىزدىن كەچۈرەلىسەك ئويلىمىغان سۆزنى چۈشىنەلەيمىز، بەدىنىمىزدە نامايان بولغان شەرەپ ئىلگىرى كۆزىمىز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلدى-

قىمىز ئاڭلاپ باقمىغان ، كۆڭلىمىز ئويلاپ باقمىغان بولۇپ چىقىدۇ .

18 . چوڭ مېڭە مۇنداق بىر ئەزا : بىز ئۇ ئارقىلىق بەدەندىكى باشقا ئەزالار بىلەن ئوي ـ پىكىر ئالماشتۇرىمىز ، سەزگۈ ئەزالار ئارقىلىق سىرتقى تەسىرنى قوبۇل قىلىمىز . ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ ئادەتتىكى ئادەملەرگە قارىغاندا تېخىمۇ توغرا بولغان چوڭ مېڭە ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرالىشىدىكى سەۋەب ، ئۇلاردا ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئۇلۇغۋار ئىدىيە بولغانلىقىدا . بۇ هال كىشىلەرنى ئىنتايىن هوشيار چوڭ مېڭىلا ئۇلۇغ تەپەككۇرنى پەيدا قىلالايدۇ دېگەن ئويغا كەلتۈرىدۇ . ناۋادا ئۇلار چوڭ مېڭىنى بەدەندىكى ئاسان كاردىن چىقىدىغان باشقا ئەزاغا ئوخشاش دەپ قارىغاندا ، ئۇلار : چوڭ مېڭە پەقەت ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان ئەزا ، پەقەت شۇنىڭدىنلا ئىبارەت دەپ بىلىدۇ .

19 . بىزدە بىرخىل ئىشەنچ بولغاندا ، بۇ خىل ئىشەنچ تەپەككۇرىمىزغا بۆسۈپ كىرىدۇ هەم ئۇنى كونترول قىلىدۇ . نامراتلىق سەۋەبىدىن قىينىلىپ ئازاب چېكىۋاتقان بىر ئادەم پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرسىلا نامراتلىقنىڭ كىشىنىدىن قۇتۇلالايدۇ .

20 . بېشارەتنىڭ تەسىر كۈچى ئۇنىڭ كونترول قىلالايدىغانلىقىدا ، ئۇ چوقۇم بىر خىل دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىمىغان ئىجابىي بېشارەت بولۇشى كېرەك ؛ بېشارەتنى قوبۇل قىلغۇچى ئادەم چوقۇم ئۇنى هاياتلىقتا بار ، ئاسانلىقچە ئۆزگەرتكىلى ياكى توزەتكىلى بولمايدۇ ، دەپ بىلىشى كېرەك .

21 . قوللىنىشچان بېشارەت پرىنسىپىنىڭ مۇنداق بىر خىل ئۇسۇلى بار ، مۇنتانا ئىشتاتى فاملېتون شەهرىدىكى . J . R . سىبىۋارد ئەپەندى بۇ ئۇسۇلنى مۇنداق شەرھلىگەن : مەن ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغان 36 ياشلىق ئەر ، ئۆيۈمدىكىلەر مېنىڭ نەشىدىن قۇتۇلغىنىمدىن بەكلا خۇشال . مېنىڭ نەشە چەككىنىمگە 15 يىل بولغان . دەسلەپتە مەندە نەشە چېكىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋېلىش ئويى يوق ئىدى ، ئۇنى مەندە ئۆسۈپ يېتىلىشىمگە پايدىلىق دەپ

قارايتتىم . بۇ خىل چېكىش ئادىتىنى نەچچە يىل داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن ، ئۆز ھەرىكىتى ناھايىتى ئاستا لېكىن ناھايىتى تېز يوغىناۋاتقان سەككىز ئاياغ (سىياھ بېلىق )قا بەند بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم . مەن نەشىدىن مېھرىمنى ئۈزەلمىدىم .

مەن ياغاچ بۇيۇملار دۇكىنىدا ياغاچچىلىق ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللىنىمەن . ھەممە ياغاچچىلارغا مەلۇمكى ، ياغاچ ماتېرىيالىنىڭ ئىچىدە بىر نەرسىنى ئادەمنىڭ بەكلا چاينىغۇسى كېلىدۇ . مەن بۇ ناچار ئادەتنى يوقىتۇرۇۋالغان چېغىمدا ، ھەر كۈنى كەچتە نەشىدىن چېكەتتىم . دەسلەپتە خۇمارىم قانغاندەك بولدى . كېيىن قانمايدىغان بولدۇم . ئۆزۈمنىڭ قەيەرگە بارىدىغانلىقىمنى ناھايىتى بىلگۈم كەلدى . ئۆزۈمنىڭ نەشىدىن قۇلىغا ئايلانغانلىقىمنى ئاستا-ئاستا ھېس قىلدىم . شۇنىڭدىن كېيىن نەشىدىن ئازراق چېكىشنى ياكى پۈتۈنلەي تاشلاشنى ئويلىشىشقا باشلىدىم .

مەن سىزگە ئايالىمنىڭ ناچار ئادەتنى تاشلىشىمغا ياردەم بەرگەن چاغدىكى ئۇسۇلىنى سۆزلەپ بېرىمەن . بۇ ئۇسۇل ناۋادا دەل جايىدا ئىشلەتسەك بېشارەتنىڭ ئاجايىپ قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز . مېنىڭ ئەڭ چۈشكۈن ۋاقىتلىرىم بولسا كېرەك ، بىر كىتاب مېنىڭ دىققىتىمنى قوزغىدى ، بۇ كىتابتا كونترول قىلىنىدىغان ئىدىيەنىڭ كۈچ - قۇدرىتى سۆزلەنگەن . مەن شۇنىڭ بىلەن بۇنى تەتقىق قىلىشقا قىزىقىپ قالدىم ، مەن بۇ كىتابنى ئوقۇۋېتىپ ، پىكىر يۈرگۈزۈۋېتىپ ، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا دەلىل - ئىسپات ئىزدەۋېتىپ ھەقىقىي ئەھۋالنى بارغانسېرى چۈشەندىم . شۇنىڭدىن كېيىن ، ھاياتلىق ھادىسىسىنىڭ بىزنىڭ ئىچكى دۇنيايىمىز تەرىپىدىن تەربىيەلىنىدىغانلىقىنى ، ئىچكى دۇنيايىمىزدا ئۆسۈپ چىقىدىغانلىقىنى ، ناۋادا ئىچكى دۇنيايىمىز چىرىك ھالەتتە بولسا ئۇنىڭ داۋاملىق ئاشكارىلىنىپ قالىدىغانلىقىنى بىلدىم . ئەمەلىيەتتە ، بۈگۈنكى كۈندە مەن خىرىستوسنىڭ «ئۇ كۆڭلىدە نېمىنى ئويلاۋاتقان بولسا ، ئۇنىڭ ئادىمىيلىكىمۇ شۇنىڭغا بېقىپ بولىدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىم . سىز ناۋادا ئۆزىڭىزنى نەشى-

ىنىڭ ياكى ناچار ئادەتنىڭ قۇلى دەپ قارىسىڭىز ، سىز دەل شۇ قۇل . سىز چوقۇم ئۆزىڭىزنى ئىزچىل ئەركىن دەپ قارىشىڭىز كېرەك .

لېكىن بىر ئادەمنى ئىدىيەگە چەمبەرچەس باغلىنىپ قالىدىغان ئادەتتىن يىراقلاشتۇرۇشنى خىيال قىلىش ناھايىتى تەس ئىش . باشقا ئادەم ھەرگىز ياردەم بېرەلمەيدۇ . مېنىڭ نەشە چېكىدىغان ناچار ئادىتىمنى تاشلاتقۇزۇش ئۈچۈن بېشارەت بېرىلگەن چاغدا مەن بىر بالام بىلەن ياتاق ئۆيدە ، ئايالىم بولسا بىزنىڭ 8 ئايلىق ئەڭ كىچىك بالىمىز بىلەن باشقا بىر ھۇجرا ئۆيدە ئىدى . ئۇ كېچىدە ئويغىنىپ بالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسا بولمايتتى . دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ، ئۇ مېنىڭ ئۇخلىغان ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ ماڭا روھىي داۋالاش ئېلىپ بارغان ئىدى .

ئەر ـ خوتۇن بىر ئۆيدە بولمىسىمۇ ياخشى بولىدىكەن ، مەن قاتتىق ئۇخلىغان ۋاقىتتا ، ئۇ مېنىڭ كارىۋىتىمنىڭ يېنىدا تۇرۇ- ۋاتقاندەك ياكى يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ خىيال قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولىدۇ . ئۇنىڭ بېشارىتى ئىجادچانلىققا ئىگە ئىجابىي بېشارەت بولۇپ ، ھەرگىزمۇ سەلبىي ئەمەس ئىدى . سىز بۈگۈن نەشە چې- كىش ئادىتىدىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىسىز : ئەركىن كونترول قىلىنىشنى ئويلايسىز ، ئۇنىڭدىن خۇشاللىق تاپىسىز . سىز ئەتە موخوركىنىڭ يېرىمىنى چېكىشنى ئويلايسىز ، تاكى سىز بىر ھەپتە ئىچىدە ئۇنى ئۇزۇل ـ كېسىل تاشلىغانغا قەدەر بارا ـ بارا ئازايتىد- سىز . ئەمدى ھەرگىز تاماكا چېكىشنى خىيال قىلمايسىز ، سىز دېگەن خوجايىن ، سىز دېگەن ئەركىن ئادەم . ئايالىم ھەر قېتىم يېرىم كېچىدە ئويغانغان ۋاقىتتا ، ماڭا مۇشۇنداق بېشارەت بېرىدۇ . مەن بولسام ئۇ داۋالاشنى باشلىغاندىن كېيىنكى 6 كۈن ئىچىدە تاماكىنى پۈتۈنلەي تاشلاشقا قەسەم قىلدىم ، شۇنداقلا پۈتۈنلەي تاشلىدىم .

بۇ نەچچە ئاي ئىلگىرىكى ئىشلار . بۈگۈنكى كۈندە ، مەن تۇرمۇشتا ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ئوي ـ پىكىر ، سۆز ـ ھەرىكەت ،

تىخىمۇ ئادەتلىرىمنى كونترول قىلالايدىغان بولدۇم . مەن بىر ئورۇق ، ئاجىز ، نېرۋىسى تۇگەشكەن ئادەمدىن ساغلام ، قاۋۇل ، كۆچلۈك ، ئوي ـ پىكرى ئېنىق ئادەمگە ئۆزگەردىم . مېنى تونۇيدى-غان ھەممە ئادەم مېنىڭ سىرتقى قىياپىتىم ۋە ھەرىكىتىمدە زور ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكىگە دىققەت قىپتۇ . شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئىجادچانلىق خاراكتېرگە ئىگە يۈنىلىشلىك تەپەككۇر تەتقىقاتى ۋە ئەمەلىيىتىنى باشلىدىم .

24 . ھەممىگە مەلۇم ، سىمسىز تېلېگراق ياكى تېلېفوندا بىر خىل تەۋرىنىش كاتۇشكىسى دەپ ئاتىلىدىغان قۇرۇلما ئىشلىتىلگەن بولۇپ ، بەلگىلىك دولقۇن ئۇزۇنلۇقىدىكى ئېلېكتىر دولقۇنى بىلەن ماسلاشقاندا ، تەۋرىنىش ھاسىل قىلىدۇ . ئۇنىڭ بىلەن دولقۇن ئوتتۇرىسىدىكى ئالاھىدە ماس كېلىدىغان ئاۋاز رىتىمى بولغانلىقى ئۈچۈن ماسلىشىدۇ ھەمدە تەۋرىنىشنى توسالغۇسىز ھالدا قوبۇل قىلىش قۇرۇلمىسىغا يەتكۈزىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، تې-خىمۇ يۇقىرى ياكى تېخىمۇ تۆۋەن باشقا سىمسىز ئېلېكتىر دولقۇن تەۋرىنىشىدىن ئۆتىدۇ . ئاشۇ ماسلىشىدىغان تەۋرىنىشلا قوبۇللى-غۇچ تەرىپىدىن خاتىرىلىنىدۇ .

بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق بىزنىڭ تەپەككۇرىمىز ئىرادىمىز بىزنىڭ «تەۋرىنىش كاتۇشكىمىزنى» كونترول قىلىدۇ . ماسلىشىش-چانلىقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ، تۆۋەن چاستوتىلىق تىترەش ئىدىيە-سىگە ئاساسەن بىزنىڭ تەپەككۇرىمىز ، تەۋرىنىدۇ . تەربىيەلەش ياكى روھىي خاراكتېرىدىكى ئىدىيەگە ئاساسەن تەۋرىنىدۇ ، ياكى مەلۇم شەرت قاندۇرۇلغاندىن كېيىن ، دەرھال ئۆزىمىزنى قوبۇللى-غۇچ قىلىپ روھىي جەھەتتىكى ئىدىيە تىترىشىنى قوبۇل قىلى-مىز . ئادەم دەل مۇشۇنداق خاسىيەتلىك كۆچكە ئىگە . ئېنىقكى بۇ ئىجادىي يۈنىلىشلىك ئىدىيە ئىشلىتىلمىسە ياكى كۆرۈنمىسە ، ھەشەمەتلىك چوڭ بىنا تۇگۇل بىر ئاددىي كەپمۇ بىزنىڭ نەزەرى-مىزدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ .

ئاتالمىش سېتىش ئۇسۇلى ئەمەلىيەتتە ، بېشارەت بېرىشنى

چۈشىنىش ۋە ئۇنى ئەپچىل ئىشلىتىشتىن ئىبارەت. ئەپچىللىك بىلەن ئىشلەتكەندە، دائىم دېگۈدەك قارشى تەرەپنىڭ ئاشكارا ئاڭ مەركەزلەشتۈرۈش كۈچىنى بوشاشتۇرۇۋېتىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئىستىكىنى قوزغىتىدۇ ۋە تېزلەشتۈرىدۇ. تاكى قوشۇلغانلىق ئىنكاسىنى بېرىلگەنگە قەدەر، ئارزۇ - ئىستەك مەركىزىدىكى كۈچ - قۇدرەتنى تىترىتىدىغان بىشارەتكە نەزەر ئاغدۇرۇلغانلىقتىن، ئەينەكلىك تەكچىلەردە كۆرگەزمە قىلىش ھەمدە رەسىم، ئېلان قاتارلىق يېڭىچە شەكىللەردىكى سېتىش ئۇسۇلى پەيدا بولغان. بۇ ئۇسۇللار ئارقىلىق، بىشارەت بېرىش تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ئارزۇ-ئىستەك ئىدىيە تەۋرىنىشى بىلەن ماسلاشقاندىلا ھەرىكەتنىڭ شەكلى ياكى خاراكتېرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى كۈچىيىدۇ. بىشارەت ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشەلمەيدىكەن ياكى ئارزۇ- ئىستەك بىلەن ماسلىشالمايدىغانلىقنى ئىپادىلەيدىكەن، ئۇنداقتا، ئۇ خۇددى تاشلىققا چۈشكەن بىر تال ئۇرۇقتەك ھېچقانداق مېۋە بېرەلمەيدۇ.

25. شۇڭلاشقا ئوي - پىكىرگە ھەرىكەت قوشۇلۇپ بىۋاستە نەتىجىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇنداق مۇناسىۋەت شۈبھىسىزكى قۇرۇلۇش لايىھىلىگۈچى ۋە ئۇنىڭ چىرتيوژىدا، ماشىنىچى ۋە ئۇنىڭ لايىھىسىدە، مەكتەپ ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتىدا نامايان بولىدۇ. ھاسىل بولغان نەتىجە ئاساسلىق ئىجادىي خاراكتېرلىك ئىدىيە بىلەن ماسلىشىدۇ. تۇرمۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت دەرىجىسىدە ئىدىيەنىڭ سۈپىتىدە ھەل قىلغۇچ ئامىل.

بىزنىڭ ئىدىيەمىز ۋە زېھنىي كۈچىمىز كۆپىنچە ھاللاردا جانسىز شەيئىلەرگە سەرپ قىلىنىدۇ. روھنىڭ ئويقۇلۇق ھالدا پۈتكۈل دۇنيانى ئايلىنىپ چىققانلىقىنى كىشىلەر ئەسلا خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم تورى
www.uyghurkitap.com

## 12 ـ ساۋاق : ھەممە ئادەم ئۆزىگە پىسخىك دوختۇر بولالايدۇ

1 . بىرەيلەن ماكبىت دوختۇردىن سوراپتۇ : «سىز كېسەللىك ھالىتىدىكى پىسخىكنى داۋالىيالامسىز ؟ » بۇ سوئال پىسخىك تەھلىل ئېلىپ بېرىشقا ناھايىتى ماس كېلىدۇ . شۇ سەۋەبتىن مەن بۇنى تولۇق كۆچۈرۈۋالدىم .

ماكبىت : سىز ئاشۇ خىل كېسەللىك ھالىتىدىكى پىسخىكنى داۋالاپ ، خاتىرىڭىزدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان قايغۇنى چىقىرىپ تاشلاپ ، مېڭىگە ئورناپ كەتكەن ئازاب ـ ئوقۇبەتنى ئۆگىتىپ ، ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان بىر خىل شېرىن دورا ئارقىلىق يۈرەككە يىغىلغان زەھەرنى پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلىيالامسىز ؟ دوختۇر : بۇنىڭغا يەنىلا كېسەلنىڭ ئۆز ئامال قىلغىنى تۈزۈك .

2 . بىز دائىم مەلۇم خىل شەكىلدىكى قورقۇش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالىمىز . بۇنىڭ سەۋەبىنى بالىلىق دەۋردىن باشلاپ سۈرۈشتە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ ؛ ناھايىتى ئاز بىر قىسىم ئادەملەرلا مەلۇم خىل بىزارلىق تۇيغۇسىدىن ياكى كېسەللىك ھالىتىدىكى پىسخىكىدىن خالىي بولالايدۇ . تەسىرگە ئۇچرىغۇچى مەيلى خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن ، بۇ خىل تەسىر ھەر كۈنى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ . مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ، توختاپ قالمىغان يوشۇرۇن ئاڭ ئازراق كۆڭۈلسىزلىكلەرنىمۇ خاتىرىدە ساقلايدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئاشكارا ئاڭ ئىرىشىپ بىزنىڭ غۇرۇرىمىزنى قوغدىغان ۋاقىتتا ، بارلىققا كەلگەن سەۋەبلەر ئەڭ دەسلەپكى سەۋەبلەردىنمۇ ياخشى بولىدۇ .

3 . شۇ سەۋەبتىن كېسەللىك ھالىتىدىكى پىسخىكا شەكىللىنىدۇ . بىر بىمار گۆدەك ۋاقتىدا زەمبىرەكنىڭ گۈمبۈرلىگەن

ئاۋازىنى يېقىنلا يەردە ئاڭلىغاچقا، مىنادىن قورقۇش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كەتكىنىگە ئۇزاق يىل بولغان، بۇ خىل قورقۇنچنى ئېتىراپ قىلىش ياكى ئىچىدىلا ئېتىراپ قىلىش ئۇنىڭغا گۆدەكلىكتەك بىلىنگەن. شۇڭلاھىسىزكى، پسىخىك تەھلىلچىلەرنىڭ چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن بۇ ئازاب ـ ئوقۇبەتنى بىمارنىڭ خاتىرىسىدىن پۈتۈنلەي چىقىرىپ تاشلىشى ناھايىتى تەس. ناھايىتى ئۇزاق بولغان ئازابنى چىقىرىۋېتىش دېمەك ئازابنىڭ «جاراھىتى» ياكى ئەڭ دەسلەپكى زەربە دېمەك. گىرېك تىلىدىكى تاق سۆز «psyche» نىڭ مەنىسى ‹مېڭە› بولۇپلا قالماستىن يەنە ‹روھ› دېگەن مەنىسىمۇ بار. ئېھتىمال دە بولسا كېرەك، شېكىسپىر نىڭ پسىخولوگىيەسىگە بولغان چوڭقۇر تونۇشنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ، چۈنكى ئۇ ‹كېسەللىك ھالىتىدىكى پسىخىكا› دېگەن سۆزنى تىلغا ئېلىپلا قالماستىن يەنە «يۈرەككە يېغىلغان زەھەر» دېگەن سۆزنىمۇ قىلغان.

4. دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان كېسەللىك ھالىتىدىكى پسىخىكا ئەمەلىيەتتە ھەممىمىزدە بار، ھەممىمىزدە ئىلگىرى بولۇپ باققان، پەقەت شەكىل جەھەتتە پەرقلىنىدۇ: يېنىكرەك ياكى كۈچلۈك بولىدۇ. بەزىلەر بەزى يېمەكلىكلەرگە ئۆچ بولغانلىق سەۋەبىدىن تاماقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش كېسىلىگە؛ ئىشىك تاقىلىپ قېلىشتىن قورقۇش سەۋەبىدىن جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، بەزى ئادەملەر ئوچۇقچىلىقتىن قورقىدۇ. سورۇنلاردا قورۇنىدۇ، ياغاچقا تېگىپ كېتىشتىن قورقىدۇ ياكى خۇراپاتلىققا ئىشىنىدۇ. تۈرلۈك كېسەللىك ھالىتىدىكى پسىخىك ھالەتلىرىنى بىر دەمنىڭ ئىچىدە تولۇق ساناپ تۈگىتىش تەس.

5. زور كۆپ سانلىق پسىخىك ھالىتىدىكى كېسەللەر چوقۇم ئۆزىنى ئۆزى داۋالىشى كېرەك. ئەلۋەتتە، بۇ خىل داۋالاش تەجرىبىلىك پسىخىكا تەھلىلچىلىرىنىڭ ياردىمىدە ئېلىپ بېرىلىشى

www.uyghurkitap.com

لازىم . بەزى كېسەللىكلەردە داۋالاش قەدەم ـ باسقۇچلىرىنى ئەتراپ-لىق ، ئىنچىكە تۈزۈپ چىقىش كېرەك . پسىخولوگىيەلىك سىناش ئەسۋابى ۋە باشقا ئىنچىكە خاتىرىلەش قوراللىرىدىن پايدىلىنىش زۆرۈر . لېكىن جەريانى مۇرەككەپ ئەمەس . ئالدى بىلەن بىمارنى پۈتۈنلەي ئەركىن قويۇۋېتىپ كۆڭلىگە تەسەللىي بېرىش ؛ ئاندىن ئۇنىڭغا مېڭىسىدە پەيدا بولغان كېسەللىك ھالىتىدىكى پسىخىكىغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈزۈش . پسى-خىكا تەھلىلچىلىرى لايىقىدا كۆرسەتمە بېرىشى ۋە بەزى ئەھۋاللار-نى سوراش كېرەك . بىمار كاللىسىغا چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن ئەڭ دەسلەپكى سەۋەب ۋە كەچۈرمىشلەرنى يادىغا كەلتۈرۈش نەتىجىسىدە ئاستا ـ ئاستا ئېسىگە كېلىدۇ . نۇرغۇنلىغان ۋاقىتلاردا ، پەقەت چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق چوڭقۇر ئازابلارنى يوقاتقىلى بولىدۇ .

6 . يەنە بىر گورۇپپا ھەم روھنىڭ ، ھەم بەدەننىڭ (ياكى ئىككىسى ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى پەيدا قىلىدۇ ) قالايمىقان بولۇشى يۈز بېرىدۇ بۇ ئەسەبىيلىك دېيىلىدۇ ؛ رىچارد . ئىنگلىس «تەپەك-كۇرنىڭ تارىخى ۋە قۇدرىتى» دېگەن كىتابىدا بۇ مەسىلىنى ناھايىتى ئېنىق خۇلاسىلىگەن . كېسەللىك ساختا كېسەللىك ۋە ھەقىقىي كېسەللىك دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ . ساختا كېسەللىك ئەمەلىيەتتە پەقەت بىر پارچە روھىي كارتىنا بولۇپ ، بىمارنىڭ كاللىسىغا مەھكەم ئورنىنۇالغان ، ئۇ بەدەندە شۇنىڭغا ماس ئۆزگىرىشنى كەل-تۈرۈپ چىقىرىدۇ ؛ كېسەللىكنى پەيدا قىلىدىغان بۇ خىل سەۋەب ئادەتتە ئاناتومىيە ياكى فىزىيولوگىيە قانۇنىيىتىگە پۈتۈنلەي سەل قارىغانلىقتىن بولىدۇ ، كېسەللىكنىڭ ساقىيىشى تەس ، سەۋەبى بۇ كارتىنىنىڭ بىمارنىڭ تەپەككۇرىدىكى ئورنىنىڭ ناھايىتى مۇستەھ-كەم بولغانلىقىدا . شۇڭلاشقا ، داۋالاش ئۇچۇن ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىنى تۈزەش كېرەك . بۆرەك كىسىلىم بار دەپ قارىغان بىر بىمار ئاغرىقنى ئۆلچىگەن ۋاقىتتا ، كېسەل بولغان ئەزاسى بەل قىسمىدىن نەچچە ئىنگلىز سۇڭى ئاستىدىكى ئورۇندا بولۇپ ، ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئەھۋاللار ئاز ئەمەس . تال ئادەتتە

بەدەننىڭ ئوڭ تەرىپىدە دەپ پەرەز قىلىنىدۇ. ئۆسمە خىيالەت كۆرۈنىدۇ ۋە غايىب بولىدۇ. لېكىن بۇ خىل روھىي كارتىنىنىڭ ئادەم مېڭىسىدىكى ۋاقتى بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتسە، ئانلىق تەنچە توقۇلمىسىنى ياكى قايىنامنى پەيدا قىلىدۇ. ئەڭ دەسلەپكى خاتا سېزىم ئامىللىرى ئەڭ ئاخىرىدا ھەقىقىي كېسەللىكنى پەيدا قىلىدۇ.

7. كۆپ ساندىكى كېسەللىكلەر تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ نورمال ئېھتىياجىنى بېسىش ياكى شەخسىنىڭ ئىلگىرىكى تۇرمۇشىدىكى تەڭپۇڭسىزلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ. پىسخىك تەھلىل ئادەتتە مۇشۇ پەرەز ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئوخشىشىپ كېتىدىغان كېسەللىكلەردە، كېسەلنىڭ يىلتىزى (مەنبەسى) كۆپىنچە ھاللاردا ناھايىتى ئىچكىرى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ھەتتا نۇرغۇن يىللار يوشۇرۇنغان بولىدۇ. شۇڭلاشقا چوقۇم ئۇزۇل - كېسىل تەكشۈرۈش كېرەك.

8. پىسخىك تەھلىلدە قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل، چۈش ئارقىلىق ياكى چۈشنى يېشىش ئارقىلىق قىيىن مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرىدۇ. بىر ياخشى تەربىيەلەنگەن تەھلىلچى ئالدى بىلەن بىمارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشى، دوستانە يېقىنلىشىش تۇيغۇسى شەكىللەندۇرۇشى، بىمارغا ئۆزىنىڭ ئەڭ مەخپىي كەچۈرمىشلىرىدىن تارتىپ ئاشكارا قىلدۇرۇش، سۆزلەتكۈزۈش كېرەك.

9. بىمار مەلۇم مەزگىلدىكى مەلۇم ئالاھىدە كەچۈرمىشنى ئېسىدە تۇتۇۋالسىلا، روھىي ئانالىزچى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ بىمارنى كەچمىشىنىڭ جەريانىنى سۆزلەشكە رىغبەتلەندۇرۇشى كېرەك. ئۇنى يوشۇرۇن ئاڭدىن تەدرىجىي كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش كېرەك. ئاندىن تەھلىلچى بىمارغا ئۇنىڭ كېسىلىنى پەيدا قىلغان تۈپ سەۋەبنى بىلدۈرۈش. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بىمارغا كېسەللىك سەۋەبىنى پۈتۈنلەي يوقاتقاندىلا ئاندىن ئازاب - ئوقۇبەت دەرھال تۈگەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك.

10. بۇ خۇددى بەدەندىكى سىرتتىن كېلىپ قالغان نەرسىگە

ئوخشايدۇ. بىر قورقۇنچلۇق ئۆسمە، ياللۇغ، ئاغرىق ئادەمنى ناھايىتى ئازابلايدۇ. تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى ئۆسمىنى كېسىپ ئېلىۋەتكەندىن كېيىن قېپقالغىنى ساقىيىش ۋاقتىنى ساقلاشتىن ئىبارەت. بۇ پىسخىكىنىڭ قانۇنىيىتى بىلەن ئوخشاش، يوشۇرۇن ئاڭدا ھەقىقەتەن باشقىچە ئەھۋال مەۋجۇت بولسا ياكى مەلۇم ئاغرىغان ئورۇن سېسىۋاتقان بولسا، كۈنلەر ئۆتكەنسېرى، پەقەت روھىي تەھلىلدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ ئورنى مۇقىملاشتۇرۇلسا، روھىي كاشىلا يوقىتىلسا ھەم بىمارغا كۆرسىتىپ بېرىلسە، نېرۋىلارنى ئېچىش چوڭ نەتىجىگە ئېرىشكەن بولاتتى.

11. سوئىۇ. T. پاترىك دوختۇر غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نېرۋا ۋە روھىي كېسەللىكلەر كىلىنىكا ئىلمىنىڭ پىروفېسسورى. ئۇ تىلغا ئالغان بىر نەچچە كېسەللىك ناھايىتى قىزىقارلىق. قورقۇش ئامىللىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان فۇنكسىيەسىدە نېرۋا خاراكتېرلىك قالايمىقانلىشىش كۆرۈلگەن كېسەللىكلەردە تەسىر كۈچىگە سەل قارىغىلى بولمايدۇ. لېكىن نۇرغۇنلىغان كېسەللىكلەردە، كېسەللىك ئەھۋالى ئوخشاشلا ئېغىر بولسىمۇ، بۇ ئامىل ئانچە روشەن بولمايدۇ. كېيىنكىسىنىڭ تۈرلىرى كۆپ، كۆپلىگەن گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنىدۇ. بىر گۇرۇپپىدىكى بىمارلار تەن قۇرۇلۇشى جەھەتتە ناھايىتى يۈرەكلىك كۆرۈنىدۇ. نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىر ئادەم ماڭا بىرسى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەن، ئۇ بوكس مەيدانىدا ناھايىتى داڭقى بار. ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ سەل بىغەم ئازراق مۇبالىغىلەشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ناھايىتى غەمسىز. لېكىن ئۇ ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى نېرۋا كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان. ئۇنىڭغا بولۇپمۇ ئۇيقۇسىزلىق، ھېچنېمىگە قىزىقماسلىق، مىجەزى تۇراقسىز بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلگەن. ئىنچىكە تەھلىل قىلىش ئارقىلىق: ھېچقانچە (ئېغىر) بولمىغان بەزى كېسەللىك ئالامەتلىرى (راھەت- پاراغەتلىك تۇرمۇش ۋە ئائىلە سۇركىلىشى سەۋەبىدىن» كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى بايقىغىلى بولاتتى. ئۇنىڭدا ئۆزى ئەقلى-

دىن ئادىشىپ قالغاندەك ئوي پەيدا بولۇپ قالغان، لېكىن بىمار ئۆزىنىڭ بۇ قايغۇسىنىڭ ئەمەلىيەتتە بىر خىل كېسەللىك ئىكەنلىكىنى ئازراقمۇ سەزمىگەن. ئەلۋەتتە ئۇنىڭ دوختۇرىمۇ سەل قارىغان. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار جىسمانىي جەھەتتە بۇ خىل كېسەللىكنى ساقايتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا روھىي جەھەتتىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، يوشۇرۇن ئاڭدىن قورقۇشنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىش ھەمدە ئۇنى بىمارغا پۈتۈنلەي ئاشكارىلاشقا مەجبۇر بولغان. بىمار كېسەللىك سەۋەبىنى بىلگەن ۋاقىتتا، نەتىجىسى خۇددى بىزنىڭ قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەن كۆزىمىزدىن بىر تال كىرپىكنى ئېلىپ سىزگە كۆرسەتكەن بىلەن پەرقلەنمىگەن. قايغۇ شۇنىڭ بىلەن يوقالغان. چۈنكى سىز: كېسەللىك سەۋەبىنىڭ يوقالغانلىقى، شۇ ۋاقىتتىلا ئۇنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىڭىزگە قەتئىي ئىشىنىسىز.

ئىشتاتىدا چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ خوجايىنى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇيقۇسىزلىق، ئىشتىھاسىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى، قورسىقى ئاغرىپ، نېرۋىسىنىڭ زىيادە سىزىمچانلىقى تۈپەيلى باقمىچىلىق مەيدانىنى باشقۇرۇشقا ئامالسىز قالغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇنىڭ مەسىلىسى ئەمەلىيەتتە ئاشقازان راكىدىن قورقۇش. بۇ خىل قورقۇش ئۇنى جۇرئەتتىن مەھرۇم قىلغان، بۇ ھال ئۇنىڭدا بەدەن سەزگۈسىگە بولغان زىيادە مۇبالىغە قىلىنىۋېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ خوجايىنى ئەسلىدە ئىرادىسىز ئادەم ئەمەس ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم سودا ـ سېتىق ھەققىدە پاراڭلىشىۋېتىپ مۇنداق بىر ئىشنى ئاڭلىدىم: قوي بېقىش غەربىي قىسمىدىكى پادىچىلار ئۈچۈن بىر مەزگىل خەتەرلىك كەسىپكە ئايلىنىپ قالغان. ئۇ يىللاردا، ئۇ ئۇخلىغان ۋاقىتتىمۇ تاپانچىسىنى يېنىدىن ئايرىمىغان. لېكىن ئۇ ناھايىتى تىنچ، خاتىرجەم ياشىغان. بىر قېتىم، ئۇ ئۈچ پادىچىنىڭ كېلىپ ئۆزىنى تۇتقۇن قىلىدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات تاپشۇرۇپ ئالغان. خەۋەر ھەقىقەتەن راست ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ تولۇق قورال-

لىنىپ ئاتقا مىنىپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشكىلى بارغان. ئۇنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۇلارنى بۇ يەردىن ئايرىلىشقا قايىل قىلغان». مەقسەتكە يېتەلمىگەن ئۈچ نەپەر قاتىل ئاتلىرىغا مىنىپ، ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتكەن. ئۇ بۇ قېتىمقى ئىشتا ھېچقانداق ئەنسىرەش ياكى قورقۇش ھېس قىلمىغان.

بۇ كارتىنا ئەقىل ـ پاراسەتلىكلەرنى تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ. شۇڭا داۋالاشتىن ئاۋۋال شۇ كىشىنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىش كېرەك.

12. بەدەن نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ناھايىتى يۈرەكلىك، لېكىن ئىچكى ئورگانىزملاردا ئازراق مەسىلە كۆرۈلگەندە ئۇ ئىلاجىسىز قالغان. دوختۇر ئۇنىڭ قورقۇشىنىڭ تۈپ سەۋەبىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن دەرھال ئۇنىڭغا (ئۇ ئەمەلىيەتتە بەلكىم رىنتىگېن نۇرى ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ۋاسىتىدىن پايدىلانغان بولۇشى مۇمكىن) ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھېچقانداق كېسەللى يوقلۇقىنى ئۇقتۇرغان. ئارقىدىنلا بىمارنىڭ دىققىتىنى مەۋجۇت بولمىغان قورقۇشقا يۆتكىگەن. دوختۇر بىمارنى قورقۇشىنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوقلۇقىغا مۇتلەق ئىشەندۈرگەن.

13. يەنە بىر كېسەل: 49 ياشقا كىرگەن بىر ساقچى ئۇيقۇسىزلىق، باش ئاغرىش، نېرۋىسى ھەددىدىن زىيادە سېزىمچان بولۇش، بەدەن ئېغىرلىقى چۈشۈپ كېتىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، خېلى ۋاقىتلارغىچە ساقىيالمىغان. ئۇ ھەرگىز ھەممىدىن گۇمان قىلىدىغان، ئاسان قورقىدىغان ئادەم ئەمەس ئىكەن. ئۇ كۆپ يىللاردىن بېرى چىكاگو شەھرىدىكى ئامانلىقى ئىنتايىن ناچار كېسەللىكلەرگە تولغان رايونلارنىڭ بىرىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن، ئۇ جىنايەتچىلەرنى تونۇغاچقا، دائىم قەبىھ جىنايەتچىلەرنى تۇتۇشقا ئەۋەتىلگەن. ئۇ قاتناشقان «قوراللىق، توقۇنۇشلارنىڭ سانى ھېسابسىز، بىر قېتىم سىستىق نامى پۈر كەتكەن بىر «مەرگەن» ناھايىتى يېقىن جايدىن ئۇنىڭ كاللى-

سىغا قارىتىپ ئۇق چىقارغان . ئۇ مۇشۇنداق ئىشلارغىمۇ ناھايىتى تەمكىن مۇئامىلە قىلغان ، ھەرگىز قورقۇپ قالمىغان . لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ كېسىلىگە پۈتۈنلەي بويسۇنغان . قورقۇنچ مۇشۇ ئارقى-لىق پەيدا بولغان ؛ بىر يامان نىيەتلىك ئادەم ئۇنى ئىشنى جايىدا بىر تەرەپ قىلالمىغان دەپ سوتقا ئەرز قىلغان . ئۇ مۇشۇ سەۋەبتىن سوت كوللېگىيەسى تەرىپىدىن سوراق قىلىنغان .

14 . بۇ ئىش ئۇنى چوڭقۇر قايغۇ ئىچىگە سۆرەپ كىرگەن . ئۇ گۇناھسىز ، ئۇ خورلۇق ھېس قىلغان ، ئۆزىنىڭ سوراققا چا-قىرتىلغانلىق تۈپەيلى خىزمەتتىن توختىتىلىش ھەتتا خىزمەتتىن ھەيدىلىشىدىن قورققان . كېچىچە ئۇيقۇسى كەلمىگەن : ئۆزىنىڭ ئەسلىدە ئېرىشىشكە تېگىشلىك ياخشى نامدىن قۇرۇق قېلىشىدىن ، ئائىلىسىگە زىيان يېتىشىدىن ئەنسىرىگەن ، يەنە كېلىپ ئۇ ئۆزىنى رەنىگە قويۇپ قەرز ئالغان ئىكەن . ئاستا - ئاستا ئۇ بىئارامسىزلى-نىشقا باشلىغان ، ئارقىدىنلا ئۆزىنىڭ ناھايىتى تۇراقسىزلىقىنى ھېس قىلغان . مانا مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ، دوستى ھېسداش-لىق قىلىپ ئۇنىڭغا قايغۇ روھىي كېسەلنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدى-غانلىقىنى ئېيتقان . بۇ ئارىلىقتا مۇنداق قەدەم- باسقۇچ بار : يۈزى چۈشۈپ كېتىشتىن ، ۋەيران بولۇشتىن ، ساراڭ بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەشتىن ئىبارەت . لېكىن بىمار ئۆزى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى چۈشىنەمدۇ ؟ياق ، ئۇ ئۆزى جىددىي ئەنسىرەش ئىچىگە چۆككەن بولۇپ ، ھەمىشە ئازابلىنىپ ئىشەنچىسىنى يوقىتىدۇ . يۆنىلىشتىن ئادىشىپ قالىدۇ .

15 . دوختۇر ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئېغىدىكى كېسەللىكىنىڭ يىل-تىزىنى تېپىپ چىققاندا ، بارلىق قورقۇنچىنىڭ ئۇنىڭ ئىچكى دۇنيا-سىدىن كەلگەنلىكىنى ، بۇنى ئۇنىڭغا ئېنىق بىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان . شۇڭلاشقا ، ئۇ بۇ قورقۇنچلارنى تۈپ يىلتىزىدىن تۈگى-تىشكە بەل باغلىغان . تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ كېسىلىمۇ ساقايغان .

16 . يوشۇرۇن ئاڭ پىسخىكىسىنىڭ كېسەل بولۇش ئۇسۇلى ئاستا خاراكتېرلىك بولۇپ ، ئۇنىڭ كېسەل بولۇشى (كېسەللىك-

نىڭ يۈز بېرىشى ) كۆپىنچە هاللاردا نۇرغۇن يىل داۋاملاشقان مەلۇم خىل روھىي كەچمىش تۈپەيلىدىن بولىدۇ. بۇ كەچمىشنى ئىزچىل كۆڭلىدە چىڭ ساقلاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرىدا بۇ كېسەل كېلىپ چىققان . ئۇ يوشۇرۇن ئاڭدىكى جىسمانىي جەھەتتىن ئەمەس بەلكى روھىي جەھەتتە ـ كەسپى ئاتالغۇ بويىچە ئېيتقاندا ‹يېرىڭلىق ئىششىق › دەپ ئاتالغان نەرسىنى شەكىللەندۈرىدۇ .

17 . بىر ئايالنىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى پۈتۈن بەدىنى ئاجىزلاپ كەتكەن كېسەللىك ئەھۋالىدا ئازراقمۇ ياخشىلىنىش بولمىغان . پسىخىكا تەھلىلچىسى كېسەللىكنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاشقا كىرىشكەن . ئۇ دەسلەپتە بەزى تاق سۆزلەرنى ئوقوپ بېرىپ ئۇنىڭ ئىدىيەسىگە بىر قاتار ئۇقۇملارنى سىڭدۈرگەن : ئۈستەل ، كىتاب ، گىلەم ، جۇڭگولۇقلار دېگەندەك . ئۇ ‹جۇڭگولۇقلار › دېگەن سۆزنى ئوقۇغان ۋاقىتتا ، بىمارنىڭ كەيپىياتىدا تۇيۇقسىز ھەيرانلىق ئىپادىسى كۆرۈلگەن . تەھلىلچى ئۇنىڭدىن : بۇ سۆز قانداق ئىشلارنى ئېسىگە سالغانلىقىنى ، نېمە ئۈچۈن ھەيران بولغانلىقىنى سورىغان . ئۇ ئايالنىڭ ئېيتىشىچە ، بالىلىق ۋاقتىدا ، ئۇ دائىم بىر يېقىن دوستى بىلەن بىر جۇڭگولۇقنىڭ كىر يۇيۇش دۇكىنى ئەتراپىدا ئوينايدىغان بولۇپ ، ھېلىقى جۇڭگولۇق ئىشىك ئالدىدىن ئۆتكەندە ، ئۇلار دائىم ئۇنىڭغا تاش ئېتىپ پاراكەندىچىلىك سالغان . بىر كۈنى ، ھېلىقى جۇڭگولۇق تۇيۇقسىز بىر چوڭ قىڭراقنى ئېلىپ ئۇلارنى قوغلىغان ، ئۇلار قورققىنىدىن جېنى چىقىپ كەتكىلى قىل قالغان . پسىخىك تەھلىلچى كېسەللىكنىڭ سەۋەبىنى تاپقانلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈرگەن . بۇ ئىشنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايتتى . ئۇ ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ تاق سۆزلەرنى ئوقۇپ بەرگەن . ئۇ ‹سۇ › دېگەن بۇ سۆزنى ئېيتقان ۋاقىتتا ، ئايالدا يەنە قورقۇش ئىپادىسى كۆرۈلگەن بالىلىق دەۋرىدە يۈز بەرگەن ئىشنى سۆزلەپ بەرگەن . بىر كۈنى ئۇ ئىنىسى بىلەن بىرلىكتە پورتتا ئويناۋاتقان ۋاقىتتا ، ئېھتىياتسىزلىقتىن ئىنىسىنى سۇغا ئىتتىرىۋەتكەن ، ئىنىسى تۇن-

جۇقۇپ ئۆلگەن . ئۇ كۆپ يىللار ئىلگىرىكى ئىش . ئەينى ۋاقىتتا ئۇ تېخى گۆدەك ئىكەن . دوختۇر ئۇنىڭدىن هازىرغا قەدەر ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتكەن ياكى ئۇنتۇپ كەتمىگەنلىكىنى سورىغاندا ، ئۇ ئايال : «ياق ، مەن كۆپ يىللار ئىلگىرى ، بەلكىم 15 يىل ياكى 20 يىل ئىلگىرى ئەسلىگەن» ، دەپ جاۋاب بەرگەن .

18 . بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، دوختۇر ئۇنى داۋالاش-نىڭ يولىنى تاپقاندەك بولغان . ئەينى ۋاقىتتا ، ئۇ بىر ساناتورىيەدە بولۇپ بىر سېستىرا هالىدىن خەۋەر ئالىدىكەن . دوختۇر ئۇنىڭغا : مەن سېستىراغا جۇڭگولۇق ۋە ئىنىڭىز ھەققىدىكى كەچۈرمىشلەرنى سىزگە كۆندە سۆزلەپ بېرىشنى تەۋسىيە قىلىمەن . توختىماي سۆز-لەۋېرىڭ ، ھېچقانداق تەسىر قىلمىغانغا كەيپىياتىڭىزدا ھېچقانداق داۋالغۇش يۈز بەرمىگەنگە قەدەر سۆزلەڭ . ئاندىن كېيىنكى ئىك-كى- ئۈچ ھەپتە ئىچىدە مېنى ئىزدەڭ ، دېگەن . ئۇ دوختۇرنىڭ تەلىپى بويىچە ئىش كۆرگەن ، 6 - كۈنىگە قەدەم قويغاندا ، ئۇ پۈتۈنلەي ساقىيىپ كەتكەن . بۇ كەچۈرمىشنى قايتا - قايتا سۆز-لەش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ ئاشكارا ئاڭ پىسخىكىسىدا ھېچقانداق پەيدا بولمىغان . ھېچقانداق ھاياجانلىنىش ئالامىتى كۆرۈلمىگەن . بېشا-رەت يوشۇرۇن ئاڭغا بۇ ئىشلار ئۈچۈن قايغۇرمايدىغان دەرىجىدە مۇشۇنداق بىر - بىرلەپ سىڭىپ كىرىدۇ . بۇ ئارقىلىق 20 نەچچە يىل داۋاملاشقان قورقۇنچ بۇزۇپ تاشلانغان . يوشۇرۇن ئاڭدىكى كېسەللىك ھالىتى پىسخىكىدىن مۇشۇنىڭ بىلەن يوقالغان .

19 . مۇكەممەل خاتىرە يوشۇرۇن ئاڭ تەپەككۇرىدا ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ، تۇغۇلغاندىلا قوراشتۇرۇلۇپ تەييارلانغان بولىدۇ . ھەر بىر يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق ناھايىتى تەبىئىي ھالدا ئەجدادلىرىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ ، بۇ خاراكتېرلا يوشۇرۇن ئاڭغا كىرگۈزۈلىدۇ . تەنىنىڭ ھاياتى ياكى سالامەتلىكى ئۇلارغا ئېھتىياجلىق بولغاندا ئۇلار كۆكرەك كېرىپ چىقىپ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ .

20 . ئادەمنىڭ تۇغۇلۇش ، ئۆسۈش ، ياشاش ، ئۆلۈش قاتار-

www.uyghurkitap.com

لىقلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى تەبىئىي بولىدۇ. خۇددى دەرەخنىڭ چېچەكلەپ، مېۋە بېرىپ، مېۋىسىنىڭ ساپىقىدىن ئۈزۈلگىنىگە ئوخشاش. بىز مەلۇم خىل ئەھۋاللارغا ئۇچرىغاندا، يوشۇرۇن ئاڭ بىر تەرەپ قىلىدۇ. توسقۇنلۇققا ئۇچرىسىمۇ ئۇ يەنە ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ. بەزى ئىشلارنى سىز ئۇنتۇپ كەتكەن بولسىڭىزمۇ لېكىن يوشۇرۇن ئاڭ تەپەككۇرى ئۇنى يەنىلا ساقلاپ قويالايدۇ. ئاشكارا ئاڭ تەپەككۇرى مەسىلىنى ئويلاشمىغان ۋاقىتتا، يوشۇرۇن ئاڭ تەپەككۇرى بىرىنچى بولۇپ ئويغىنىدۇ.

21. بىر مەسىلىگە سەل قاراش قانداق ئىش؟ بۇنى بىلمەك تەس ئەمەس. بىز قاتتىق ئۇخلاۋاتقان ۋاقىتتا، يوشۇرۇن ئاڭ توختىماي خىزمەت قىلىدۇ ھەمدە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىدۇ؛ ئېھتىياتسىزلىقتىن نەرسىمىزنى يىتتۈرۈپ، تېرىكىپ ئاچچىقلىنىپ كەتسەكمۇ تاپالمايمىز. ئاشكارا ئاڭ ئۈمىدسىزلەنگەن ۋە ئىزدەشتىن ۋاز كەچكەن ۋاقىتتا، بىز نەرسە يىتتۈرگەن ئورۇن ناھايىتى ئاسانلا يوشۇرۇن ئاڭدا نامايان بولىدۇ.

22. سىز قانداقلىكى قىيىنچىلىققا يولۇقسىڭىز، ئاشكارا ئاڭ تەپەككۇرىڭىزنى بۇ ئىشتىن ۋاز كېچىشكە قايىل قىلالىسىڭىز، تېرىكىش، ئەنسىرەش، جىددىيلىشىش ۋە قىيىنلىشىشنى تەرك قىلالىسىڭىزلا يوشۇرۇن ئاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلىسىز. يوشۇرۇن ئاڭ داۋاملىق ساغلام ۋە ئىناق ھالەتكە مايىل بولىدۇ. مەسىلەن: سۇ ئۈزۈشنى بىلمىسىڭىز سۇدا چۆكۈپ كېتىسىز. قۇتقۇزۇش خادىمى سىزنى قۇتقۇزغىلى كەلگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭ بويىنىنى چىڭ قۇچاقلىۋالسىڭىز، ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە توسقۇنلۇق قىلىسىز، قۇتقۇزۇش ئىشى تەس بولۇپ قالىدۇ، ھەتتا قۇتقۇزۇش ئىشىغا قىيىنچىلىق ئېلىپ كېلىسىز، ھەتتا قۇتقۇزۇش ئىشى مەغلۇپ بولىدۇ. ئەمما، خاتىرجەم ھالدا ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭغا تاپشۇرسىڭىز، ئۇ سىزنى سۇ يۈزىگە ئېلىپ چىقىدۇ. جەزملەشتۇرۇشكە ئەرزىيدىغان يېرى شۇكى، ھەر قېتىملىق قىيىنچىلىقتا يوشۇرۇن ئاڭنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۇ دەل قۇتقۇزۇش

خادىمى رولىنى ئۆتەيدۇ، سىزگە ياردەم بېرىدۇ. سىز ئاشكارا ئېغىڭىزنى جىددىيلىشىشتىن توختىتىپ، ئەنسىرەشنى تۈگىتىپ، قىينىلىشتىن ۋاز كېچىشكە ئۆزىڭىزنى كۆندۈرەلىسىڭىزلا يوشۇ- رۇن ئاڭنىڭ يېتەكلىشى ئارقىسىدا قىينىچىلىقتىن قۇتۇلۇپ چىقا- لايسىز.

23. پەرەز قىلىپ باقايلى، ناۋادا ئاشكارا ئاڭ تەپەككۇرى تېرىقتەك كىچىك ئىشلارغا ناھايىتى ئاچچىقلىنىپ يۈرسە، ئۇ ھەر قېتىم ئۇ ئاچچىقلانغاندا، تەسىر يوشۇرۇن ئاڭ تەرەپكە يۆتكىلىدۇ. كەينى ـ كەينىدىن كەلگەن تەسىر يوشۇرۇن ئاڭنى پاراكەندە قىلى- ۋېتىدۇ. توختىماي تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان غەزەپلىنىشكە يوشۇ- رۇن ئاڭ ئادەتلىنىپ قالىدۇ، ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان كۈچ- مۇ بارغانسېرى ئاجىزلايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال داۋاملىشىۋەرسە، ئاشكارا ئاڭ تەپەككۇرى ناھايىتى ئاسانلا سىرتقى دۇنيادىن كەلگەن غىدىقلىنىشنىڭ تەسىرىگە ۋە ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ئادەت- نىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، تەسىر ۋە ئەكس تەسىرنىڭ نەتىجىسىدە، ھامان غەزەپلىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ. غەزەپلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ناھايىتى تەسلىشىپ كېتىدۇ. ئاشكارا ئاڭ تەپەككۇرنىڭ ھەر قېتىملىق خاپا بولۇشى يوشۇرۇن ئاڭغا نورمىدىن ئارتۇق تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ تەسىر يەنە خاپا بولۇشقا تۈرتكە بولۇپ ناچار دەۋرلىنىش يۈز بېرىدۇ.

24. غەزەپلىنىش بىر خىل بىنورمال ھالەتكە تەۋە، ھەر قانداق بىنورمال ھالەتنىڭ ئۆزى جازالاشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. بەدەندىكى مەلۇم ئىممۇنىتېت كۈچى (ئەڭ ئاجىز) جايدا، بۇ خىل جازالاش ناھايىتى تېزلىكتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسى- لەن: ئاشقازىنىڭىز ياخشى بولمىسا، جىددىي خاراكتېرلىك ھەزىم قىلىش ناچارلىشىش كېسىلىگە گىرىپتار بولىسىز، ئاخىرىدا ئاستا خاراكتېرلىك تۈسنى ئالىدۇ. بەزى ئادەملەر بىرايىت كېسىلىگە، يەنە بەزىلەر رېماتىزم كېسىلىگە ئوخشاش كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىدۇ.

25 . ناھايىتى ئېنىقكى ، ئۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى نەتىجە-
سەۋەب يوقىتىلسىلا ، نەتىجىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ يوقىلىدۇ . ناۋادا
سىز (خىيال ) ، سەۋەب ـ ھالەت ـ نەتىجە ئىكەنلىكىنى بىلىسى-
ڭىز ، دەرھال ئۆزىڭىزنى كونترول قىلىدىغان ئۇيىنى بەلگىلەيسىز ،
غەزەپلىنىش ۋە باشقا ناچار پسىخىكا ئادەتلىرىنى يوقىتىسىز ؛ ھە-
قىقەتنىڭ ئۆزى تەدرىجىي ئېنىق ۋە مۇكەممەل بولغان ۋاقىتتا ،
ئادەت ھەمدە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەر بىر ئىش يوقىلىدۇ
ھەمدە (كونا ئادەت ) مۇ ئۈن ـ تىنسىز ھالدا ۋەيران قىلىنىدۇ .
26 . غەزەپلىنىشلا شۇنداق بولۇپ قالماستىن ، قورقۇش ،
ھەسەت قىلىش ، ئالداش ، جىنسىي ھەۋەس ، ئاچ كۆزلۈكنىڭ
ھەممىسى شۇنداق بولىدۇ ، ھەممىسى يوشۇرۇن ئاڭغا ئۆزگىرىپ
ئەڭ ئاخىرىدا بەدەندە مەلۇم خىل كېسەللىك ھالىتىنى پەيدا قىلى-
دۇ . تەجرىبىلىك پسىخىكا تەھلىلچىسى كېسەللىكنىڭ ئالاھىدىلى-
كىگە ئاساسەن كېسەللىك سەۋەبىنى تېپىپ چىقىدۇ .
27 . «بىزنىڭ يوشۇرۇن ئاڭ تەپەككۇرىمىز» دېگەن كىتابتا
فىردىرىك . پىرىس بىزگە مۇنداق دەيدۇ : ھەممىگە مەلۇمكى ،
بارلىق شەيئىلەر ئازدۇر ـ كۆپتۇر بېشارەتنىڭ تەسىرىگە ئاسانلا
ئۇچرايدۇ . بېشارەتكە ھەم ئىجابىي ، ھەم سەلبىي ئىنكاس بىلدۈرى-
دۇ ، ھەم قوبۇل قىلىدۇ ، ھەم قارشىلىق كۆرسىتىدۇ . بىز بۇ
يەردە يوشۇرۇن ئاڭغا مەنسۇپ بولغان بىر خىل تىزگىنلەش كۈچى-
نى بايقايمىز . جىنايەتچىگە نىسبەتەن ، مەلۇم خىل جىنايەتنىڭ
يامرىشى بېشارەتكە بولغان تەقلىدىي ئىنكاسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .
گېزىتتىكى تەپسىلىي خەۋەر ، تەرەپ ـ تەرەپتىن ئېلىپ بېرىلغان
زوراۋانلىققا ئالاقىدار مۇھاكىمىلەر شۈبھىسىزكى مۇشۇ خىل بېشا-
رەتنى سىڭدۈرىدۇ . شۇڭلاشقا كۈچلۈك ئىپتىدائىي ھېسسىيات ئويى-
غىتىلىپ ئەڭ دەسلەپكى يوشۇرۇن ئاڭنىڭ تىزگىنلەش كۈچى (بۇ
خىل تىزگىنلەش كۈچى جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئېھتىماللىقى بولغان
ئادەمدە ئادەتتىكى ئادەمگە قارىغاندا ئاجىزراق ئىپادىلىنىدۇ ) يوشۇ-
رۇن ئاڭدا توختاپ قالىدۇ ھەمدە ئۈزلۈكسىز چوڭىيىپ ئاخىرىدا

ناھايىتى قۇدرەتلىك تۇس ئالىدۇ ، كۈچلۈكلۈك جازالاشقا بولغان قورقۇنچتىن غالىب كېلىش دەرىجىسىگە يېرىپ يېتىدۇ . بۇ ئارقىلىق ئادەمنىڭ ھەرىكىتى پۈتۈنلەي كونترول قىلىنىپ ، جىنايەت شەكىللىنىدۇ ، ئادەتتىكى ئادەملەردە تېخىمۇ كۈچلۈك يوشۇرۇن ئاڭ تىزگىنلەش كۈچى بار . گەرچە ئوخشاش بېشارەتكە يولۇقسىمۇ ، پاسسىپ ئىنكاس قايتۇرىدۇ . ھەم غەزەپلىنىش ، ھەم ئۇمىد ئارقىلىق جىنايەت جازالىنىدۇ . ئويغىتىلغان ئىپتىدائىي ھېسسىيات ئېنېرگىيە چىقارسا ئاخىرىدا جىنايەت يولىغا قەدەم تاشلاش زادىلا يۈز بەرمەيدۇ . بۇ ئەھۋالغا قارىتا ، ناھايىتى قىزىقارلىق بىر ھادىسىنى بايقايمىز : كىشىلەر دائىم جىنايەتتىن كۈچلۈك بولغان ئىپتىدائىي زوراۋانلىق (مەجبۇرلاش كۈچى ) ئارقىلىق جازالاش ئېلىپ بارىدۇ . بۇ خىل ھادىسە روھىي ئانالىزچىلارنىڭ نەزەرىدە ئەمەلىيەتتە شەخسنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىنى تىزگىنلەش كۈچىنى كۈچەيتىدىغان بىر خىل ئۇسۇل دەپ قارىلىدۇ .

ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە بارلىق ئىدىيەنى كىشىلەر تالاي قېتىم ئويلىغان : لېكىن ئىدىيە ھەققى ئۆزىگە ئايلانغاندا ، بىز سەمىمىيلىك بىلەن ئىدىيەنى ئىدىيە تەجرىبىلىرىمىزدە يىلتىز تارتقانغا قەدەر قايتا ئويلىشىشىمىز كېرەك .

گيوتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 13 ـ ساۋاق : گۈزەل روھىي كارتىنىنى خىيال قىلىڭ

1 . بارلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كۆپ يىللار ئىلگىرىلا پسىخولوگىيە دەرسىنى تەسىس قىلغان ، پسىخولوگىيە پېنىنى تەتقىق قىلىش بارغانسېرى مۇھىم بولۇپ قالغان . پسىخولوگىيە پېنىنىڭ مەزمۇنى شەخسنىڭ ئىچكى كۆزىتىش ۋە تەھلىل قىلىش ، تونۇش ۋە تۇرگە ئايرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . لېكىن بۇ پەن شەخسنىڭ ياكى ئاشكارا ئاڭنىڭ ئۆزلۈك ئاڭ تەپەككۇرىنىڭ بارلىق مەزمۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ بولالمىغان ئىدى .

2 . يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ، ئالىملار ھەيرانلىق ئىلكىدە مۇنۇلارنى بايقىغان : بوۋاق تېنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ناھايىتى مۇرەككەپ ، ناھايىتى تەرتىپلىك ھەرىكەت ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولىدۇ ، لېكىن ، بوۋاقنىڭ ئاشكارا ئاڭ تەپەككۇرى بۇ پائالىيەتلەرنى تونۇيالمايدۇ ھەم بۇ خىل ھەرىكەتنى پەيدا قىلالمايدۇ ، ياكى بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ ، شۇنداقلا بۇ ھەرىكەتنى پىلانلاشنىمۇ ئۇقمايدۇ ، لېكىن بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئەقلىي ئىقتىدار نامايان قىلىنغان بولۇپ ، بۇ ناھايىتى مۇرەككەپ ، ناھايىتى تەرتىپلىك ئەقلى ئىقتىدار ھېسابلىنىدۇ . كۆپ خىل ئەھۋاللاردا ، بوۋاقنىڭ ئەتراپىدىكى ھېچقانداق ئادەم تەندىكى ھاياتلىقنىڭ ناھايىتى مۇرەككەپ جەريانىدا زادى نېمە يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئازراقمۇ بىلمەيدۇ .

3 . ئادەم بەدىنىدە يۈز بېرىۋاتقان يۈرەكنىڭ سوقۇشى ، يېمەكلىكنىڭ ھەزىم بولۇشى ، بەزىنىڭ سۇيۇقلۇق ئاجرىتىپ چىقىرى-

شى ، مىتابولىزىم قاتارلىق بارلىق مۇرەككەپ جەريانلارنى ئەستاي-
دىل تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ، ئالىملار مۇنداق يەكۇنگە ئېرىش-
كەن : ئادەم بەدىنىدىكى بىر خىل ناھايىتى يۇقىرى ئەقىلىي ئىقتى-
دارغا ئىگە تەپەككۇر بۇيرۇقى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى خۇددى بىر
كۆرۈنمەس كۈچ ـ قۇدرەتكە ئوخشايدۇ . بۇ ئادەم تېنىنى تەشكىل
قىلىدىغان مىليونلىغان ھۈجەيرە ئىچىدە رولىنى جارى قىلدۇرۇ-
ۋاتقان كۈچ بولسا دەل تەپەككۇردىن ئىبارەت . تېخىمۇ توغرا قىلىپ
ئېيتقاندا ئۇ يوشۇرۇن ئاڭ . چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئاتالمىش «ئېڭى-
مىزنىڭ» سىرتقى قىسمىدا ئۆزىنى بىلىندۇرمەي ئۆزىنىڭ رولىنى
جارى قىلدۇرىدۇ .
4 . تەتقىق قىلىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن ، ئالىملار يوشۇ-
رۇن ئاڭ تەپەككۇرىنى ئىككى قاتلامغا بۆلگەن . بىرىنچى خىل
قاتلامدىكى يوشۇرۇن ئاڭ ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزى بىلەن باغلىنىش-
لىق . مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇ ئۆزىگە ئادەمنىڭ يوشۇ-
رۇن ئېڭى دەپ قارىلىدۇ ، لېكىن تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلامدىن ئېلىپ
ئېيتقاندا ، ئۇ يەنە ئاتالمىش «ئۇنىۋېرسال يوشۇرۇن ئاڭ»نى قو-
شۇۋالغان ياكى «ئالەملىك ئاڭ»نى قوشۇۋالغان . بۇ مەسىلىنى
چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن مۇنداق ئوبرازلىق بىر مىسالنى كەلتۈرۈشكە
بولىدۇ : سىز مىچىگان كۆلىدىكى جىلغىلاردىن ھالقىپ كېتىدىغان
دولقۇنلارنى ئويلاپ بېقىڭ ، ئۇلار نۇرغۇنلىغان يەككە يوشۇرۇن
ئاڭغا ۋەكىللىك قىلىدۇ ؛ ئۇنىڭدىن كېيىن ، سۇنىڭ يەنە باشقا سۇ
يۈزى بىلەن ئوخشاش ئېگىزلىكتىكى سۇ يۈزىنى ئويلاپ بېقىڭ .
مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، بۇلار دولقۇنغا ئەگىشىپ يۆتكىلى-
دۇ . (قارىماققا) باشقا سۇ يۈزى بىلەن ھېچقانداق پەرقى يوق ،
لېكىن ئاستىنقى قىسمى ئەڭ چوڭقۇر قاتلامدىكى يۆتكەلمەيدىغان
ھەجىمى چوڭ سۇنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان بولۇپ ، ئۇلارنى ئېنىق
ئاجراتماق قىيىن . ئۇنداقتا كۆلدىكى بۇ ئۈچ قاتلاملىدىكى سۇ
سىزنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىڭىزنى ) ، يەككە يوشۇرۇن ئېڭىڭىزنى ۋە
ئۇنىۋېرسال يوشۇرۇن ئېڭىڭىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . ئەمدى

بىز ئالەملىك ئاڭدىن شەخسنىڭ يوشۇرۇن ئېڭى، شەخسنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىن ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىنى بىلدۇق.

5 . ھەر بىر ئادەم گۆدەك باللىق دەۋرىدە، ئۆزىنىڭ بارلىق ھەرىكىتىنى يوشۇرۇن ئاڭ كونترول قىلىدۇ. يېشىنىڭ چوڭىيىشى ۋە تەپەككۇرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئاشكارا ئاڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلەشكە باشلايدۇ. كىشىلەر بىلىپ - بىلمەي ئاڭلىق ئاڭغا ئىگە بولىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئاشكارا ئاڭ قائىدىسىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ قائىدىلەر ھەققانىيەت، ئاق كۆڭۈللۈك، سەمىمىيلىك، پاكلىق، ئەركىنلىك، مېھىر - شەپقەت قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنى بۇلار بىلەن بىرلەشتۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ كونترول قىلىشىغا بارغانسېرى ئۇچرايدۇ. ئاشكارا ئاڭ تەدرىجىي يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

6 . ئۆسۈپ يېتىلىش ئۇچۇن تىرىشمايدىغان، ئۆسۈپ يېتىلىشنىڭ ئىنچىكە تەپسىلاتلىرىغا دىققەت قىلمايدىغان ئادەم يوق. چۈنكى ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى بىر يوشۇرۇن ئاڭ جەريانى. بىز ھەرگىز ئاڭلىق ھالدا ھاياتلىق جەريانىنى باشتىن كەچۈرمەيمىز. بارلىق مۇرەككەپ تەبىئىي جەريان - يۈرەكنىڭ سوقۇشى، يېمەكلىكنىڭ ھەزىم بولۇشى، بەزلەرنىڭ سۈيۇقلۇق ئاجرىتىپ چىقىرىشى، يۇكسەك تەرەققىي قىلغان پىسخىكا، بولارنىڭ ھەممىسىگە ئەقلىي ئىقتىدار ئېھتىياجلىق. شەخسنىڭ ئېڭى ياكى تەپەككۇرى بۇ مۇرەككەپ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلار ھەممىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۇنىۋېرسال ئىدىيە تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدۇ. بۇ خىل ئۇنىۋېرسال ئىدىيە شەخسنىڭ تېنىدە بىز بۇنى يوشۇرۇن ئاڭ دەپ ئاتايمىز. تەپەككۇر بىر خىل روھىي پائالىيەت، تەپەككۇر ئىجادچانلىقتا ئىگە. شۇڭلاشقا يوشۇرۇن ئاڭ تەپەككۇرى بارلىق ھاياتلىق فۇنكسىيەلىرىنى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى كونترول قىلىپلا قالماي، ئۇ يەنە ئەسلىمە ۋە ئادەتنىڭ قونالغۇسىدۇر.

7 . «ئورتاق ماس كېلىدىغان ئىدىيە» بەزىدە دەرىجىدىن تاشقىرى ئاڭ يۇكسەك ئاڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ . بەزىدە «ئىلاھىنىڭ تەپەككۇرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ . يوشۇرۇن ئاڭ بەزىدە سۇبيېكتىپ تەپەككۇر ، ئاشكارا ئاڭ ئوبيېكتىپ تەپەككۇر دەپ ئاتىلىدۇ . لېكىن ، ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەككى ، سۆز پەقەت ئىدىيە قاچىلايدىغان ئىدىش ، لېكىن تىلىنىڭ ئۆزىدە ئىدىيە يوق ، «كۆرەڭلەپ خۇدىنى بىلمەي سۆزلەش» دەل مۇشۇ تەرەپنى بىلدۈرىدۇ .

8 . يوشۇرۇن ئاڭنىڭ «يوشۇرۇن» ئاڭ دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ رولىنى كۆرگىلى بولمايدۇ . بۇ خىل ئاڭنىڭ تەسىرى ئۈزلۈكسىز يۈز بەرگەندە ، بىز دائىم دېگۈدەك ئۇنى تولۇق ھېس قىلالمايمىز . شۇ تۈپەيلى ، ئۇ تەپەككۇرنىڭ يوشۇرۇن ئاڭ قىسمى دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ ئارقىلىق ئاشكارا ئاڭ قىسمىدىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ . بۇ قىسمى بىز ھېس قىلالايدىغان ھېسسىي تونۇش ئارقىلىق رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ . بىز ئۇنى «ئۆزلۈك ئېڭى» دەپ ئاتايمىز . ئاشكارا ئاڭ مۇلاھىزە ، تونۇش ، ئارزۇ - ئۈمىد ۋە تاللاشنىڭ تەسىرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . «ئۆزلۈك ئېڭى» دەل شەخسنىڭ ئۆزىنىڭ ئويلىنىش ، تونۇش ، ئۈمىد - ئارزۇ ۋە تاللاشنى بىلىش ئۈچۈن ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئىقتىدارى . چوڭ مېڭە ئاشكارا تەپەككۇر قىلىدىغان ئەزا . مېڭە - يۇلۇن نېرۋا سىستېمىسى بولسا ئاشكارا ئاڭ تەپەككۇرنىڭ بەدەننىڭ بارلىق قىسىملىرى بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدىغان نېرۋا سىستېمىسى .

9 . پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىككى نېرۋا سىستېمىسى — مېڭە - ئومۇرتقا نېرۋا سىستېمىسى بەدەندە سىمپاتىك نېرۋا سىستېمىسى بەدەندە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىگەن ئورنى بار ھەمدە ئۆزىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ . ئۇلار بىرلىكتە ئىككى خىل تەپەككۇر ئۈچۈن تولۇق تەييارلىق ھالىتىدە تۇرىدۇ .

10 . ئادەم بەدىنىدىكى ئوخشىمايدىغان ۋەزىپىنى ئۆتەيدىغان باشقا ئەزا ۋە سىستېمىغا ئوخشاش بۇ ئىككى خىل نېرۋا سىستېمى-

سىنىڭ فۇنكسىيەسى ۋە ھەرىكىتى ئوخشاش بولمايدۇ . مېڭە ـ ئومۇرتقا نېرۋا سىستېمىسى ئۆزلۈك ئېڭىغا خاس ، سىمپاتىك نېرۋا سىستېمىسى يوشۇرۇن ئاڭنىڭ سەزگۇ ۋە كەيپىيات بىلەن مۇناسىۋەت ساقلايدىغان قورال . شۇڭلاشقا ، يوشۇرۇن ئاڭ ئەقىل ـ ئىدراكقا ئەمەس ، بەلكى كەيپىياتقا نىسبەتەن ئىنكاس قايتۇرىدۇ ، چۈنكى كەيپىيات ئەقىل ـ ئىدراكتىن كۆپ كۈچلۈك . شۇڭلاشقا ، شەخسنىڭ ئېڭى قوللىنىدىغان ھەرىكەت داۋاملىق ئەقىل ـ ئىدراك چىقارغان بۇيرۇق بىلەن ئەكسىچە يول تۇتىدۇ .

11 . لېكىن بۇ ئىككى سىستېما پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كەتمىگەن ، ھېچقانداق مۇناسىۋەتسىز ئەمەس ، ئەكسىچە ئىككى سىستېمىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن ئۆز ئارا تەسىر قىلىدىغان گىرەلەشمە مۇناسىۋەت . ئاشكارا ئاڭ بىلەن يوشۇرۇن ئاڭ پەقەت تەپەككۇرغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تەسىرنىڭ ئىككى تەرىپى . يوشۇرۇن ئاڭ بىلەن ئاشكارا ئاڭنىڭ مۇناسىۋىتى فىلىوگىر (شامال يۆلىنىشىنى ئۆلچەش تاختىسى ) بىلەن ئاتموسفېرانىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ . ئاتموسفېرادىكى ئىنچىكە ئۆزگىرىشلەرمۇ شامال يۆنىلىشىنى ئۆلچەش تاختىسى (فىلىوگىر ) دا ئىپادىلىنىدۇ . ئاشكارا ئاڭ تەپەككۇردىكى ناھايىتى كىچىك ئادەتتىكى ئويمۇ ئاشكارا ئاڭ تەپەككۇردا مۇناسىپ ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ . بۇ ئۆزگىرىشلەر بىلەن ئاشكارا ئاڭ ئوي ـ پىكىردە ھېس قىلغان چوڭقۇرلۇق ھەمدە بۇ ئوي ـ پىكىرگە يول قويۇشتىكى كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ئوڭ تاناسىپ . شۇڭلاشقا ئىككى خىل تەپەككۇرنىڭ فۇنكسىيەسى ۋە ھەرىكىتى ئوخشاش بولماسلىقى بىلەن بىرلىكتە ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى ئېنىق بىر ھەرىكەت لىنىيىسى مەۋجۇت . يەنى ئۆز ئارا پەرقلىنىدۇ ھەم مۇناسىۋىتى قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىردەكلىك قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ .

12 . يوشۇرۇن ئاڭ تەپەككۇرنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ، شەخسنىڭ ھاياتى ۋە سالامەتلىكىنى قوغداش . شۇڭلاشقا ، ئۇ بارلىق ئاپتوماتىك فۇنكسىيە — قان ئايلىنىش ، ھەزىم قىلىش ،

مۇسكۇلنىڭ ھەرىكىتى قاتارلىق فۇنكسىيەلەرنى نازارەت قىلىپ باشقۇرىدۇ. يېمەكلىكنى بەدەننى قۇرۇشقا ماس كېلىدىغان ماتېرىيالغا ئايلاندۇرىدۇ ھەمدە ئېنېرگىيە شەكلى ئارقىلىق ئاڭلىق ئادەمگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئاڭلىق ئادەم ئەقلىي ئىقتىدار ۋە جىسمانىي پائالىيەت داۋامىدا بۇ ئېنېرگىيەدىن پايدىلىنىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئاڭ ئىقتىدارى تەمىنلىگەن نەرسىنى پۈتۈنلەي سەرپ قىلىپ بولىدۇ.

13. ئوقۇرمەنلەرنىڭ يوشۇرۇن ئاڭنىڭ تەرتىپ بويىچە تۈپلىنىدىغان رولىنى تېخىمۇ تولۇق چۈشىنىشى ئۈچۈن بۇنى تۆۋەندىكى ئۇسۇل بويىچە چۈشەندۈرىمىز. پەرەز قىلىپ باقايلى، سىز بىر داس سۇ ئەكىلىپ، بىر كىچىك تاياقچە بىلەن داستىكى سۇنى ئېلەشتۈرۈڭ، دەسلەپتە تاياقچە ئەتراپىدىلا دولقۇن ھاسىل بولىدۇ، سىز بۇ ھەرىكەتنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرسىڭىز، سۇ سىزنىڭ تاياقچا چۈشۈرگەن كۈچىڭىزنى ئاز ـ ئازدىن تۈپلايدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي سىز داستىكى ھەممە سۇنى ئايلاندۇرالايسىز. بۇ ۋاقىتتا، تاياقچىنى قويۇپ بەرسىڭىز سۇ بۇ سۇنى چالغىتقان تاياقچە بىلەن تەڭ چۆرگىلەيدۇ؛ ناۋادا تاياقچىنى تۇتۇۋېلىپ سۇدا تىك تۇرغۇزسىڭىز، سۇنىڭ كۈچىنى ھەقىقىي ھېس قىلالايسىز. سۇ سىزنىڭ چۈشۈرگەن قارشىلىق كۈچىڭىزنى يېڭىشكە، ھەتتا تاياقچە بىلەن بىللە ئالدىغا ئىتتىرىشكە تىرىشىدۇ. سۇنىڭ كۈچىنى يەنىمۇ مۆلچەرلەش ئۈچۈن، سۇنى ئېلەشتۈرگەندىن كېيىن، يەنە ئېلەشتۈرگىنىڭىز كەلمىسە ياكى قارشى يۆنىلىشتە چۆرگىلەتسىڭىز، تاياقچە بىلەن كۈچلۈك قارشىلىق كۈچنى بايقايسىز. چۆرگىلەۋاتقان سۇنى توختىتىشقا ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى، قارشى يۆنىلىشتە چۆرگىلەتسىڭىز قارشىلىق كۈچنىڭ تېخىمۇ چوڭ، كېتىدىغان ۋاقىتنىڭ تېخىمۇ ئۇزاق ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. دەسلەپتە سىز ئازراقلا كۈچ بىلەن داستىكى سۇنى چالغىتسىڭىزمۇ، لېكىن سۇ سىز چۈشۈرگەن كۈچنى توپلىغاندىن كېيىن ناھايىتى كۈچىيىپ كېتىدۇ.

14 . يۇقىرىقى تەجرىبىدىن بىز مۇنداق يەكۈنگە ئاسانلا ئېرىد-
شىمىز : ئاشكارا ئاڭ تەپەككۇرىنىڭ نېمە قىلىشىدىن قەتئىينەزەر ،
ناۋادا تەكرار ئىشلەۋەرگەندە ، يوشۇرۇن ئاڭ ئۇنى يىغىدۇ ھەمدە
(يىغىندى كۆچكە ئايلىنىدۇ) . خۇددى داستىكى سۇغا ئوخشاش ،
يوشۇرۇن ئاڭ قوبۇل قىلغان ھەر قانداق تەجرىبە داۋالغۇيدۇ . ناۋادا
ئۇنىڭغا باشقا ئوخشاش تۈردىكى تەجرىبىنى قاتسىڭىز ، ئۇ بۇنى
ئالدىدىكى تەجرىبىنىڭ ئۈستىگە قاتىدۇ . ئىزچىل ھالدا توپلايدۇ .
ئاز - ئازدىن توپلاپ كۆپىيىپ ئەڭ ئاخىرىدا ئادەمنى ھەيران
قالدۇرىدىغان ئۈنۈمنى پەيدا قىلىدۇ . ھەر قانداق قاتلامدىكى ھەرىد-
كەت پەقەت ئىنسانىيەتنىڭ ئاشكارا ئېڭىنىڭ دائىرىسىگە كىرسىلا
مۇشۇنداق بولىدۇ . ھەر قانداق تەجرىبە مەيلى بىزگە پايدىلىق ياكى
زىيانلىق بولسۇن ، ياخشى ياكى يامان بولسۇن ، مۇشۇ قانۇنىيەتكە
ئۇيغۇن كېلىدۇ . يوشۇرۇن ئاڭ بىر خىل ئاڭنىڭ پائالىيىتى . ئاڭ
بولسا ئىجادچانلىققا ئىگە . شۇڭلاشقا يوشۇرۇن ئاڭ ئاشكارا ئاڭ
قوبۇل قىلالايدىغان ئادەت ، ھالەت ۋە مۇھىتنى يارىتىدۇ ھەمدە
ئاشكارا ئاڭنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاساس ھازىرلاپ
بېرىدۇ .

15 . ناۋادا سىز ئالمىدىن ھوسۇل ئالماقچى بولسىڭىز ئالدى
بىلەن ئالمىنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىشىڭىز كېرەك . بۇ قانۇنىيەت يۇقىد-
رى - تۆۋەن ياكى ئالىيجاناب پەس دەپ ئايرىلمايدۇ . ھەممىگە
ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ . ناۋادا مەقسەتلىك ھالدا سەنئەت ،
مۇزىكا ۋە ئەتتىكا ھەمدە ھەقىقەت ئالىيجانابلىق بىلەن مۇناسىۋەتد-
لىك ئوي - پىكىرنى قوبۇل قىلساق ، ئۇنداقتا ئوي - پىكىرنىڭ
يوشۇرۇن ئاڭدا يىلتىز تارتقانلىقىنى بايقايمىز . تەجرىبىمىز ۋە
مۇھىتىمىز ئاشكارا ئاڭ تەپەككۇرى قوبۇل قىلغان ئوي - پىكىر-
نىڭ ئىنكاسى بولۇپ قالىدۇ . ناۋادا ئۆچمەنلىك ، ھەسەت قىلىش ،
ھېرىسمەنلىك ، ساختا ئالىيجانابلىق ، كېسەللىك ۋە باشقا ھەرقاند-
داق تۈردىكى نادانلىق ياكى چەكلىمىلىككە ئىگە ئوي - پىكىرنى
قوبۇل قىلساق ، تەجرىبىمىز ۋە مۇھىتىمىزنىڭ پىروېكتورىيىگە

ئوخشاش ئىدىيىمىزدە تەسۋىر ھاسىل قىلغانلىقىنى بايقايمىز .
بىز ئۆزىمىز خالىغانچە مۇلاھىزە قىلالايمىز . لېكىن بىزنىڭ مۇلاھىزىمىزنىڭ نەتىجىسى بىر مەڭگۈلۈك قانۇنىيەتنىڭ كونترول قىلىشىغا ئۇچرايدۇ . كونىلار مۇنداق ئېيتقان : «ئىشلار ياخشى يامان دەپ ئايرىلمايدۇ ، بۇ ئۆزىڭىزنىڭ قانداق ئويلىشىڭىزغا باغ-لىق . سىز قوغۇن تېرىسىڭىز پۇرچاق ئالمايسىز ، پەقەت ياخشىلىق قىلساق ياخشىلىق ، يامانلىق قىلساق يامانلىق يانىدۇ» بۇ مەڭگۈ ئۆزگەرمەس تەبىئىي قانۇنىيەت .
16 . ئادەمنىڭ ئىدىيە سىستېمىسى بىر سۇزگۈچكە ئوخشاي-دۇ . ئاڭ دائىرىسىگە كىرمەكچى بولغان ھەر قانداق ئوي - پىكىر ناۋادا بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرگە ئىگە بولسا ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئورنىنى ناھايىتى تېزلا ئىجادىي خاراكتېرلىك ئوي - پىكىر ئىگىلەيدۇ . چۈنكى ئىككى خىل ئىش ئوخشاش زامان ۋە ماكاندا بىرلا ۋاقىتتا يۈز بەرمەيدۇ . ئىشلارمۇ شۇنداق بولىدىكەن ئىدىيەمۇ ھەم شۇنداق بولىدۇ . خۇددى ئاندىرسوننىڭ كېسىپ ئېيتقىنىدەك «مەن مۇ-كەممەل ، تولۇق ، كۈچلۈك ، قۇدرەتلىك ، قىزغىن ئىناق ھەم بەختلىك» . ياكى كۇر دوختۇرنىڭ كېسىپ ئېيتقىنىدەك : ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ، مەن ھەر قايسى تەرەپلەردە بارغانسېرى ياخشى بولۇپ كېتىپ بارىمەن .
17 . بىز ئاندىرسون ۋە كۇر دوختۇرنىڭ ئېيتقانلىرىنى كاللى-مىزدا چىڭ ساقلاپ توختىماي تەكرارلىساق ، ئۇلار ئۆزلۈكىدىن ياكى ئىختىيارسىز ئاڭغا ئايلىنىدۇ . ساغلاملىق ئەھۋالى پەقەت روھىي ھالەتنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى . شۇنى كۆرۈۋېلىش ئاسان-كى ، مەقسەتلىك ھالدا ئۆز - ئۆزىگە كېسىپ ئېيتىلغان سۆزلەردە ئىپادىلەنگەن ئىدىيە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھالەت ۋە مۇھىتىمۇ يېڭى ئوي - پىكىر بىلەن بىردەك بولۇشقا ئۈندەيدۇ .
18 . ئوخشاش پىرىنسىپنى قوللانغاندا ئوخشىمايدىغان نەتىجى-گە ئېرىشكىلى بولىدۇ . بەزى ئادەملەر بۇ نەزەرىيە بويىچە ئىش كۆرۈپ بۇ ھۆكۈمنىڭ ئىلمىيلىكىنى ئىسپاتلىدى . بۇنىڭدىن شۇنى

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ناۋادا سىز كىشىنى قانائەتلەندۈرەلمەيدىغان ئەھۋالنى ئىنكار قىلسىڭىز، ياخشى بولمىغان ئەھۋالغا كاللا قاتۇرۇش ئويىڭىزدىن ۋاز كەچسىڭىز، تەدرىجىي ھەم تەبىئىي ھالدا بۇ خىل ئەھۋاللارنى تۈگىتەلەيسىز. ئىدىيىڭىزدىكى ئىجادچانلىق خاراكتېردىكى كۈچ — قۇدرەتنى بۇ خىل ھالەتلەردىن چېكىندۈرۈپ چىقىپ كېتەلەيسىز. سىز ئۇلارنى يىلتىزىدىن يوق قىلىپ ئۇلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تۈگىتىپ، ئەڭ ئاخىرىدا نەزىرىڭىزدىن يوق قىلىسىز.

19. بەزى ھەرىكەتنىڭ ئۇنۇمى كېيىن كۆرۈلىدىغان بولۇپ ھەر دائىم كۆرۈلمەيدۇ. ئۆسۈپ يېتىلىشنىڭ قانۇنىيىتى ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى بارلىق ئىپادىلەرنى مۇقەررەر كونترول قىلىدۇ. شۇڭلاشقا بىر تۈپ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى كېسىۋېتىلگەندىن كېيىن بىر مەزگىل يېشىل ھالىتىنى ساقلايدۇ. لېكىن ئۇ تەدرىجىي سولىشىپ ئاخىرىدا قۇرۇپ قالىدۇ. بۇ جەريان بىزنىڭ تەبىئىي ھالدا قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل تەرەپكە ئېغىشىمىز بىلەن پۈتۈنلەي قارىمۇقارشى. شۇڭلاشقا ئۇ پۈتۈنلەي قارىمۇقارشى نەتىجە ئېلىپ كېلىدۇ. كۆپ ساندىكى كىشىلەر دىققىتىنى ئۆزىنى نارازى قىلغان ئەھۋالغا مەركەزلەشتۈرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ناھايىتى ساغلام ئۆسۈشكە ئېھتىياجلىق بولغان ئېنېرگىيە ۋە ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كېلىدۇ ھەمدە ئادەمنى ئۆزگە پايدىسىز بولغان مۇھىتنى تىرىشىپ ئۆزگەرتىشكە ئۈندەيدۇ.

سالامەتلىك ھالىتى روھىي ھالەتنىڭ سىرتقى ئىپادىسى، ئاڭ ئارقىلىق قەلبىگە دېيىلگەن سۆزلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ئىدىيە، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھالەت، مۇھىت ۋە يېڭى ئوي — خىيال بىلەن بىردەك بولۇشقا باشلايدۇ.

## 14 ـ ساۋاق : سىزنىڭ ئارزۇ قىلغىنىڭىز دەل سىزنىڭ ئېرىشىدىغىنىڭىزدۇر

1 . ئىجاد قىلىش بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزنىڭ ئاساسى تېمىسى بولۇپ قالدى ، ئىجادچانلىق ئۆزئارا ماس كېلىدىغان كۆچنى بەلگىلىك نىسبەت بويىچە بىرىكتۈرىدىغان سەنئەت . مەسىلەن . ئوكسىگېن بىلەن ھىدروگېن بەلگىلىك ماس نىسبەت بويىچە بىرىكىپ سۇنى ھاسىل قىلىدۇ . ئوكسىگېن ۋە ھىدروگېن كۆرۈنمەيدىغان گاز جىسىم ، لېكىن سۇ كونكرېت كۆرگىلى بولىدىغان نەرسە .

2 . مۇتەپەككۇر ئوتتۇرىغا قويغان بىر ئوي ـ پىكىر ئۇنىڭغا نىسبەتەن يېقىن بولغان باشقا ئوي ـ پىكىرگە يولۇققاندا ، بۇ ئىككى خىل ئوي ـ پىكىر بىرىكىپ شۇ ئوي ـ پىكىرگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئوي ـ پىكىرنى جەلپ قىلىدىغان باشقا بىر يادرونى ھاسىل قىلىدۇ . بۇ يادرو چىقارغان چاقىرىق شەكىلسىز ئېنېرگىيەنى شەكىللەندۈرىدۇ . بۇنىڭدىكى بارلىق ئوي ـ پىكىر بىلەن بارلىق شەيئى بىرىكىپ ناھايىتى تېزلا ھالەتنىڭ «چاپىنىنى» بارلىققا كەلتۈرىدۇ . بىز ھالەت بىلەن مۇتەپەككۇر ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان خاراكتېر ئالاھىدىلىك بىردەكلىكىگە ئىگە . لېكىن دەسلەپكى ۋاقىتتىكى ھالەتكە قارىغاندا تېخىمۇ سىستېمىلىق ، تېخىمۇ بەكرەك قايىل قىلىش كۈچى بولىدۇ .

3 . جەڭ مەيدانىدا بەلكىم ئۆلۈم ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە جان تالىشىۋاتقان 1 مىليون كىشى ئۆچمەنلىك ۋە ئۈمىدسىزلىك ئويىغا كەلگەن بولۇشى ، باشقا 1 مىليون ئادەم بەلكىم «يۇقۇملۇق زۇكام كېسەللىك باكتېرىيەسى» دىن يۇقۇملىنىپ ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن . پەقەت تەجرىبىسى مول روھىي جەھەتتىن داۋالاش مۇتە-

خەسسىسى بۇ خىل ئەجەللىك باكتېرىيەسىنىڭ قاچان، قانداق شارائىتتا پەيدا بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەمما باكتېرىيە ھاياتىي كۈچكە ئىگە، شۇڭلاشقا ئۇلار ئېنىقكى مەلۇم خىل جىنىس بار ياكى ئەقلىي ئىقتىدارغا ئىگە نەرسىنىڭ مەھسۇلى. روھ پەقەت ئالەمدىكى ئىجادىيەت قائىدىسى. ئىدىيە پەقەت ئاڭنىڭ پائالىيىتى، شۇڭلاشقا باكتېرىيە ئېنىقكى ئاڭ پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

4. ئىنسانلارنىڭ ئىدىيەسى زامان ۋە ماكانىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. چەكسىز، ئوي - پىكىرمۇ خىلمۇخىل، شۇڭلاشقا شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا خىلمۇخىل روھىي باكتېرىيە بولىدۇ. روھىي باكتېرىيە ھەم ئىجابىي ھەم بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرگە ئىگە. لېكىن مەيلى ئىجابىي ياكى بۇزغۇنچىلىق خاراكتېردىكى باكتېرىيە بولسۇن، ئۇلار بىزنىڭ ئىدىيىمىز بىلەن بىرلىشىشتىن ئىلگىرى ھەرگىز يىلتىز تارتىپ بىخ سۇرۇپ، ئىنتايىن تېز ئۆسمەيدۇ. بىزگە تەسىر پەيدا قىلالمايدۇ.

5. ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىدىيەسى بىر ئوچۇق بوشلۇق، شەخس ئۆزىنىڭ ئاڭ ئىشىكىنى كەڭ ئاچالايدۇ. تۈرلۈك ئوي - پىكىرنى قوبۇل قىلالايدۇ. بارلىق ئوي - پىكىر ۋە بارلىق شەيئى «ئۇنىۋېرسال ئىدىيە» ئىچىدە بولغان بولىدۇ. ناۋادا تەرىقەتچىلەر، پېرىخون ياكى باخشى ماڭا زىيانكەشلىك قىلىدۇ دەپ قارىسىڭىز بۇ خىل ئوي - پىكىرنىڭ بۆسۈپ كىرىشىگە ئىشىكنى كەڭ ئېچىپ بەرگەن بولىسىز. سىزمۇ جوب ئېيتقان سۆزنى ئېيتىسىز: مەن قورققان ئىش مېنىڭ بېشىمغا كەلدى. ئەكسىچە، باشقا ئادەم ياردەم بېرىدۇ دەپ قارىسىڭىز، ياردەمگە ئىشىكىڭىزنى كەڭ ئاچىسىز ھەمدە: سىزگە ئىشەنگەچكە، سىزگە ياردەم بەردىم دېگەن بۇ سۆزنىڭ بۈگۈنمۇ 2000 يىل ئىلگىرىكىگە ئوخشاش توغرا چىققانلىقىنى ھېس قىلىسىز مەيلى ئاكتىپ مەيلى بۇزغۇنچىلىق خاراكتېردىكى ئوي - پىكىر بولسۇن ھەممىسى سىزنىڭ رۇخسىتىڭىزنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن سىزنىڭ ئېڭىڭىزدا تەسىر پەيدا قىلىدۇ.

6 . تولستوي مۇنداق دېگەن : «ئەقىل ـ ئىدراكنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى كۈچىيىپ كىشىلەر ئاڭلىيالىغۇدەك بولدى » . ئىلگە-رى كىشىلەر : «پەقەت ئەقىل ـ ئىدراكىڭىزنىڭ سىزنى ئالدايدى-غانلىقىنى ، پەقەت ئېتىقادىڭىزلا سىزنى ھەقىقىي بەختكە ئېرىشتۈ-رىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىڭىز كېرەك . » دەيتتى . شۇڭلاشقا سىز ئىشىنىشكە تىرىشىڭ . ئۇزاق ئۆتمەي ، باشقىلار بىلەن ئالاقە قى-لىش داۋامىدا سىز : ھەممە ئادەمنىڭ ئىشىنىدىغان نەرسىسىنىڭ پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغانلىقىنى ، شۇڭلاشقا تاللاشتىن خالىي بولال-مايدىغانلىقىڭىزنى ، سىز چوقۇم نۇرغۇنلىغان ئېتىقاد ئىچىدە ئۆزى-ڭىزنىڭ زادى نېمىگە ئىشىنىدىغانلىقىڭىزنى بەلگىلىشىڭىز كېرەك-لىكىنى پەقەت ئەقىل ـ ئىدراكىڭىزلا مۇشۇنداق قارار چىقىرالايدى-غانلىقىنى بايقايسىز .

7 . قانۇنىيەت تەبىئەتنىڭ قائىدىسى . ئالەم بىر پۈتۈن گەۋدە ، ئۇ خىلمۇخىل قانۇنىيەت تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدۇ . شۇڭلاشقا بىز بەزىلەرنىڭ پىسخىكىلىق ئۇسۇل ياكى روھىي ئۇسۇل ئارقىلىق ئالاھىدە نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرگەندە ئەقىل ـ ئىدراكىمىز بىزگە : «بىز ھەممىمىز ئىش قىلالايمىز » دەيدۇ . جاپا ـ مۇشەققەت-تىن قورقماي ھەقىقەتنى ئىزدەيدىغان ھەر بىر كىشىگە ، مەسىلە-نىڭ بۇ تەرىپى ناھايىتى ئايدىڭ . بارلىق ھادىسە بىز ئورتاق قانۇن-يەت دەپ قارايدىغان قائىدىنىڭ كونترول قىلىشىغا ئۇچرايدۇ . بۇ قانۇنىيەتلەر ئەكس ئەتكەن ھادىسىدە ، كىشىلەر سىستېما ، تەرتىپ ۋە خاسلىقنى تونۇپ يېتىدۇ . چۈنكى قانۇنىيەت ھەممە ئادەمگە ئوخشاش . مەيلى قانداق ۋاقىت ، قانداق ئورۇن بولۇشىدىن قەتئىي-نەزەر بۇنداق ئىشلار ھەر كۈنى تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ .

مۇتەپەككۇر بىر ئوي ـ پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئوي-پىكرى بىلەن بىرىكىپ كېتىدىغان ئوي ـ پىكىرگە يولۇقۇپ قال-دى . بۇ ئىككى خىل ئوي ـ پىكىر بىرىكىپ كەتسە ، بۇنىڭدىن ئۆزىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئوي ـ پىكىرلەرنى جەلپ قىلىدىغان

ئوي - پىكىرلەرنىڭ يادروسى تەشكىل بولىدۇ .

8 . ئىلىم - پەن ئىنسانىيەتنىڭ مېڭىسىنى قوراللاندۇردى . بىزگە ، ئاتالمىش ماددىدا دەرىجە پەرقىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ، كۆرۈلگىلى بولىدىغان قوپال ھالەتتىن ئەڭ نازۇك مىكرو ھالەتكىچە ھەممىسىنىڭ ئاڭ بىلەن چەمبەرچاس مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى . شۇڭلاشقا تەپەككۇرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئابستراكت ھالدا ئايرىپ ئېلىنغان ماددا ئېلېمېنتى ئۇنىڭ كونترول قىلىنىشىغا بويسۇنىدۇ . ماددىدا ئاڭ ياكى ھېس - تۇيغۇ بولمايدۇ . ئۇ يېتەكچى ھەرىكەتنىڭ قانۇنىيىتى بىلەن بىردەك بولغان ئاڭ ياكى تەپەككۇرنىڭ كونترول قىلىنىشىغا ئۇچرىغاندا ، ئاڭ - تەپەككۇر ئۇنىڭدا تەسىر پەيدا قىلالىغاندىلا ئۇ ئاندىن ئاكتىپ پائالىيەتچان بولىدۇ ھەمدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ .

9 . ھەممىگە ماس كېلىدىغان ئىدىيە ئالەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلغاندەك ، ئىنسانىيەت ياراتقان ياكى تەرەققىي قىلدۇرغان «ھاياتلىق ئالىمى» گىمۇ ئوخشاشلا مۇقەررەر ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ . ئاتالمىش «مەڭگۈلۈك ئىلاھنىڭ ئوردىسى ( «يېڭى ئەھدە ، كورىنتلىقلارغا يېزىلغان مۇكتۇپلارنىڭ ئالدىنقى قىسمى ) ، 6 - باب 16 ئايەت ) ئۇ چەكسىز ئالەمنىڭ كىچىكلىتىلگەن ياكى سەر خىل نۇسخىسى .

10 . ئىناقلىق ، بەخت ، خاتىرجەملىك ۋە ساغلاملىق ئىنسانىيەتنىڭ توختىماي قوغلىشىدىغان ئاخىرقى نىشانى . ناۋادا بۇ نىشانغا يېتىش بىر «بىلىم» دەپ قارالسا ، ئەقىل - پاراسەت بۇ بىلىمنى ئۆز جايىدا ئىشلەتكەنلىك بولىدۇ . نادانلىق ھەقىقەت نۇرىنى ياپىدىغان قاراڭغۇلۇق . تەپەككۇرنىڭ ماددىنى كونترول قىلىش رولىنى چۈشەنسەك ، نادانلىقنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۋەتكىلى بولىدۇ . ھەقىقانىيەتنىڭ نۇرى پۈتكۈل دۇنيانى قايتىدىن يورۇتىدۇ .

11 . روھىي جەھەتتىن داۋالاش دوختۇرى ھەرگىز بىمارغا بىمار ئۆزى كۆرەلەيدىغان ، ئاڭلىيالايدىغان ، تېتىيالايدىغان ، پۇرىيالايدىغان ، تۇتالايدىغان نەرسىنى بەرمەيدۇ . شۇڭلاشقا ، كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، مەيلى قانداق ئۇسۇل بىلەن بولسۇن بىمارنىڭ ئوبيېكتىپ چوڭ مىقىسىگە تېگىش ھەرگىز مۇمكىن بولمايدىغان ئىش . پەقەت بىمارغا بىشارەت بېرەلەيدۇ ھەمدە ئوي - پىكرىنى يەتكۈزەلەيدۇ .

12 . ئوبيېكتىپ تەپەككۇر بولسا بىزنىڭ ئەقلىي يەكۈن چىقىرىپ ، پىلان ، قارار ، مەقسەتنى ئىپادىلەيدىغان ھەمدە ھەرىكەت قوللىنىدىغان تەپەككۇرىمىز . ھەتتا ماددىي ۋاستىنىڭ ياردىمى بولسىمۇ ئاشكارا ئاڭ تەپەككۇرىغا تېگىش مۇمكىن بولغان تەقدىردىمۇ ئاشكارا ئاڭ تەپەككۇرى بۇنى قوبۇل قىلمايدۇ . ناۋادا ھېسسىيۇغۇنىڭ ۋاسىتىسى بولمىسا بىز ھەرگىز ئاڭلىق ھالدا باشقىلارنىڭ ئوي - پىكرىنى قوبۇل قىلالمايمىز . دوختۇر داۋاملىق مۇكەممەللىكتىن بىشارەت بېرىدۇ ، بۇنداق ئوي - پىكىر دەرھاللا ئوبيېكتىپ تەپەككۇرنىڭ نەزىرىدە ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس دەپ قارىلىدۇ . قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ . ھەم بۇنىڭدىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدۇ .

13 . روھىي جەھەتتىن داۋالاش دوختۇرىنىڭ مۇراجەت قىلىدىغىنى ھەممىگە ماس كېلىدىغان ئىدىيە ھەرگىزمۇ شەخسنىڭ تەپەككۇرى ئەمەس . روھىي جەھەتتىن داۋالاش دوختۇرى ئىشلىتىدىغان بۇ خىل كۈچ - قۇدرەت ، ئاڭ ھەرگىز ماددا ئەمەس ؛ ھەم سۇبيېكتىپ ، ھەم ئوبيېكتىپ ئەمەس . مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن ، ئۇ چوقۇم ئاشكارا ئاڭ تەپەككۇرى بىلەن ئەمەس بەلكى يوشۇرۇن ئاڭ تەپەككۇرى بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ . بۇ نېرۋا سىستېمىسى بەدەندىكى بارلىق ھاياتلىق جەريانلىرىنى - يەنى قاننىڭ ئايلىنىشى ، يېمەكلىكنىڭ ھەزىم بولۇشى ، توقۇلمىنىڭ تۈزۈلۈشى ، ھەر خىل ئاجراتمىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ۋە تەقسىم قىلىنىشىنى كونت-

www.uyghurkitap.com

رول قىلىدۇ . ئەمەلىيەتتە ، سىمپاتىك نېرۋا سىستېمىسى بەدەن-
نىڭ ھەر بىر قىسمىغىچە كېڭەيگەن . بارلىق ھاياتلىق جەريانلىرى
ئىختىيارسىز ئېلىپ بېرىلىدۇ . ئۇلار خۇددى تەن ئاشكارا ئاڭ
دائىرىسىگە ئېلىپ كىرىلگەندەك ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بىر خىل
تەسىر كۈچىنىڭ كونترول قىلىشىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ .

14 . خۇددى ئاناناس بىلەن سۇمرۇغ نەشپۈتى ئوخشاش بىر
نەرسىنى كۆرسەتكەنگە ئوخشاش ، سوبيېكتىپ تەپەككۇر ، يوشۇ-
رۇن ئاڭ تەپەككۇرى ، ئىلاھى تەپەككۇر ھەممىسىنىڭ ئوخشاش ،
پەقەت ئېيتىلىشى ئوخشىمايدۇ . ئۇلارنىڭ كۆرسىتىدىغىنى مۇنداق
بىر تەپەككۇر : بىز ئۇنىڭ ئىچىدە ھايات كەچۈرىمىز ، ھەرىكەت
قىلىمىز ، ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىگە بولىمىز . بىز ئارزۇيە-
مىز ئارقىلىق ياكى بۇ خىل تەپەككۇر بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشقا
ئورۇنىمىز . تەپەككۇر ھەممىلا جايدا مەۋجۇت . پەقەت بىز خالى-
ساقلا ، ھەر قاچان ، ھەر قانداق ۋاقىتتا ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت
ئورنىتالايمىز . زامان ، ماكان قاتارلىق سىرتقى ئامىلنىڭ چەكلى-
مىسىنى ئويلاشنىڭ ھاجىتى يوق .

15 . روھ بىزنىڭ ئېڭىمىزدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . شۇن-
داقلا پۈتكۈل بىپايان ئالەمگە تارقالغان . چۈنكى ئاڭ بولسا ئالەم-
نىڭ يارىتىلىش پرىنسىپى . شۇڭلاشقا ، ئادەمنىڭ ئاڭلىقلىقىنىڭ
سۇبيېكتىپ ئەمەلگە ئېشىشى شۇنداقلا بۇ ئېلىپ كەلگەن مۇكەم-
مەللىكنىڭ ھەممىسى ئىلاھنىڭ ئىرادىسى ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ .
ئەڭ ئاخىرىدا شەخسنىڭ ھاياتى ۋە كەچمىشىدە ئىپادىلىنىدۇ . بۇ
ئارقىلىق شەخسنىڭ تەپەككۇرى مۇكەممەللىككە يېتىپ بارىدۇ .

16 . باشقا بىر كۆز قاراش رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ :
دۇنيادا ھەرگىز مۇكەممەللىك مەۋجۇت ئەمەس ، بۇ خىل مۇكەم-
مەللىكنىڭ غايىۋى ھالىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ . ھەقى-
قەتەن شۇنداق ، لېكىن ئەيسا خرىستوس ئاللىبۇرۇن بۇ خىل
ئەھۋالنى ئالدىن كۆرەلىگەن . ئۇ : «ئاتامنىڭ ئۆيىدە تۇرغۇدەك

جاي كۆپ ، دېمىگەنمۇ ؟ نۇرغۇنلىغان ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى مۇ-
كەممەللىك بار . بۇ قانۇنىيەتتە نۇقسان بولمىسىمۇ ، مۆلچەردىكى
ئۇنۇمگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ . چۈنكى بۇ يەنە قانۇنىيەت بىلەن
شۇغۇللىنىدىغان ئادەمنىڭ ساپاسى ۋە تەپەككۇرى تەرىپىدىن بەلگە-
لىنىدۇ . بۇ خىل ئىقتىدار ھەرگىز ئەمدىلەتىن مەنىۋى مىراسنى
تونۇشقا باشلىغان ئىشتىن سىرتقى ھېرىسمەنلەرنىڭ قولىدىن كې-
لىدىغان ئىش ئەمەس . ناۋادا باشقۇرغۇچى بىلىمسىز ، تەجرىبىسىز
ئادەم بولۇپ ، ئۆزىنىڭ ئوي - پىكرىنى خالىغانچە ئوتتۇرىغا قو-
يۇپ ، ئۇنى ئەقلىي - ئىدراكنىڭ دەلىللىشىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ
، بىۋاستە كونكرېتلاشقان ھەقىقىي ھالەتكە ئېلىپ كەلسە ، بۇنداق
شەكىللەنگەن نەرسە كىشىنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىشى ناتايىن .
تۇرلۇك خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئادەم ئەڭ نازۇك
تەۋرىنىشكىمۇ ئىنكاس قايتۇرالايدۇ . «جىمجىتلىقنىڭ ئاۋازى »نى
ئاڭلىيالايدۇ . ئەينەن ئەھۋال بىلەن خىيالنى پەرقلەندۇرەلەيدۇ .
قۇملۇقتا كۆرۈنگەن بوستانلىقنىڭ پەقەت (ئېزىتقۇ ) ئىكەنلىكىنى
بىلەلەيدۇ . ئۇ يېقىنلاشقاندا ، كەينىگە چېكىنىدۇ . ھەرگىز قارىغۇ-
لارچە مەۋجۇت بولمىغان سۇ مەنبەسىنى ئىزدىمەيدۇ . ھەقىقىي كۈچ
- قۇدرەت ئادەمدىن خالىي بولۇپ ، ئۇ ھەم «دەرىجىدىن تاشقىرى
ھايۋان » ھەم «دەرىجىدىن تاشقىرى ئادەم »نى بارلىققا كەلتۈرەلەي-
دۇ . نېمە ياسىماقچى بولسا شۇنى ياسىيالايدۇ . بۇ پەقەت مەشغۇلات
قىلغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ .

17 . ئادەمنىڭ تەبىئىيتى تۇپەيلىدىن ، ئىنسانلار داۋاملىق
ئۆزى چۈشەنمىگەن ۋە ئۆزىگە ئېنىق بولمىغان نەرسىنى ئارىلاشتۇ-
رۇۋېتىدۇ . نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ھاياتلىقنىڭ ئاساسىي پىرىنسى-
پىنى ھەمدە بۇ پىرىنسىپنى ئىشلىتىشنىڭ ئۇسۇلىنى بىلمەيدۇ .
بۇ پىرىنسىپتىن پايدىلىنىپ ئۆزىگە بەخت يارىتالمايدۇ . بۇنداق
ئەھۋالدا ، پەقەت باشقىلارغا تايىنىشتىن ئۈمىد كۈتىدۇ . بۇنداق
ئەھۋال داۋاملىشىۋەرسە ياكى پات - پات يۈز بەرسە ، ئاشكارا

ئاڭدىكى ئاڭ ئامىلى كۆپ ھاللاردا بارغانسېرى ئاجىزلايدۇ . ئادەمنىڭ روھىي كۈچ ـ قۇدرىتىمۇ بارغانسېرى ئاجىزلاپ ئادەم پاسسىپلىشىپ كېتىدۇ .

18 . پەيلاسوپلار ، دىنشۇناسلار ۋە ئالىملار قايتا ـ قايتا مۇنداق دەيدۇ . مۇتلەق ھەقىقەت مەۋجۇت ئەمەس . باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، بىر ئادەمنى «ھەقىقەت» نىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە ئىشەندۈرۈشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى ئىسپاتلاش ياكى ئالدى بىلەن ھەقىقەت قۇدرەتلىك دەپ پەرەز قىلىش ، ئاندىن ئىسپاتلاشتۇر .

19 . بىزنىڭ ھەر قانداق بىر شەيئىنى تونۇشىمىز ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىدىن باشلىنىدۇ . بىزنىڭ كۆزىتەلەيدىغىنىمىزمۇ پەقەتلا تاشقى كۆرۈنۈش . ئىچكى ماھىيەتنى تونۇش تەپەككۇرنىڭ تەھلىلىگە تايىنىدۇ . شۇڭلاشقا ھەر قانداق شەيئىنىڭ ئۆزىگە خاس تاشقى كۆرۈنۈشىنى كۆزىتىش ھەمدە بۇ خىل كۆزىتىش ئۈستىگە قۇرۇلغان ئەقلىي خۇلاسە بۇ شەيئىگە ئالاقىدار بىلىمنى شەكىللەندۈرىدۇ . ناۋادا سىز بىر تۈرلۈك ھەقىقەتنىڭ مەلۇم خىل سىرتقى قىياپىتىنى كۆزەتكەن ۋە تونۇغان بولسىڭىز ، بۇ پەقەت سىزنىڭ ھەقىقەتنىڭ بىر تەرىپىنى ياكى بىر تۈرىنى چۈشەنگەنلىكىڭىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ناۋادا سىز ھەقىقەتنىڭ ئۆزىگە خاس تاشقى كۆرۈنۈشىنى كۆزەتكەن ھەمدە ئۇنىڭغا ئىنچىكە دىققەت قىلغان بولسىڭىز ، ئاندىن بۇ تاشقى كۆرۈنۈشكە سىڭگەن بىردەكلىكنى بىلسىڭىز ھەمدە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاساسلىنىدىغان قائىدە ياكى قۇرۇلمىنى تونۇپ يېتىسىز . ئۇنداقتا سىزنىڭ ھەقىقەتنى تونۇشىڭىز تولۇق بولغان بولىدۇ . بۇ ۋاقىتتا ، ئۆزىڭىزنىڭ بۇ ھەقىقەتنى ئىگىلىگەنلىكىڭىزنى ئېلان قىلسىڭىز بولىدۇ . ھەقىقەت بىر ئادەمنىڭ بىلىدىغان بىردىنبىر ئىمكانىيەتلىك بىلىمى . چۈنكى ھەقىقەت ئاساسىغا قۇرۇلمىغان بىلىم ساختا بىلىم ھەتتا ئۇ بىلىم دېمۇ ئاتالمايدۇ .

20 . شەرقنىڭ مېتافىزىكا ئالىملىرى ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ كۆز

قاراشلىرىنى ئېنىق بايان قىلىپ كەلگەن ، ئەزەلدىن ئادەمدە روھىي جەھەتتە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدىغان بىلىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقمىغان . ئېنىق ھالدا ئۇلارنى بىۋاستە كونترول قىلىدىغان ياكى ئۇلار بۇ بىلىمنى بالىلىرىغا ياكى ياشلارغا ئۆگەتمەيدۇ . ئۇلار بۇ بىلىمنى غەربلىكلەرنىڭ بالىلىرىنىڭ مەكتەپتىكى ئەقلىي پائالىيىتىدىكىگە ئوخشاش بىۋاستە كونترول قىلىدۇ ھەم يېتەكچى ئورۇنغا قويىدۇ . ھىندىستاندا بىر ياش روھىي جەھەتتىكى نەرسىلەرنى ئۆگەنمەكچى بولسا ئۇ ئۇستازىنىڭ تەربىيەسىنى يەتتە يىل قوبۇل قىلىشى شەرت دەپ بەلگىلەنگەن . ئۇستازى ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا ئۇ ماڭماقچى بولغان يولنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگىتىدۇ ، خەتەرلىك ئەھۋالغا دىققەت قىلىش توغرىسىدا ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ . ئۇ پۈتكۈل مۇساپىسىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچتىلا يىقىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇستازىنىڭ قوغدىشىدا بولىدۇ .

21 . ناۋادا سىز مەدەنىيەتنىڭ شوتىسىدا يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتقان بولسىڭىز ، چۈشىنىشنىڭ مەكتىپىگە قەدەم قويغان بولسىڭىز ، روھىي جەھەتتىكى ھەقىقەتنىڭ نۇرىنى كۆرگەن بولسىڭىز ، بۇ دەرىجىگە تېخى يەتمىگەن ئادەمگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بىلىسىز . سىزنىڭ زىممىڭىزدىكى يۈكىڭىزمۇ بارغانسېرى ئېغىرلىشىدۇ . ماھارىتىڭىز يۇقىرى بولسا مەسئۇلىيەتمۇ شۇنچە ئاشىدۇ . سىزنىڭ نېرۋا سىستېمىڭىزمۇ ئۆزلۈكىدىن تېخىمۇ يۇقىرى قاتلامدا ئۆزىنى تەشكىللەيدۇ . ھەمدە سىزنى بۇ يۈكسەكلىككە يەتمىگەن باشقا كىشىلەرنىڭ توپىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان رەھبەرگە ئايلاندۇرىدۇ .

بىز خالىغانچە تەپەككۇر قىلىمىز ، لېكىن تەپەككۇرىمىز بىر مەڭگۈلۈك قانۇنىيەتنىڭ كونترول قىلىشىغا ئۇچرايدۇ . بىز قوغۇن تېرىپ پۇرچاق ئالالمايمىز . ياخشىلىققا ياخشىلىق ، يامانلىققا يامانلىق قايتىدۇ ، بۇ قائىدە تەبىئىي قانۇنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچ-

رىمايدۇ .

22 . پەقەت ئاشۇ مەنىۋى قاتلامغا يېتىپ بارغان ئادەملەرلا ئادەتلىنىپ كەتكەن تالاي ئۇسۇلنى چوقۇم تاشلاش كېرەكلىكىنى ئېنىق بىلىدۇ . بۇنداق ئىدىيەنىڭ تۇرتكىسىدە ئادەتتە بەزى ئادەتلەر ئاسانلا ئادەملەردىن يىراقلىشىدۇ ، ئۇلار ھەتتا ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ ، لېكىن ئادەملەر كونىلىقتا چىڭ تۇرغان چاغدا ئۇ ئادەتتە «بىر ئائىلىدە ئۆز ئارا تالاش ـ تارتىش قىلسا ، چوقۇم مەغلۇپ بولىدىغانلىقى»نى بايقايدۇ . ئۇ دائىم نۇرغۇنلىغان جاپالارنى تارتقاندىن كېيىن ئاندىن : ئاڭنىڭ قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلسا چوقۇم جازالىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ .

# 15 ـ ساۋاق : قەلبىڭىز تەپەككۇر يۇرگۇزۇش ئارقىلىق تېخىمۇ موللىشىدۇ

1 . ئالىملار ئىنسانلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى چەكسىز كونكرېتلاشتۇردى . تەبىئەتشۇناسلىق ئىلمى ماددىنى مولېكۇلاغا . مولېكۇنى ئاتومغا ، ئاتومنى ئېنېرگىيەگە پارچىلىدى . IA . فىرايمىن ئەپەندى خان جەمەتى پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە سۆزلىگەن نۇتقىدا ئېنېرگىيەنى تەپەككۇرغا پارچىلىدى . ئۇ مۇنداق دەيدۇ : ئەڭ ئاخىرقى ماھىيەتتە ، ئېنېرگىيەنى بىزنىڭ ئاتالمىش ‹تەپەككۇر ›ياكى ‹ئىرادىمىز ›نىڭ بىۋاستە رولىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى دەپ چۈشىنىشىمىز كېرەك . بولمىسا كىشىلەر ھەرگىز ئۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىگە سىڭىپ كىرەلمەيدۇ . ئۇنى ئۇزۇل ـ كېسىل تولۇق چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس .

2 . شۇڭلاشقا ، دىن ھەرگىز داۋاملىق خۇراپاتلىق ، نادانلىقنىڭ ۋەكىللىك ئىسمى ئەمەس . ئىلىم ـ پەن بىلەن دىن داۋاملىق قارىمۇقارشى توقۇنۇشۇپ تۇرمايدۇ . مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇلار پۇتۇنلەي بىردەكلىككە ئىگە . مەلۇم دائىرە ئىچىدە ئۇلار بىللە تۇرالايدۇ . لىران ئەپەندى ‹دۇنيانىڭ يارىتىلىشى › دېگەن ئەسىرىدە بۇ تەرەپنى ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىپ بەرگەن . ئۇ مۇنداق دەيدۇ : ئالدى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن ئالەمنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى پىلانلاش ھەم تەڭشەش ئارقىلىق سۇركىلىش بولمىغان تەڭپۇڭلۇقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك . چۈنكى ئالەم چەكسىز زامان ۋە ماكان ئىچىدە بولىدۇ . شۇڭلاشقا ئالەمنىڭ ئەقىل ـ پاراسەتنى لايىھەلىشىمۇ چەكسىزلىك ئىچىدە بولىدۇ .

ئىككىنچىدىن ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىرادە ئارقىلىق ئا-

لەمنىڭ ھەرىكىتىنى ۋە كۈچ ـ قۇدرىتىنى تۇراقلاشتۇرۇش، ھەمدە بەلگىلەش، شۇنداقلا مەڭگۈ ئۆزگەرمەس قانۇنىيەت ئارقىلىق ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە باغلاش كېرەك. ھەممە يەردە، بۇ خىل «ھەممىگە قادىر ئىرادە» ئېنېرگىيە ۋە جەريانغا بولغان چەكلىمە ۋە باشقۇرۇشنى قۇرۇپ چىقتى. ئۇلارنى مەڭگۈلۈك مۇقىم قىلدى ھەم بىردەكلىك ئارقىلىق تۇراقلاشتۇردى. چۈنكى ئالەم چەكسىز، شۇڭلاشقا ئىرادىمۇ چەكسىز.

ئۈچىنچىدىن، مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەرىكەتنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى بارلىق كۈچلەرنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان مەڭگۈ بىر خىل هارماس كۈچ. يەنە كېلىپ، ئالەم چەكسىز، شۇڭلاشقا بۇ خىل كۈچمۇ چەكسىز. بىز ئەقىل ـ پاراسەت، ئىرادە ۋە كۈچ-قۇدرەتنىڭ بىردەكلىكىگە قانداق نام بېرىشىمىز كېرەك؟ بىز «خۇدا» دېگەن ئىسىمدىنمۇ ئاسان ئىسىمنى تاپالمايمىز. بۇ ئىسىم ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىغان، ئۇنىڭ قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ.

3. ھەممىگە ماس كېلىدىغان ئىدىيە زور بىر ئىدىيە سىستېمىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىگە خاس سېھرىي كۈچى ئارقىلىق بارغانسېرى نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشكە، تەتقىق قىلىشقا، ئۇنى تەرغىپ قىلىشقا جەلپ قىلماقتا. ھەممىگە ماس كېلىدىغان چىدامچانلىق خاراكتېرگە، ھاياتىي كۈچكە ئىگە. پۈتكۈل ئالەمگە سىڭگەن بارلىق قانۇنىيەت ھاياتلىق، كۈچ ـ قۇدرەت ھەممىسى مۇقەررەر ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭ قورشاۋى ئاستىدا تۇرىدۇ، مەيلى ماددا ياكى ئاڭ ساھەسى بولسۇن ھەممىگە ماس كېلىدۇ. سىز بۇ ئىدىيەنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنسىڭىز سىز ئۇنىڭغا تېخىمۇ قايىل بولىسىز.

4. ھەر بىر شەيئى مەيلى ئۇ جانلىق ياكى جانسىز بولسۇن، ھەممىسى چوقۇم بۇ خىل ئۇنىۋېرسال ئىدىيەنىڭ يارىيۆلەك بولۇشىغا ئېرىشىشى كېرەك. بايقىشىمىزچە، شەخسنىڭ ھاياتىنىڭ پەرقلىق بولۇشى ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئەقلىي ئىقتىدارىنى نامايان قىلىش-

نىڭ دەرىجىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدا . تېخىمۇ يۇقىرى ئەقلىي ئىقتىدار ھايۋاننى ئۆسۈملۈكتىنمۇ يۇقىرى مەۋجۇدىيەت قاتلىمىغا ، ئادەمنى ھايۋاندىنمۇ يۇقىرى مەۋجۇدىيەت قاتلىمىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ . يەنە بايقىشىمىزچە ، شەخس ئۆزىنىڭ ھەرىكەت ئۇسۇلىنى كونترول قىلىپ ھەم بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تاشقى مۇھىتقا ماسلىشىش ئىقتىدارىنى تەڭشەپ ، بۇ خىل ئەقلىي ئىقتىدارنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى . دەل مۇشۇ خىل ئەقلىي ئىقتىدار ئەڭ ئۇلۇغ تەپەككۇرنىڭ يادرولۇق ئورنىنى ئىگىلىگەن بولۇپ ، بۇ خىل ئەقلىي ئىقتىدار بىلەن ئۇنىۋېرسال ئىدىيە يوچۇق قالمىغۇدەك دەرىجىدە ماسلىشىدۇ . ئىككىسى ئالتۇن ئۇزۇككە ياقۇت كۆز ماس كەلگەندەك بىرلىكتە ئىنسانلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ ھەم ئەللاشتۇرىدۇ . ناۋادا بىز ئۇنىۋېرسال ئىدىيەگە بويسۇنساق ، ئۇنىۋېرسال ئىدىيەمۇ كەم - كۇتسىز ھالدا بىزگە بويسۇنىدۇ .

5 . پەن - تېخنىكا ۋە ئۇچۇر تېخنىكىسى يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان ، ھەممە نەرسە تېز ئۆلگىيىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا كەچمىش ۋە بىلىمنىڭ ئۇزۇلۇكسىز ئېشىشىغا ئەگىشىپ ، بىزنىڭ ئەقلىي - ئىقتىدارنى ئىشلىتىش ، ھېسسىي كۈچىمىزنىڭ دائىرىسى ، تاللاش ئىقتىدارىمىز ، ئىرادىمىزنىڭ كۈچى ، بارلىق ئىجرا قىلىش ئۈنۈمىمىز شۇنداقلا بارلىق ئۆزلۈك ئېڭىمىز خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىسىدەك تېزلىكتە ئۆسۈۋاتىدۇ . ئۆزلۈك ئېڭىمىز بىر خىل ئاڭ پائالىيىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇزۇلۇكسىز ئېشىپ ، كېڭىيىپ ، ئۆسۈپ ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ . بارلىق ماددىي نەرسىلەر سەرپ قىلىنغاندىن كېيىن يەنە مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدۇ . ئەمما ئاڭ جەھەتتىكى ئىشلىتىش ۋە ماددىي جەھەتتىكى ئىشلىتىشنىڭ قانۇنىيىتى پۈتۈنلەي قارىمۇقارشى . بىزنىڭ ئاڭ جەھەتتىكى ئىگە بولغان نەرسىمىز قانچىلىك ئىشلەتكەنسېرى شۇنچە تېز كۆپىيىدۇ . يەنە ئىشلەتكىنىمىز قانچە كۆپ بولسا ئېرىشىدىغىنىمىزمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ .

ئادەت خاراكتېرلىك ئاشكارا ئاڭ ھەرىكىتى ۋاقتىنىڭ ئۆتۈ-شىگە ئەگىشىپ ئۆزلۈكىدىن تەرەققىي قىلىپ، ئۆزلۈكىدىن يۇشۇ-رۇپ ئاڭغا ئۆزگەرمەيدۇ، ئۆزلۈك ئېڭىنى باشقا ئىشلارغا ئېتىبار بېرىشكە ئۈندەيدۇ.

6. ھاياتلىق قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان بىر پۇقرا. ئۇ ئۇنىۋېر-سال ئېنېرگىيەنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قائىدىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىدۇ. ئورتاق ئېنېرگىيە ھاياتلىقتا ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتلىنىدۇ ۋە ئۆسىدۇ. مەلۇم دەرىجىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇلار ئادەتتە بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلارغا ئورتاق ئېنېرگىيەگە ئوخ-شاش خاسلىق ۋە قائىدە ھەمراھ بولىدۇ. بىز ئۇنى ئەقلىي - ئىقتىدار دەپ ئاتايمىز. ئۇ ئاساسىي خاسلىقلا ئائىت بولغان بارلىق چۈشىنىشتىن ھالقىغان بولۇپ، مۇتلەق بولىدۇ، پەقەت بىرلا ئەڭ يۇقىرى قانۇنىيەت بار. ئۇنىڭ ئالاھىدە ئېنىقلىمىسى ھەر قانداق ۋاقىتتا ھاياتلىق ھادىسىلىرى ئىچىدىكى ئالاھىدە مۇناسىۋەتنىڭ كونترول قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. ئادەم پەقەت ئۇنىڭ ئالاقىدار ماددى-سىغا ئاساسەن مۇلاھىزە ئېلىپ بارىدۇ. بىز بۇ ھاياتلىق ھادىسىلە-رى ئىچىدە بۇ قانۇنىيەت توغرىسىدا ئويلىنىمىز. شۇڭلاشقا بىز ئۇنىڭغا ئورتاق ئەقلىي ئىقتىدار، ئورتاق ماددا دەپ ئېنىقلىما بېرىمىز. خۇددى ھاياتلىق، كۈچ، تەپەككۇر، روھ، ئېنېرگىيە قاتارلىق ۋە شۇ تۈردىكى نەرسىلەرگە ئوخشاش، بىزنىڭ مەۋجۇتلۇ-قىمىز ۋە تەرەققىي قىلىشىمىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ئىنسانىيەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلە-شى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشتى.

7. تەپەككۇرنىڭ ئىپتىدائىي ھالىتى ئەڭ بۇرۇن ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ھاياتلىق ھالىتىدە كۆرۈلگەن، پىروتوپلازما ياكى ھۈ-جەيرىدە تەپەككۇرنىڭ ئىزنالىرى قالدۇرۇلغان. پىروتوپلازما ياكى ھۈجەيرە گەرچە پەقەت بىر ئاددىي ھۈجەيرە ياكى ناھايىتى تۆۋەن دەرىجىدىكى ھاياتلىق شەكلى بولسىمۇ، لېكىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تەپەككۇرى ئارقىلىق ئۇ مۇھىتنى ھېس قىلغان، ھەرىكەت

پەيدا قىلىپ ئۆزۈقلۇق تاللىغان . بۇلارنىڭ ھەممىسى تەپەككۇرنىڭ ئىپتىق ئىسپاتلىنىشى . جانلىقلار ئۇزلۇكسىز تەرەققىي قىلىپ بار-غانسىرى مۇرەككەپلەشكەن ۋاقىتتا ، ھۈجەيرىلەر بارغانسىرى مەخ-سۇسلىشىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ . ئۇلار مەجبۇرىيىتىنى ئۆز ئالدىغا ئادا قىلىپ ئالدىراپ خىزمەت قىلىدۇ . گەرچە كۆپ ھاللاردا پەقەت بىر ئاددىي ھەرىكەتنى قايتىلىساقمۇ ، لېكىن ئاللىبۇرۇن يۈكسەك ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ يوشۇرۇن كۈچى نامايان قىلىنىدۇ . پىروتوپلازما ياكى ھۈجەيرىلەر ئارىسىدا ئىش تەقسىماتى بولۇپلا قالماستىن ، يەنە ھەمكارلىق مەۋجۇت . بىرلىشىش ئارقىلىق ئۇلار-نىڭ تەپەككۇر كۈچى ئۇزلۇكسىز كۈچىيىدۇ . ئۆزىمۇ ئۇزلۇكسىز ھالدا يۇقىرى دەرىجىلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ .

8 . ئەڭ دەسلەپتە ، ھاياتلىقنىڭ ھەر قايسى ئىقتىدارلىرى شۇنداقلا ھەر خىل ھەرىكەتلىرى ئاشكارا ئاڭ تەپەككۇرنىڭ ئويلى-نىشىنىڭ نەتىجىسى بولغان . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ۋە ئۆزىنىڭ تەرەق-قىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ، ئادەت خاراكتېرلىك ھەرىكىتى ئۆزلۈ-كىدىن ياكى يوشۇرۇن ئاڭلىقلىققا ئۆزگىرىدۇ . سەۋەبى باشقا ئىش-لارغا ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ دىققىتىنى قوزغاش . ئاشكارا ئاڭ بىلەن يوشۇرۇن ئاڭ ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىپ بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ . بۇ ئارقىلىق ئىككىلىسى يەنىمۇ تەرەققىي قىلىدۇ ۋە مۇكەممەللىشىدۇ .

9 . شۇنى كۆرۈۋېلىش ئاسانكى ، ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى مۇھىم ئاساس تەپەككۇر ياكى ئاڭ ، ماددا ئۆزى يوقى-لىشى ، باشقا نەرسىگە ئايلىنىشى مۇمكىن . لېكىن ئاڭ تارىخقا ئەگىشىپ داۋاملىشىدۇ ، تارقىلىدۇ ، مەڭگۈ يوقالمايدۇ . خۇددى سان پاۋلو ئېيتقاندەك : «كۆرگىنىڭ ۋاقىتلىق ، كۆرەلمىگىنىڭ مەڭگۈلۈك .»

10 . ئادەمنىڭ تۇغۇلىشىدىنلا باشلاپ ۋەزىپىسى تىرىشىپ ئاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش . بۇ تەرىپى ناھايىتى مۇھىم . شۇنداقلا ئادەمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئەھمىيەتلىك تەرىپى . ئىش-

لىتىشكە ماھىر بولغاندا زىيان يۈز بەرمەيدۇ. دائىم ئىشلەتكەندە ئەكسىچە توختىماي كۆپىيىدۇ. بۇنىڭدا ئاڭنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ سىھرىي كۈچى يوشۇرۇنغان بو ئىنسانىيەتنىڭ ئاكتىپلىق بىلەن ئۆگىنىشىگە ۋە ئىزدىنىشىگە موھتاج.

بۈگۈنگە بېرىلىدۇ ئېتىبار،
چۈنكى ھايات بۈگۈنگە تەۋە.
بۇ ھايات ھەقىقىي ھايات،
بۈگۈننىڭ قىسقا مۇساپىسىگە.
يوشۇرۇنغان پۈتكۈل ھايات ھەقىقىي ۋە رېئاللىق،
بۈگۈن ئۆسۈپ يېتىلەلەيدۇ تىلەك.
بۈگۈن دېمەك تەسىرلىك مەدھىيە دېمەك،
بۈگۈن دېمەك پارلاق شان - شەرەپ دېمەك.
چۈنكى تۈنۈگۈن ئۆتۈپ كەتسە بولۇپ چۈش سىياق،
ئەتىكى كۈن پەقەت بىر خىيال.
گۈزەل بۈگۈنكى كۈننىڭ ئىشەنچىسى ئۇنىڭ قولىدا،
شۇڭا ھەربىر تۈنۈگۈنكى كۈن شېرىن خىيالدىن بېرەر دې-
رەك.
ھەر بىر ئەتىكى كۈن ئۈمىدلىك خىيالدىن بېرىدۇ بەلگە،
شۇڭا بۈگۈنكى كۈنگە ئېتىبار بېرەيلى ياخشىراق!

سانسكرىت تىلىدا يېزىلغان بۇددا دەستۇرى

# 16 ـ ساۋاق : تىلەش ئارقىلىق ئۈمىدنى يېتىلدۈرۈڭ

1 . ئىنسانلار ئۆرە تۇرۇپ ماڭغاندىن باشلاپ ، شەرتلىك رېفـ-
لېكستىن ئاددىي ئىدىيەگىچە (ئوي ـ پىكىرگىچە) ، ھەم ھازىر-
قى دەۋىردىكى غايەت زور سىستېمىدىكى ئىدىيە ئەخلاق سىستېمىسىـ-
غىچە ، ئىدىيە ئىنسانلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۆلچەرلىگۈسىز
رول ئويناپ كەلدى . تارىخنىڭ شەكىللىنىشى ، غايە ۋە مۇددىئا ،
مەقسەت ئىشقا قارىغاندا تېخىمۇ تەسىر كۈچىگە ئىگە . مەيلى دۆلەتـ-
نىڭ تەقدىرى ياكى شەخسنىڭ تەقدىرى بولسۇن ھەممىسى ئىدىيە
ۋەئاڭ فورماتسىيىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ . ھاياتلىقتا بولغان
ئۇزاق مۇددەتلىك ئېتىبار بېرىش ، كىشىلەرنىڭ ئوي ـ پىكىر
ئىدىيەسى ئوخشاش دەۋردىكى ھەر قانداق پاراكەندىچىلىك ۋە تېز
ئۆزگىرىشتىنمۇ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك .

2 . ئىنژېنېر دەريا ـ جىلغىسىنى تۇتاشتۇرىدىغان چوڭ كۆۋ-
رۈكنى لايىھەلىگەن ۋاقىتتا ، كۆۋرۈكنىڭ شەكلىنى كونكرېتلاشتۇ-
رۇپ ، ئالدى بىلەن مېڭىسىدە پۈتكۈل قۇرۇلۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىـ-
دۇ . بۇ خىل ئوبرازلاشتۇرۇش دەل روھىي كارتىنا . ئۇ ئوبيېكـ-
تىپ دۇنيادا پۈتۈپ چىقىدىغان قۇرۇلۇشنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئالـ-
دىن بەلگىلەيدۇ .

3 . قۇرۇلۇش لايىھەلەش ئۈستىنى سىرلىق بىر يېڭى قۇرۇ-
لۇشنىڭ ئاساسىنى پىلانلىغاندا ، ئۇ دائىم دېگۈدەك ئۆز ئىشخانىسىـ-
دا باش چۆكۈرۈپ ئويلىنىپ ئۆزى تەسەۋۋۇر كۈچىنى ئىشقا سىـ-
لىپ قۇرۇلۇشنىڭ ئاجايىپ سىرتقى شەكلىنى پىلانلايدۇ . بۇ پىلان
يەنە كىشىگە باشقىچە راھەت بەخش ئېتىدىغانلىقىنى ياكى ئىشلىتىـ-
لىشچانلىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، نەتىجىسى كىشىنى ھەرگىز

ئۇمىدسىزلەندۈرمەيدۇ.

4. خىمىيە ئالىمى ئامال قىلىپ تەجرىبىخانىدىكى جىمجىتلىقنى قوغلىشىدۇ. ئاندىن بەزى ئوي - پىكىرنى ئاسانلا قوبۇل قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. دۇنيا ئەڭ ئاخىرىدا مەلۇم يېگىنچە ئارالدىلىك ياكى ئېسىل نەرسىلىرى بىلەن بۇ ئوي - پىكىرنى مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

5. پۇل مۇئامىلە مۇتەخەسسىسلىرى ئۆز ئىشخانىسىغا ياكى بوغالتىر ئىشخانىسىغا بېكىنىۋېلىپ، زېھنىنى مەلۇم بىر خىل تەشكىللەش ياكى پۇل مۇئامىلە مەسىلىسىگە مەركەزلەشتۈرىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي پۈتۈن دۇنيا يەنە بىر قېتىم كەسىپلەر ھەمكارلىقىغا دەرىجىدىن تاشقىرى نەچچە يۈز مىليون كاپىتالغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئاڭلايدۇ.

6. تەسەۋۋۇر، ئوبرازلاشتۇرۇش، پۈتۈن دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ ھەممىسى روھىي ئىقتىدار. ھەممىسى ئىجادچانلىققا ئىگە ئالەم قائىدىسى. ئىدىيەنىڭ ئىجاتچانلىق كۈچى مەخپىيىتىنى بايقىغان ئادەم دەۋرنىڭ مەخپىيىتىنى بايقىيالايدۇ. پەن - تېخنىكا ئاتالغۇسى بويىچە بايان قىلغاندا، بۇ قانۇنىيەت: ئىدىيە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئوبيېكتىپ بىلەن ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولىدۇ. ئەمما قاملاشمىغان يېرى شۇكى، كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسى كەمچىللىك، چەكلىمە، نامراتلىق، شۇنداقلا باشقا خىلمۇخىل شەكىلدىكى بۇزغۇنچىلىق ھالىتىدە توختاپ قالغان. چۈنكى بۇ قانۇنىيەت ھەممە ئادەمگە باباراۋەر. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ئويلىغانلىرى ئۇلارنىڭ مۇھىتىدا كونكرېت ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

7. ھەممە يېرى ئۆتمە تۆشۈك بولۇپ كەتكەن كىيىمنى ياماش ئۈچۈن، ماھارىتى ھەر قانچە ئۇستا ماشىنىچىمۇ ئۇنى كىيگىلى بولغۇدەك قىلىپ ياماپ چىقالمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر كىيىمنى تىكىشتىنمۇ كۆپ ۋاقىت، زېمىن ۋە لازىمەتلىك بۇيۇملار ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ. ھازىرقى زاماندا كىشىنى نارازى قىلىدىغان ئەھۋال چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن بۇزغۇنچىلىق خاراكتې-

رىدىكى كېسەللىكنى كېسەللىك ئالامىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان . قانۇن تۇرغۇزۇش ياكى باستۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق بۇ كېسەللىك ھالىتىنى ساقايتماقچى بولساق پەقەت يۈزەكى داۋالىغىلى ، يىلتىز-دىن داۋالاپ ئۆگەتكىلى بولمايدۇ . گەرچە كېسەللىك ئەھۋالىنى ياخشىلىغىلى بولسىمۇ لېكىن كېسەلنى تۈپ يىلتىزىدىن داۋالاپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس . ئۇ باشتا تېخىمۇ ئۇسال كېسەللىك ئالامىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . جاھىل كېسەلنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن ، كېسەلنىڭ مەنبەسىنى تېپىش كېرەك . ھازىرقى ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ، ئىجادىي ئۇسۇل ـ چارىنى بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئاساسى سۈپىتىدە ئىشلىتىشىمىز كې-رەك . بۇ ئىنسانىنىڭ ئىدىيەسى .

8 . تەپەككۇر بىر خىل ئاڭ پائالىيىتى ، ئۇ شەخسنىڭ ئومۇ-يۈزلۈك ماس كېلىدىغان ئىدىيەگە بولغان ئەكس تەسىرىدىن . تۈزۈلگەن تەپەككۇر ئاڭنىڭ بىردىنبىر پائالىيىتى . ئاڭ ئىجادىي خاراكتېرلىك بولۇپ ، تەپەككۇرمۇ بىر خىل ئىجاد قىلىش جەرياند-دىن ئىبارەت . لېكىن ، بىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم تەپەككۇر جەريانىمىزنىڭ ھەممىسى سۇبيېكتىپ بولۇپ ، ئوبيېكتىپ ئەمەس . شۇڭلاشقا كۆپ قىسىم ئىجادىي خىزمىتىمىز سۇبيېكتىپ نۇقتىدىن ئېلىپ بېرىلىدۇ . لېكىن بۇ خىزمەت ئىجادىي جەھەتتىكى خىزمەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ يەنىلا ھەقىقىي .

9 . ئادەم خۇددى قومۇلۇق ساھىلىدا ئاياغ ئىزىنى قالدۇرغانغا ئوخشاش ، بىزنىڭ ئىلگىرىكى ئاشكارا ئېڭىمىزدا پەيدا بولغان ھەر بىر شەيئى ئەڭ ئاخىرىدا بىزنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىمىزدا ئىز قالدۇ-رۇپ . بىر خىل قېلىپ بولۇپ شەكىللىنىدۇ . كىشىلەر ئۆزىنىڭ يارىتىش ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىپ بۇ خىل قېلىپنى ئۆزگەرتىدۇ . ئۇنى بىزنىڭ تۇرمۇش ۋە مۇھىتىمىزدا قوللىنىدۇ . ئۇنى بىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قورالغا ئايلاندۇرىدۇ .

10 . لېكىن تەپەككۇر دەل بىر خىل ئىجاد قىلىش جەريانى بولغانلىقى يەنە كېلىپ زور بىر تۈركۈم ئادەملەر بۇزغۇنچىلىق

خاراكتېردىكى شارائىتنى يارانقانلىقى ئۈچۈن، بىزنىڭ تەپەككۇرد-
مىز قايتا تونۇلمايدۇ. بىزنىڭ تەپەككۇرىمىز باي ئەمەس، ئەكسىچە
نامرات. بىز كېسەللىك توغرىسىدا تەپەككۇر قىلىمىز ھەرگىز تەن
ساغلاملىقى ھەققىدە تەپەككۇر قىلمايمىز. ئىناقلىق ھەققىدە تەپەك-
كۇر قىلماي ئەكسىچەتوقۇنۇش ھەققىدە تەپەككۇر قىلىمىز. شۇڭ-
لاشقا، بىزنىڭ كەچۈرمىشىمىز شۇنداقلا ياخشى كۆرىدىغان ئادىمى-
مىزنىڭ كەچۈرمىشى ئەڭ ئاخىرىدا بىزنىڭ ئادەتلىنىپ قالغان
روھىي ھالىتىمىزنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ناۋادا بىز ياخشى كۆرىدى-
غان ئادىمىمىز ئۈچۈن دۇئا قىلالايدىغان ياكى قىلالمايدىغانلى-
قىمىزنى بىلسەك، ئۇلارغا ئالاقىدار بۇزغۇنچىلىق خاراكتېردىكى
ئويىمىز ئارقىلىق ئۇلارغا زىيان يەتكۈزىمىز. بىز ئەركىن ئەخلاق
ۋاستىچىسى، ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئوي ـ خىيال-
لىرىمىزنى تاللىيالايمىز. لېكىن بىز مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن نەتىجە
مەڭگۈلۈك قانۇنىيەتنىڭ كونترول قىلىشىغا ئۇچرايدۇ.

11. ئۈمىدۋارلىق زۇلمەتنى قوغلايدىغان نۇرلۇق چىراغ،
ئۈمىدۋارلىقنىڭ نۇرى قاپلىغان يەردە قورقۇش، غەزەپلىنىش،
گۇمان، شەخسىيەتچىلىك ۋە ئاچ كۆزلۈك ئىز ـ دېرەكسىز يوقى-
لىپ كېتىدۇ. بىز ئادەمنى ئەركىنلىككە چىقىرىدىغان ھەقىقەتكە
قارىتا، كىشىلەرنىڭ تونۇشى بارغانسېرى كېڭىيىپ بارىدىغانلىقىنى
ئالدىن پەرەز قىلدۇق. مەرىپەتچىلىك دەۋرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىپا-
دىلىرىنىڭ بىرى، دەل گۇمانسىراش ۋە تەۋرىنىش ئىچىدە كۆزنى
قاماشتۇرۇپ نۇر چېچىپ تۇرغان ئۈمىدۋارلىق. بۇ يېڭى دەۋرد-
كى، روشەن بىر يۈزلىنىش بولسا: كىشىلەرنىڭ مەرىپەت نۇرىغا
بولغان ئويغىنىشىنىڭ بارغانسېرى ئومۇملىشىشىدىن ئىبارەت.

12. تىلاۋەت قىلىش گۈزەل ئۈمىد ـ ئارزۇنىڭ ئىنسانىيەت
قەلبىدە ئىپادىلىنىشى، ھەم كەلگۈسىگە بولغان ئىنتىلىش ۋە پە-
لانلاش. تىلاۋەت قىلىشنىڭ قىممىتى ئاڭ پائالىيىتىنىڭ قانۇنىيە-
تى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. دۇنيادا تىلاۋەت قىلىشنىڭ قىممىتىگە
بولغان ئەڭ ياخشى شەرھلەشكە ئېرىشىش ئۈچۈن، «ۋوك ھاۋالە

مەبلەغ سېلىش فوندى ، «تىلاۋەت قىلىش »كە ئالاقىدار ئەڭ ياخشى ماقالىنى قوبۇل قىلىپ ھەمدە ئۇنى 100 ئامېرىكا دوللىرى بىلەن مۇكاپاتلاشنى ئېلان قىلغان . تىلاۋەت قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ، ماھىيىتى ۋە كۈچ ـ قۇدرىتى ، ئۇنىڭ تۇرمۇشتىكى كۈندىلىك ئىشلاردا ، كېسەللىكنىڭ ساقىيىشىدا ، ئازاب ـ ئوقۇبەت ، بەختسىزلىك ۋە دۆلەت قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان چاغدا ، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ غايىسى ۋە دۇنيانىڭ تەرەققىي قىلىشى قاتارلىق ئىشلاردىكى ئورنى ۋە ھالىتى ، تىلاۋەت قىلىشنىڭ شەخس ، دۆلەتكە بولغان رولى ۋە قىممىتىنى بايان قىلىش تەلەپ قىلىنغان .

13 . تىلاۋەتنىڭ قىممىتىدىن ئىبارەت بۇ مەسىلىنىڭ موللۇقى ۋە چېتىلىدىغان دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى بۇ پائالىيەت قىزغىن قوللاشقا ئېرىشكەن جەمئىي 1667 پارچە ماقالە قوبۇل قىلىنغان ، بۇ ماقالىلەر دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ، 19 خىل تىلدا يېزىلغان بولۇپ ، پائالىيەتنى قوزغىغۇچىلارنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن . 100 ئامېرىكا دوللىرى مۇكاپاتقا مارىلان ئىشتاتىنى بالتىمۇر شەھىرىدىكى ساموئېل ماك كوبنو دېگەن يوپ ئېرىشكەن . بۇ ماقالىلەرگە ئالاقىدار سىلىشتۇرما تەتقىقات ئەسىرى نيو ـ يورك شەھىرىدىكى مىكامىلون شىركىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان .

14 . ۋورك ھاۋالە مەبلەغ سېلىش شىركىتىدىكى داۋىد .لارسىل ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە بولغان كۆز قارىشى ۋە تەسىراتىنى سۆزلىگەندە مۇنداق دەيدۇ : «بارلىق ماقالە ئەۋەتكۈچىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، تىلاۋەت قىلىش بىر خىل ھەقىقىي ئىش بولۇپ مۆلچەرلىگۈسىز قىممەتكە ئىگە ، لېكىن ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى ، قانۇنىيەتنى ئىشلىتىدىغان كونكرېت ئۇسۇلنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ماتېرىيال ناھايىتى ئاز . » لارسىل ئۆزى تىلاۋەتكە جاۋاب قايتۇرۇشتا چوقۇم تەبىئىي قانۇنىيەت رول ئوينايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ . ئۇ «بىز ھەممىمىز ، تەبىئەت قانۇنىيىتىدىن مۇۋاپىق پايدىلانغان ۋاقىتتا ، كىشىلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىـ

نىڭ چوقۇم ئۇنىڭ شارائىتىنى چۈشىنىدىغانلىقىنى، ھەمدە ئۇنىڭ تەرتىپىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغانلىقىنى ياكى كونترول قىلىدىغانلىقىنى بىلىمىز. ئاڭنى تەۋەللۇت قىلىدىغان ئەقلىي ئىقتىدار ئاڭ قانۇنىيىتى ساھەسىنى ئاشكارىلايدۇ.)

15. ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، تىلاۋەت قىلىش ئىدىيە ۋە ئاڭ كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. تىلاۋەت قىلىش بولسا سەممىي تىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئەكس ئەتكەن ئوي ـ پىكىر. مۇتلەقلەشتۇرۇش ھەقىقەتنىڭ بايان قىلىنىشى، ئۇ ئېتىقادنىڭ كۈچلەندۈرۈلۈشىگە ئىگە بولىدۇ. تىلاۋەت قىلىش ۋە مۇتلەقلەشتۈرۈش ئىجادىي ئىدىيەنىڭ بىردىنبىر ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئەمەس. ئېتىقاد باشقا بىر خىل كۈچلۈك ئىدىيە شەكلى، ئۇ بويسۇندۇرغۇسىز دەرىجىدە ئۆزگىرىدۇ. چۈنكى، «ئىشەنچ ئۈمىد قىلغان ئىشنىڭ مۇستەھكەم ئاساسى، كۆرمىگەن ئىشنىڭ ھەقىقىي دەلىلى.» بۇنىڭ ماھىيىتى دەل ئاڭنىڭ ماھىيىتى. ئەمەلىيەتتە ياراتقۇچى ۋە يارالغۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىز مەسئۇلىيەت ئېڭىنىڭ تۇرتكىسىدە ئۆزىمىز ئىگە بولغان مەنىۋىيەتنى مۇكەممەل ئىپادىلەشكە ئېرىشىمىز.

16. ناۋادا بىز مەلۇم نەرسىگە ئېرىشىش ياكى مەلۇم ئىشنى قىلىش مەقسىتىدە تىلاۋەت قىلغان بولساق، پەقەت مۇۋاپىق شەرت ـ شارائىت قاندۇرۇلسىلا، ئۇ چوقۇم ئىجاۋەت بولىدۇ. ھەر بىر تەپەككۇر يۈرگۈزگۈچى چوقۇم تىلاۋەتنىڭ ئىجابەت بولۇشىغا قارىتا، ھەممىگە قادىر ئىقتىدارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىسپاتلىنىشىنى، بارلىق شەيئى، بارلىق ئادەملەرنىڭ بۇ خىل ئومۇميۈزلۈك ئىقتىدار ناھايىتى جىددىي ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك. بۇ شۈبھىسىزدۇر بولمىسا ئالەم قالايمىقان بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا، تىلاۋەتنىڭ ئىجابەت بولۇشى قانۇنىيەتنىڭ كونترول قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. بۇ قانۇنىيەت ئېنىق، توغرا ۋە ئىلمىي، خۇددى يەر يادروسىنىڭ تارتىش كۈچى ۋە توك ئېقىمىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئوخشاش.

بارلىق كۈچ ـ قۇدرەت بارلىق ئاجىزلىقتا ئوخشاش خاسلىقنى مەنبە قىلىدۇ. بارلىق مەغلۇبىيەت ۋە ئۇنىڭ سىرىمۇ ئوخشاشلا قەلبتىن كېلىدۇ. بارلىق ئۆسۈپ ـ يېتىلىش قەلبنىڭ كېڭىيىشىگە باغلىق.

17. نەچچە ئەسىر ئىلگىرى، بەزىلەر بىز چوقۇم «ئىنجىل» بىلەن گالىلېي ئوتتۇرىسىدا تاللاش ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك دەپ قارىغان، 100 يىل ئىلگىرى، بەزىلەر بىز چوقۇم «ئىنجىل» بىلەن دارۋىننىڭ ئىچىدىن بىرىنى تاللىشىمىز كېرەك دەپ قارىغان، خۇددى لوندون سان ـ پاۋلو چېركاۋىدىكى باش ئېپىسكوپ R. W ئىنگىرنىڭ ئېيتقىنىدەك: «تەربىيە كۆرگەن ھەر بىر ئادەم جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنىڭ مۇستەھكەم ئورنىتىلغانلىقىنى، بۇنىڭ قەدىمكى ئىبرانىلار بابىلونلىقلاردىن ئۆگەنگەن رىۋايەتكە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بىز ھازىرقى زامان تەتقىقاتىنىڭ توغرا نەتىجىسىنى رەت قىلمىساق، ئېتىقادىمىزنى ھەرگىز خۇراپاتلىق ئۈچۈن دوغا تىككىمىز كەلمەيدۇ.

18. مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئىقتىدار ياكى تەپەككۇر چوقۇم بارلىق ھالەتلەرنى ياراتقۇچى، بارلىق ئېنېرگىيەلەرنى باشقۇرغۇچى، بارلىق ئەقىل ـ پاراسەتلەرنىڭ مەنبەسىدۇر.

19. ناۋادا بىز ئىدىيەنىڭ ئىجادچانلىقتا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلمىسەك، بىزدە بەلكىم بۇزغۇنچىلىق، نادانلىق، كېسەللىك ھالىتىدىكى ئوي ـ پىكىر بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئەڭ ئاخىرىدا مۇشۇ ئوي ـ پىكىرلەردىن تۇغۇلغان ھالەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ، لېكىن قانۇنىيەتنى چۈشىنىش ئارقىلىق، بۇ جەرياننى ئەكسىگە قايتۇرغىلى، بۇ ئارقىلىق ئوخشىمايدىغان نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

20. ئىنسانلار ياشاۋاتقان ئالەم ھەرگىز قالايمىقان ئەمەس، بەلكى بەزى قانۇنىيەتلەر تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدۇ، سەۋەب ـ نەتىجە قانۇنىيىتى بۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم قانۇنىيەت. نەتىجە

بولغان ئىكەن چوقۇم ئۇنىڭ سەۋەبى بولىدۇ ، ئوخشاش شارائىت
ئاستىدا ، ئوخشاش سەۋەب ئوخشاش نەتىجىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ ،
شۇڭلاشقا ، ئوبيېكتىپ تىنىچلىق سۇبيېكتىپ تىنىچلىقنىڭ نەتى-
جىسى ، سىرتقى ئىناقلىق ئىچكى ئىناقلىقنىڭ نەتىجىسى ، «ئادەم
هەرگىز تىكەن ئارىسىدىن ئەنجۈرنى ، ئوغرى تىكەن ئارىسىدىن
ئۈزۈمنى ئۈزمەيدۇ» .
21 . باشقا خىل بەختنى يارىتىش ئۈچۈن ، پۈتۈن كۈچى
بىلەن سۆيۈنۈپ تۇرۇپ يېڭى هەقىقەتنى قوبۇل قىلىش كېرەك ،
ئۈمىدنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ، بوران - چاپقۇندىن كېيىنكى تىنچ-
لىقنى ، زۇلمەت - قاراڭغۇلۇقتىن كېيىنكى تاڭ نۇرىنى كۆرەلە-
شى كېرەك . بۇ دەل ئىلمىي قائىدە .
22 . قارىماققا ئانچە مۇۋاپىق بولمىغان ئىشتۇر ، دەل بىزنىڭ
مۇمكىنچىلىكىنى تونۇشىمىزغا پايدىلىق بولغان ئىش . بىز چوقۇم
ئالدىنقىلار بېسىپ باقمىغان ئىدىيە يولىدا مېڭىشىمىز ، كۆز يەتكۈ-
سىز قوملۇقتىن هالقىپ ، «خۇراپاتلىقنىڭ پاتقىقى» ئۆتۈپ ، ئۆرپ
- ئادەت ۋە قائىدىلەرنىڭ چوققىسىغا يامىشىپ ، خىلمۇخىل قىيىن-
چىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارنى يەڭگەندە ، ئاندىن ئارزۇيىمىزدىكى
«بەخت - سائادەتلىك پاراۋان ماكان» غا كېرەلەيمىز .
23 . شۇڭلاشقا ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق پەقەتلا بىزنىڭ
تەپەككۇر ۋە هەرىكىتىمىزنىڭ نەتىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان
قارىمۇقارشى ئىككى كەسپىي ئاتالغۇ سۈپىتىدە قارىلىدۇ . ناۋادا بىز
ئىجادىي ئوي - پىكىردە بولساق ، نەتىجىسى بىزنى ۋە باشقىلارنى
نەپكە ئېرىشتۈرىدۇ ، بۇ خىل پايدىلىق تەرەپنى بىز «ياخشىلىق»
دەپ ئاتايمىز ؛ ناۋادا ، بىز بۇزغۇنچىلىق خاراكتېردىكى ئىدىيەدە
بولساق ، نەتىجىدە ئۆزىمىز ۋە باشقىلارغا ياخشى بولمىغان ئاقىۋەت-
نى ئېلىپ كېلىمىز . بۇ خىل ناچار ئاقىۋەتنى بىز «يامانلىق» دەپ
ئاتايمىز . خۇددى بىز توكنىڭ قانۇنىيىتىنى چۈشىنىپ ، توكتىن
پايدىلىنىپ يورۇقلۇق ، ئىسسىقلىق ۋە كۈچ هاسىل قىلغانغا ئوخ-
شاش . ناۋادا بىز توكنىڭ قانۇنىيىتىگە سەل قارىساق ياكى قانۇند-

يىتىنى بىلمىسەك ، ئاقىۋەت ئۆزىمىز ۋەيران بولىمىز . ئالدىنقى ئەھۋال ئاستىدا ، كۈچ ياخشىلىق ئەمەس ، كېيىنكى خىل ئەھۋالدا ئۇ يامانلىقمۇ ئەمەس . ياخشىلىق ياكى يامانلىق ئىكەنلىكى بىزنىڭ قانۇنىيەتكە بولغان چۈشىنىشىمىز تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ . ئادەم نېمە تېرىسا شۇنى ئالىدۇ .

24 . ئىنسانلار مۇھەببەت ھاسىل قىلىدىغان ماشىنا ، مۇھەببەت ھېسسىياتىنىڭ مەھسۇلى ، يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ھەرىكىتى بولۇپ ، ئۇ پۈتۈنلەي ئىختىيارسىز ھالەتتىكى نېرۋا سىستېمىسىنىڭ كونتروللۇقىدا بولىدۇ . مۇشۇ تۈپەيلىدىن ، ئۇنى قوزغىتىدىغان سەۋەب بولسا ھەم ئەقىللىي ، ھەم ئەقلىي ئىقتىدارلىق بولمايدۇ . ھەربىر سىياسىي ئىغۋاگەرچى ۋە دىنىي قايتىدىن گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ جارچىلىرى بۇ قائىدىدىن پايدىلىنىدۇ . ئۇلار ناۋادا كىشىلەرنىڭ كەيپىياتىنى قوزغىتالىسا ئۇلار ئارزۇ قىلغان نەتىجىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ . ئۇلار بۇنى بىلىدۇ . شۇڭلاشقا ، ئىغۋاگەرچىلەر دائىم ئاممىنىڭ قايناق ھېسسىياتى ۋە بىر تەرەپلىمە قارىشىدىن پايدىلىنىدۇ ، ھەرگىز ئەقەللىي ئىش قىلمايدۇ . دىنىي قايتىدىن گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ جارچىلىرى دائىم مۇھەببەتنىڭ تەبىئىيىتىدىن پايدىلىنىپ ھېسسىياتقا مۇراجىئەت قىلىدۇ ـ يۇ ، ئىدراكقا مۇراجىئەت قىلمايدۇ . ئۇلار ھېسسىيات قوزغىتىلغان ۋاقىتتا ، ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ ئاجىزلىشىدىغانلىقىنى بىلىدۇ .

ئىدىيەنىڭ ئۆزگىرىش مەغلۇبىيەتنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى . جاسارەت ، كۈچ ـ قۇدرەت ئىلھام ، ئىناقلىق قاتارلىق ئامىللار ئىلگىرىكى مەغلۇبىيەت ، ئۈمىدسىزلىك ، ھارغىنلىق ۋە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنىڭ ئورنىنى ئېلىپ ، قەلبتە ئاستا ـ ئاستا يىلتىز تارتىدۇ . بەدەن توقۇلمىلىرى شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىش ياسايدۇ . يەككە ھاياتلىق يېڭى يورۇقلۇقنىڭ نۇرىغا چۈمۈلىدۇ ، بىزمۇ شۇنداقلا يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشىمىز .

25 . بۇ يەردە بىز ، پۈتۈنلەي قارىمۇقارشى ئۇسۇل ئارقىلىق

ئوخشاش ئۇنۇمگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۇق، بۇنىڭ بىر خىلى ئۆچمەنلىك، ئۆچ ئېلىش، سىنىپىي چەتكە قېقىش ۋە ھەسەت-خورلۇقتۇر، يەنە بىر خىلى مۇھەببەت، مۇلازىمەت قىلىش، ئۇنىڭ ۋە خۇشاللىقىغا مۇراجىئەت قىلىش، لېكىن قائىدىسى ئوخشاش ئۇسۇلىنىڭ بىر خىلى جەلپ قىلسا، يەنە بىر خىلى چەتكە قاقىدۇ؛ بىر خىل ئۇسۇل ئىجاد قىلىش تىپىدە بولسا، يەنە بىر خىل ئۇسۇل بۇزغۇنچىلىق خاراكتېردە بولىدۇ؛ بىر خىل ئۇسۇل ئىجابىي بولسا يەنە بىر خىل ئۇسۇل سەلبىي بولىدۇ. كۈچ - قۇدرەت، ئۇسۇل ئوخشاش بولسىمۇ، ئوخشىمىغان مەقسەت ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. مۇھەببەت بىلەن نەپرەت پەقەت ئوخشاش بىر خىل كۈچ - قۇدرەتنىڭ قارىمۇقارشى ئىككى قۇتۇپىدۇر، بۇ ئېلېكتىر كۈچى ياكى باشقا كۈچنىڭ ھەم يامان مەقسەت ھەم ئىجادىي مەقسەت ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنىگە ئوخشاش.

**مەجمۇئە ئىسمى:** جۇڭگو ـ چەت ئەل مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىش
**كىتاب ئىسمى:** دۇنيادىكى ئاجايىپ 24 ساۋاق (2)
**ئاپتورى:** چارلىس ھاننېل [ئامېرىكا]
**تەرجىمە قىلغۇچى:** مېھرىبان مەمتىمىن
**پىلانلىغۇچى:** ئەركىن ئىبراھىم پەيدا
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** دىلنۇر ئابدۇراخمان
**تەكلىپلىك مۇھەررىرى:** ئەركىن ئىبراھىم پەيدا
**مەسئۇل كوررېكتورى:** مەرھابا مۇھەممەت
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
**مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى:** زۇلقەر لايىھەچىلىكى
**نەشرىيات:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830000
**تېلېفون:** 0991−8888763
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**زاۋۇت:** ئۈرۈمچى خاۋكۇن رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
**فورماتى:** 880×1230 م م 1/32
**باسما تاۋىقى:** 6.5
**نەشرى:** 2010 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2011 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-80744-966-9
**ئومۇمىي باھاسى:** 56.00 يۈەن (ئۈچ قىسىم)